# BULAK



# بۇلاق

3

2000 源泉

ISSN 1005-0876

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

طرفیده جنگ خونریزلق بولغای والله اعلم
آیدا کوندوز بیر تبراسه حیواناتغه
اولوم کرکای مال نینک کوشتی نی یکان
لارغه اغریغی توشکای اگرکیجه تبراسه
بولاق لار اچیلیب شول ییلی خوشلیغ لیق
تولا بولغای آیدا کوندوز بیر
بیر تبراسه خلق حرکت فاجعه غه توشکای
اگرکیجه تبراسه پادشالارغه تعزیت
یتکای باغ لارغه آفت یتکای میوه
لارغه

لارغه قوروت یتکای آیدا
کوندوز بیر تبراسه شول ییلی جانورکم بولور
سنکای رکم بولور اگرکیجه تبراسه علّت
کم بولغای آشلیق قیمت بولغای
خلق غه قورقونچ اولوم بولغای آیدا
کوندوز بیر تبراسه خلق غه آفت یتکای
اگرکیجه تبراسه جنگ فساد تولا بولغای
خلق تولا هلاک بولور حیوانات غه هم نقصان
یتکای آیدا کوندوز بیر تبراسه

اقلیم لارغه آفت یتکای والله اعلم

عشور آیدا کوندوز بیر تبراسه ویرانلیق
فرسیتانلیق بولور اگرکیجه تبراسه
یورت بوزولور آیدا کوندوز بیر
تبراسه خلق غه قایغو یتکای
حیواناتقیمت بولور اگرکیجه تبراسه

بلگیم دوشنبه کوجا رننک احکامی
کیم کوجار او کزلکای انینک مالی
سه شنبه ایرور بغایت خوب
پادشالاردین کورور عنایت کوب
چهارشنبه کوچسه مرادی حاصل دور
کوچکوچی نینک غایب حاضر دور
پنجشنبه کوچاردین ایله حذر
ورنه مالینک بولغوسیدور خطر
خوب ایماسدور کوچارکه آدینه

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

21 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 72 - سان

2000

باش مۇھەررىر:  ئابلەت ئىمىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:  مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل مۇھەررىر:  پەرىدە ئىمىن

# بۇلاق

## 2000 - يىللىق 3 - سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن


تارىخى رەشىدىي ........................ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مىرسۇلتان ئوسمانوف


### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


سائەتنامە ........................................ (31)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرىدە ئىمىن


### تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى


بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى ................ ھېرمان ۋامبېرى (47)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: باۋۇدۇن نىياز
قەدىمكى جۇغراپىيىلىك تارىخىي ئەسەر «ھۇدۇدۇلئالەم» ................ (56)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلەت نۇردۇن


### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


چۆچەكلەر ........................................ (81)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھۇسەيىن كېرىم
لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى ................................ (87)
توپلاپ رەتلىگۈچى: مويدىن سايىت


### مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر


ھايات بېغى (پوۋېست) ........................ ل. بات (91)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: جېلىل مۇھەممەت

## مەشھۇر شەخسلەر

«گۈلزارى بىنىش» تىكى ناقىس ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ··· پەخىرىددىن ئىمىن(95)

## مەشھۇر ئەسەرلەر

«سائەتنامە» ھەققىدە ....................................... پەرىدە ئىمىن(104)

## ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتى

قەدىمكى كۇسەننىڭ ئاھالىسى توغرىسىدا ..................... رەيھانگۈل قۇربان(109)

*　　*

خەتتات: نىياز كېرىم شەرقى
نەققاش: تۇردى قادىر نازىرى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئالىمجان ئابباس

*　　*

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: ناقىسنىڭ يېقىندىن سىزىلغان پورتىرتى. (رەسسام: ئېلشات تۇرسۇن).
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدە: «سائەتنامە» نىڭ قولىيازمىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەتلەر.
مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى بېتىدە: تەكلىماكان مەنزىرىلىرى، (ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى).
مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە: كىتابپۇرۇش بوۋاي، (جېلىل مۇھەممەت فوتوسى).

# تارىخى رەشىدى

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

### موللا مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مىرسۇلتان ئۇسمانوف

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل:

## ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ئەمىر ھاجى بارلاس بىلەن مەسلىھەت قىلغانلىقى ۋە جەيھۇن دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىن يانغانلىقى، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەمىرلىرى بىلەن ئۇچراشقانلىقى

ھەممىگە قادىر ۋە ھېكمەت ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس تەڭرىنىڭ يۈكسەك ھېكمىتى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى بىر سەۋەبنىڭ تۇغۇلۇشىغا قاراشلىق قىلىپتۇ ۋە ھەر مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى بىر ۋاستە ئارقىلىق يەنە بىر سەۋەبكە باغلىق قىلىپتۇ. تەڭرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ كۆلەڭگىسى ھېسابلىنىدىغان سۇلتانلىقنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى ئىنساننىڭ ياخشى خىسلەتلىرىدىن ئىككى خىسلەتكە باغلاقلىقدۇر. ئۇنىڭ بىرىنچىسى پارلاق چۈشەنچە بولۇپ، ھادىسلەرنىڭ كېچىسى قاراڭغۇ بولسا، ئۇنىڭ يورۇتۇشى بىلەن نىجاتلىق پاناھگاھىغا يول تېپىلىدۇ. نەزم:

بىرۇر راي بىرلە لەشكەرنى بەرھەم،<br>
كېسەر شەمشىير بىردىن يۈزگە يا كەم.

ئىككىنچىسى، تولۇق غەيرەتكە كېلىش بولۇپ، جەڭ ۋە قارىمۇ قارشىلىقلار ئەۋج ئالغاندا، ھىممەت ۋە جۈرئەت قىلىش ئارقىلىق پۈت تىرەپ چىدامىلىق كۆرسەتكىلى بولىدۇ. نەزم:

ئۇشۇل ۋەقتىكىم بولسە ئەھۋال تەڭ،<br>
كېرەك مەردلەرگە سۇباتۇ دەرەڭ.

تۇتقان ئورنىدىن قارىغاندا، پارلاق چۈشەنچە قەھرىمانلىقتىن ئەۋزەل ۋە ئالدىدا تۇرىدۇ، پايدىلىق تەدبىرنىڭ پايدىسى قىلىچنىڭ كەلتۈرىدىغان پايدىسىدىن كۆپ ۋە تولۇق بولىدۇ.

تىغ گەرچە ئۇنىڭ تىلىنىڭ كەسكىن بولۇشىدا بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن پەتھ ـ نۇسرەت مۆجىزىلىرىنى چۇشەنچىنىڭ يولىيۇرۇقىدىن ئۆگىنىدۇ. نەيزە گەرچە جەڭ مەيدانىدا خۇددى چىراقتەك پارقىراپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ غەلىبە نۇرى توغرا چۇشەنچىنىڭ يورۇتۇشى ئارقىلىق چېچىلىدۇ؛ قىلىچنىڭ هۆكۈمى گەرچە كېسىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ توغرا چۇشەنچىگە ئۇيغۇن بولغاندا، ئاندىن دۇشمەننىڭ بوينى ئۇ هۆكۈمنى قوبۇل قىلىدۇ؛ ئوقنىڭ خەۋپى ئەگەر تەدبىر بىلەن ئېيتىلغان بولسا، دۇشمەننىڭ كۆڭلىگە ئورۇنلىشىدۇ؛ ئىقبال كۆزىنىڭ روشەنلىكى جەڭ مەيدانىنىڭ توپا ـ چاڭلــىرىدىن ئۈستۈندۇر؛ جەڭ مەيدانىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا پارلاق چۇشەنچىنىڭ نۇرى يول كۆرسىتىدۇ. نەزم:

ئىشىكىم ئەتتى لەشكەرى بىهىساب،
قىلالماس قىلۇرلەيك رايى سەۋاب.

بۇنىڭ بىر دەلىلى شۇكى، ئەمىر هاجى بارلاس جەتە لەشكەرلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن قورقۇپ، قەدىمىي يۇرتىنى تاشلاپ، خۇراسانغا قاراپ ماڭدى ۋە چۆلدىن ئۆتۈپ جەيهۇن دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا يەتتى. نەزم:

جەهاندارى جەم قىلۇر گەردۇن شۇكۇھ،
قىيامەت نەهىيبۇ ستارە گۇرۇھ.
فەلەكنى قەدرى تۆمۇر دەريا نەۋال،
كى بولغاي ئاڭا رەهمەتى زۇلجەلال.

هەزرىتى ساهىبقىران ئەگەر بۇنىڭدىن ئارتۇق سەۋر ـ تاقەت قىلسا، ۋەتەن بىراقلا ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ۋە ئاتا مىراسى بولغان زېمىنىنىڭ بىر چۆلگە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدى. چۈنكى، شۇ يىلى ئاتىسى ئەمىر تورغاي هەق تائالانىڭ رەهمىتىگە ئۇلاشقان ئىدى. نەزم:

ئاتا غايىبۇ غەم گۇرىزان ئىدى،
ئەدۇۋدىن ۋىلايەت فەرىيشان ئىدى.
مۇخالىف مۇسەللەت، ئۇلۇستا خەتەر،
ئاچىبان ئۇقابى بەلا بالۇپەر.

بۇ چاغدا هەزرىتى ساهىبقىراننىڭ مۇبارەك يېشى تېخى يىگىرمە بەشتىن ئاشمىغانىدى، نۇرلۇق قەلبىنىڭ ئەينىكى تېخى هاياتلىق تەجرىبىلىرى ئارقىلىق جۇلالانمىغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، تەڭرىنىڭ يار ـ يۆلەك بولۇش نۇرىنىڭ چۈشۈش ئورنى ۋە تەڭرىنىڭ چەكسىز ئىنايەت سىرلىرىنىڭ كېلىدىغان ئورنى بولغان، مۇشكۇللۇكلەرنى بىر تەرەپ قىلىــش چۈشەنچىسى بىلەن ئۇ قورقۇنۇچلۇق ۋاقىئەنى هەل قىلىشقا مەشغۇل بولدى. ۋە ئادىتى بويىچە «ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن»[1] دېگەن ئايەتكە ئەمەل قىلىشنى لازىم تۇتۇپ، مەسلىهەت يولى بىلەن ئەمىر هاجى بارلاسنىڭ كۆڭلى سەھىپىسىگە مەملىكەت ئەگەر هاكىمسىز قالسا،

[1] «قۇرئان كەرىم» 3 ـ سۈرە، 159 ـ ئايەت.

ئەلۋەتتە ئۇ مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتىدە زور زىيانلار يۈز بېرىدىغانلىقى، ئۇ مەملىكەتتە ياشاۋاتقان خەلقنىڭ دۈشمەنلەرنىڭ زۇلمى ۋە زىيانداشلىقى تۈپەيلىدىن پۈتۈنلەي ۋەيران بولىدىغانلىقىنى ئايان قىلدى. نەزم:

مۈلكى بىسەر چۈن تەنى بىجان ئېرۇر،
باشى يوق تەن ھالى كۆپ ۋەيران ئېرۇر.

ۋە «سىز خۇراسانغا بارسىڭىز، ۋىلايەتنىڭ خاراپ بولماسلىقى، خۇدايىتائالانىڭ تاپشۇرغان ئامانىتى بولغان خەلقنىڭ قىيىنچىلىق ۋە ۋەھىمە ئىچىدە قالماسلىقى ئۈچۈن مېنىڭ كېش تەرىپىگە قايتىشىم، ئۇ يەردە خالايىقنى خاتىرجەم قىلىپ، ئاندىن خاننىڭ خىزمىتىگە بېرىشىم ۋە ئەمىرلەر، دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن كۆرۈشۈشۈم توغرا كۆرۈنىدۇ» دېدى. ئەمىر ھاجى بارلاسمۇ تەڭرى ئىلھامىنىڭ نەتىجىسى بولغان بۇ پىكىرلەرنىڭ سائادەتلىك پۈرىقى دىمىقىغا يېتىشى بىلەن بۇ پىكىرلەرنى ئالقىشلىدى ۋە قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ساھىبقىران دۆلەت تىزگىنىنى ۋىلايەت تەرىپىگە بۇراپ يولغا راۋان بولدى. خوزار دېگەن يەرگە يېتىش بىلەن توپ - توپ جەتە لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىۋاتقان ھاجى مەھمۇد شاھ يەسۇرىينى كۆردى. ئۇلار بۇ ۋىلايەتلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش تەمەسىدە چىشلىرىنى بىلەپ، تويمايدىغان ئارزۇ قاپلىرىنى ئۇ ۋىلايەتلەرنىڭ ماللىرى بىلەن تولدۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتاتتى. ھەزرىتى ساھىبقىران كۈندىن كۈنگە ئېشىۋاتقان بەخت - سائادىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلارنى توختاتتى ۋە شۇنداق دېدى: «سىلەر بىر ئاز توختاپ تۇرۇڭلار، مەن بېرىپ ئەمىرلەر بىلەن كۆرۈشەي ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىشقىلىپ سىلەرگە ياخشى ھەدىيىلەر تەقدىم قىلىنىدۇ» دېدى. ئۇ زاتنىڭ بۇ سۆزلىرى پۈتۈنلەي پەلەكتىن كەلگەن ئىلھام ئارقىلىق ئېيتىلغانىدى. شۇڭا، بۇ پىكىرنى تەقدىرنىڭ ھۆكۈمىدەك بىلىپ، ھېچقانداق رەت قىلىشقا پېتىنالمىدى. گەرچە ئۇلار چوقۇم ۋىلايەتكە بېرىشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ رايىغا بېقىپ شۇ يەردە توختاشتى. ھەزرىتى ساھىبقىران سائادەت بىلەن يولغا راۋان بولۇپ، كېشكە يېتىپ كەلدى. جەتە ئەمىرلىرىمۇ ئۇلىشىپلا ئۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى. ھەزرىتى ساھىبقىران ئۈچ ئەمىر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار ئۇنىڭ پېشانىسىدە تەڭرىنىڭ نۇرىنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ تەشرىپ قەدەم قىلغانلىقىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى ۋە خانغا ئىتائەت قىلغانلىقىنى مەدھىيىلىدى ھەم ئەمىر قاراچار تۈمەننى، كېش ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلارنىڭ باشلىقلىقىنى ئۇنىڭغا بېرىشنى قارار قىلدى. ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرى بىلەن ئۇ مەملىكەتكە يۈزلەنگەن زۇلۇم ۋە بالا كەلكۈنى ئارقىسىغا ياندى، ئۇ ۋىلايەت خەلقى ئۈمىدىنى ئۈزگەن لۇتپ ۋە ئېھسان يامغۇرى يېغىشقا باشلىدى ۋە نەزم:

لۇتفۇڭ بىلە غەم چۇ شادمانى بولادۇر،
باقساڭ داغى ئۆمر جاۋىدانى بولادۇر.
باد[1] ئاتسا دەۋزەخ سارى كويۇڭدىن خاك،
دەۋزەخ ئوتى ئابى زىندەگانى بولادۇر.

[1] بۇ سۆز موللا نىياز نۇسخىسىدا «ياد» يېزىلغان، مەنە ئېتىبارى بىلەن «باد» ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com



دېگەندەك بولدى.

يىراقنى كۆرەلمەيدىغانلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشىچە، بۇ ھەزرىتى ساھىبقىرانغا كەلگەن زور بىر ئامەت ئىدى، لېكىن تەقدىر مىڭ تىل بىلەن «قانداق بولۇشقا تېگىشلىك بولسا شۇنداق بولدى» دەيتتى. نەزم:

بويۇڭنى ھەنۇز قىلمادى فاش سەبا،
تا بادى سەبا كەلگۈچە تۇرغىل بەرجا.

شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ساھىبقىران جەتە ئەمىرلىرىنىڭ يېنىدىن ياندى ۋە ئىلتىپات سايىسىنى ئۇلۇسىنىڭ مۇھاپىزىتى ۋە باشقۇرۇشىغا قاراتتى ھەم شەھرى سەبزىدىن تاكى جەيھۇن دەرياسىنىڭ لېۋىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئەسكەر توپلاشقا بۇيرۇق قىلدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا چەكسىز لەشكەر توپلاندى، ئۇ يەردىن مېڭىپ ئەمىر خىزىر يەسۇرىيگە قوشۇلدى. بۇ ئارىلىقتا جەتە ئەمىرلىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدى. ئاندىن ھەزرىتى ساھىبقىران ئۆزىنىڭ پۈتۈن لەشكەرلىرى بىلەن ئۇ يەردىن كۆچۈنۈپ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى، ئەمىر بايزىد جالايىر ئۆز تەۋەلىكىدىكىلەر بىلەن ھەزرىتى ساھىبقىران ۋە ئەمىر خىزىر يەسۇرىيگە قوشۇلدى.

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل:

## تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ماۋەرائۇننەھر ۋىلايەتلىرىگە ئىككىنچى قېتىم ئەسكەر ئەۋەتىشى[1]

ماۋەرائۇننەھر ۋىلايىتىگە ھۆكۈمدار بولۇش ئارزۇسى ئىككىنچى قېتىم تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ غەيرەت ئېتىكىنى تارتقانلىقتىن تۇغلۇق تۆمۈرخان سان - ساناقسىز ئەسكەر توپلاپ تارىختا 762 - يىلى (مىلادىيە 1361) يەنى ئۇي يىلى جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىدا ئۇ ۋىلايەتكە قاراپ يولغا چىقتى. خوجەند دەرياسىغا يېتىپ بېرىشى بىلەن ئەمىر بايزىد جالايىر ئىتائەت كەمىرىنى بېلىگە باغلىدى ۋە ئەمىر بايان سۇلدۇزمۇ ئىتائەت رەسمىيىتىنى قىلىپ، قارشى ئېلىش يۈزىدىن سەمەرقەندكىچە كەلدى. ئەمىر ھاجى بارلاس ئالدىنقى قېتىمدا قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بۇ قېتىم تەۋەككۇل قىلىپ خاننىڭ ئالدىغا كەلدى. شۇ ئەسنادا خان ئەمىر بايزىدنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە ئەمىر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەمىر ھاجى بارلاسنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنۇچ چۈشۈپ، قېچىپ كېش ۋىلايىتىگە كەتتى، ئۇ يەردىن ئۆزىنىڭ ئۇلۇسىدىن بىر قىسمىنى كۆچۈرۈپ جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ چاغدا جەتە لەشكەرلىرىدىن بىر قىسمى ئەمىر ھاجى بارلاسنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىشتى. ئارىدا جەڭ بولۇپ، جوغام بارلاس ئۆلتۈرۈلدى، ئەمىر ھاجى بارلاس بولسا خۇراسانغا قاراپ يولغا چىقتى ۋە سەبزەۋار ۋىلايىتىدە جۇۋەين كەنتىگە قاراشلىق خاراشە ناملىق يېزىغا يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇ يەردىكى بىر مۇنچە يۈگەنسىز، توپىلاڭچى ئۇنسۇرلار ئۇنى ئىنىسى ئىدىكۇ بارلاس بىلەن تەڭ تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشتى. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي جاھاننى بويسۇندۇرغۇچى ھەزرىتى ساھىبقىران خۇراساننى قولغا كىرگۈزگەندە، ئەمىر ھاجى بارلاسنىڭ ئىنتىقامى

① بۇ ماۋزۇ موللا نىياز نۇسخىسىدا يېزىلماي، ئورنى ئاق قالدۇرۇلغان. باشقا نۇسخىلاردىن ئېلىپ قويۇپ قويۇلدى.

ئۇچۇن ئۇ بىر بۆلەك يوگەنسىز، توپىلاڭچى ئۇنسۇرلارنى غەزەپ تىغى بىلەن بىت - چىت قىلغاندىن باشقا، مەزكۇر يېزىنى ئەمىر ھاجى بارلاسنىڭ ئەۋلادىغا ئىنئام قىلىپ بەردى. تا ھازىرغىچە ئۇ يېزا ئاھالىسى ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ كەلمەكتە. جەتە ئەمىرلىرىدىن كوركنوت[1] ئۇلۇغلىرىدىن بىرى بولغان ئەمىر ھەمىد ئۆز تەئەللۇقلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەقىل ۋە پاراسەتتە يېتۈكلۈكى جەھەتتىن داڭلىق ئىدى، خاننىڭ ئالدىدىمۇ ئۇنىڭ گېپى ئۆتەتتى، خانغا بەرگەن ياخشى نىيەتلىك پىكىر - نەسىھەتلىرى رەت قىلىنمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەمىر ھەمىد ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىدىن خانغا ئازدۇر - كۆپتۇر بايان قىلدى ۋە مىراس تەرىقىسىدە ئەمىر ساھىبقىرانغا تېگىشلىك بولغان ئۇ ۋىلايەتلەر ھەققىدە كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆتۈندى. خان ساھىبقىراننى ئۆز يېنىغا چىللاپ ئەلچى ئەۋەتتى. ھەزرىتى ساھىبقىران خاننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن خاننىڭ ئالدىغا كەلدى. خان ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە كېش ۋىلايىتى بىلەن ئۆز تۇمەنىگە قاراشلىق بولغان ھەممىسىنى ھەزرىتى ساھىبقىرانغا ئىلتىپات قىلدى. خان ئۇ قىشلىقى ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن جەڭ قىلىش مەقسىتىدە شۇ تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئەمىر ھۈسەيىنمۇ لەشكىرىنى توپلاپ ۋەخش دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا كېلىپ، شۇ يەردە لەشكەرگاھ قۇردى. خان دەربەندى ئاھەنىن (تۆمۈر دەرۋازا - ت) دىن ئۆتۈپ، ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىشى بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى بىر - بىرلىرىنى كۆرۈپ جەڭ ئۈچۈن سەپلىرىنى تۈزۈشتى. بۇ چاغدا كەيخۇسرەۋ خەتەلانى ئەمىر ھۈسەيىندىن يۈز ئۆرۈپ، سەپنى بۇزۇپ چىقىپ خاننىڭ لەشكىرىگە قوشۇلدى. ئەمىر ھۈسەيىن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قورقۇپ قېچىشقا باشلىدى. خان غەلىبە بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ قۇندۇزغىچە كەلدى. ئەمىر ھۈسەيىننىڭ لەشكىرى خانغا ئەل بولدى، (خاننىڭ لەشكىرى) ئۇ ئەتراپتىكى خەلقلەرنى تاكى ھىندىقۇش داۋىنىغىچە بولغان ئارىلىقتا تالان - تاراج قىلدى ۋە باھار بىلەن يازنى ئۇ ئەتراپتىكى جايلاردا ئۆتكۈزدى.

## «زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل:
## تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئۆز پايتەختىگە قايتقانلىقى

كۈز ۋاقتى كېلىشى بىلەن خان سەمەرقەندكە قاراپ يولغا چىقتى ۋە يولدا كېتىۋېتىپ ئەمىر بايانسۇلدۇزنى ئۆلۈمگە بۇيرىدى. سەمەرقەندكە يېتىپ بېرىشى بىلەن پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسى خاننىڭ قول ئاستىغا كىردى. ئەتراپتىكى ئەمىرلەر ئىلاجىسىزلىقتىن خاننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغانىدى. ئۇلاردىن قوزغىلاڭ قىلىش ئېھتىمالى بولغانلىرىنى ئۆلتۈردى، ئىشىنىشكە بولىدىغانلىرىغا مېھىر - شەپقەت كۆرسەتتى. ئوغلى ئىلياس خوجا ئوغلاننى ئۇ دىيارنى باشقۇرۇشقا بەلگىلىدى. جەتە لەشكەرلىرى ئەمىرلىرىنىڭ ھەممىسىگە بەگچەكنى باش قىلىپ ئۇنى ئىلياس خوجا ئوغلاننىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا قويدى. ھەزرىتى ساھىبقىراننى ئەتىۋارلاپ، غەمخورلۇق قىلىپ، ئوغلىنىڭ يېنىدا قويدى. خان ئۇ ئۇلۇغ ئەمىرنىڭ ئۇۋزايىدا غەيرەت ۋە ئەقىل - ئىدراك بەلگىلىرىنى پاراسەت بىلەن مۆلچەرلىگەندىن كېيىن ئۇ ئۆلكىلەرنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇشنى ساھىبقىراننىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى، ئۆزى داغدۇغا ھەم مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئۆز سەلتەنەتىنىڭ تەختىگاھىغا قايتتى.

---

[1] بۇ سۆز موللا نىياز نۇسخىسىدا «كركنوت» شەكلىدە يېزىلغان. پارىسچە نۇسخىدا «كرلكوت» يېزىلغان. بۇ يەردە موللا نىياز نۇسخىسىغا ئاساسەن ئېلىندى.

زەفەر مۇلازىمۇ نۇسرەت قەرىنۇ دەۋلەت يار،
قەۋى بەتالىمۇ فەرخۇندە پۇشتى ئىستىزھار.

گەرچە تۇغلۇق تۆمۈرخان ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىلىرىدىن يانار ۋاقتىدا ھەممە جەتە ئەمىر ۋە لەشكەرلىرىنىڭ سەركەردىلىكىنى ئەمىر بەگچەككە تاپشۇرۇپ، ئۇ مەملىكەتنىڭ ئىدارە ئىشلىرىنى ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ئوبدان چارە ـ تەدبىرلىرىگە ھاۋالە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمىر بەگچەك خاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلمىدى، جەۋر ـ زۇلۇمغا قول ئۇزاتتى ۋە يوركىنى قاپتەك قىلىپ ئىسيان قىلىشقا قەدەم قويدى. ھەزرىتى ساھىبقىران خاننىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرى جايىدا ئىشقا ئاشۇرۇلمايۋاتقانلىقى ۋە مەملىكەت ئەھۋالىنىڭ خارابلىققا يۈز تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ يۇرتلاردا تۇرۇشنى لايىق كۆرمىدى ھەم ئەمىر ھۈسەيىننى ئىزلەشكە قارار قىلىپ، يۈكسەك غەيرەت بىلەن ئۈمىد يۈزىنى يولغا قاراتتى. ئەمىر ھۈسەيىندىن ھېچ دېرەك ئالالمىغانلىقتىن ئۇنى ئىزلەپ چۆلگە قاراپ يول ئالدى.

جۈملىدىن، بۇ بايان قىلىنغان ئەھۋاللار موغۇللارنىڭ ئاغزىدا پەقەت «تاكى سەمەرقەندگىچە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قول ئاستىدا بولغانىكەن» دەپ قىسقىلا بايان قىلىنىدۇ، ئۇلار مۇندىن باشقا ئەھۋالنى بىلمەيدۇ.

يۇقىرىدا تۇغلۇق تۆمۈرخاننى خانلىققا ئولتۇرغۇزۇش ۋەقەسىدە مەلۇم بولغان ئەمىر بولاجىنىڭ[1] ئاتا ـ بوۋىلىرىغا چىڭگىزخان بەرگەن توققۇز مەنسەپ بايان قىلىنغان پۈتۈككە ئوخشاش بىر پۈتۈكنى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەمىر بولاجىغا بەرگەن ئىكەن. بۇ پۈتۈك مىراس تەرىقىسىدە پېقىر مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئائىلىسىدە ئىدى، ئۇنى پېقىر كۆرگەنىدىم. تۈركىي موغۇل[2] تىلى بىلەن قوندۇزدا پۈتۈلگەن ئىكەن. بۇنى كەلتۈرۈشتىن مەقسەت موغۇللار شۇ پۈتۈكتىن دەلىل كەلتۈرۈپ، تاكى قوندۇزغىچە خاننىڭ قول ئاستىدا بولغان ئىكەن، دەيتتى.

«زەپەرنامە» نىڭ نەقلىدىن مەلۇمكى تارىختا 764 (مىلادىيە 1362—1363) ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپات بولۇپتۇ. خاننى ئون ئالتە ياش ۋاقتىدا ئەمىر بولاجى قالماق يۇرتىدىن ئالدۇرۇپ كەلگەنلىكى ۋە بۇنىڭ موغۇللارنىڭ ئاغزىدا مەشھۇر ئىكەنلىكى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلدى. ئۇ ئون سەككىز ياشقا يەتكەندە خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ ۋە يىگىرمە تۆت ياشتا مۇسۇلمان بولۇپتۇ، ئوتتۇز تۆت ياشتا ۋاپات بولۇپتۇ. تارىختا 730 (مىلادىيە 1329 ـ 1330) ـ يىلى تۇغۇلغانىدى.

## ئىلياس خوجاخاننىڭ بايانى

بۇ ئىلياس خوجاخاننىڭ موغۇللار ئارىسىدا ھېچ نام ـ نىشانى يوق. ئاتام (ئاللا ئۇنىڭ قەبرىنى يورۇق قىلغاي) دىن ئىلياس خوجاخاننىڭ ئېتىنى ئاڭلىغىنىم يادىمدا بار. بۇ يەردە ئىلياس خوجاخاننىڭ ئەھۋالىدىن سۆزلىمىزگە مۇناسىۋەتلىك بولغىنىنى زەپەر نامەدىن ئەينەن نەقىل قىلدۇق.

① بۇ سۆز موللا نىياز نۇسخىسىدا «بولايىجى» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ.
② پارسچە نۇسخىسىدا «بعبارات مغولى ـ مۇغۇل تىلى بىلەن» دەپ يېزىلغان، موللانىياز نۇسخىسىدا «تركى مغولى مباراتى» دەپ يېزىلغان.

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل:

## ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ تالىقان ۋە بەدەخشانغا قاراپ يولغا چىققانلىقى ۋە بەدەخشان شاھلىرى بىلەن سۈلھ قىلغانلىقى

ئەمىر ھۈسەيىن ۋە ھەزرىتى ساھىبقىران قۇندۇزغا قاراپ يولغا چىقتى ۋە ئۇ يەردە ئەل بولغانلارنى جەم قىلىپ①، مەقسەت تىزگىنىنى بەدەخشان تەرىپىگە قاراتتى. تالىقانغا يېتىپ بېرىشى بىلەن ئابى شوردا بەدەخشان شاھلىرى «سۈلھ قىلىش خەيرلىك ئىش»② نىڭ تەمى بىلەن يارىشىش تامىقىنى تاتلىق قىلىپ، سۈلھ قىلىشنىـــى ئوتتۇرىغا قويىدى. قانداق بولمىسۇن، دۆلەتنىڭ ئىناقسىزلىقىغا سەۋەب بولىدىغان قورقۇنچ ۋە قارىمۇ قارشىلىقنىڭ ئاچچىق تەمى ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئاندىن كەلەك③ تەرىپىگە ياندى ۋە ئۇ يەردىن سالى سارايى تەرەپكە ئۆتۈپ خەتلانغا قاراپ ماڭدى ھەم چۆلگە كىردى، چۆلدىن ئۆتۈپ دەشتى كۆلەككە لەشكەرگاھ قۇردى. كەچ كىرىش بىلەن «كېچىنى دەم ئېلىش ئۈچۈن ياراتتۇق»④ دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكۈمى بويىچە ئارام ئالماقچى بولدى. ھەزرىتى ساھىبقىران دەم ئېلىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى يېشىپ، مۇبارەك ئاياغلىرىنى ئۆتۈكىدىن چىقىرىپ تۇرغانىدى، ئەمىر ھۈسەيىن ھەزرىتى ساھىبقىران بىلەن ئۇچراشسام، دەپ ئىلتىماس قىلىپ كىشى ئەۋەتتى. ھەزرىتى ساھىبقىران مەجلىسكە ئىلتىپات قىلدى. مەجلىسكە كىرگەنلەر ئىچىدە پولات بۇغا ۋە شىربەھراملار بار ئىدى. ئەمىر ھۈسەيىن ساھىبقىرانغا شىر بەھرام ئۈستىدىن «دۈشمەنگە يېقىن كېلىپ قالغان مۇنداق ۋاقىتتا ئۇ ئۆز ئېلى تەرەپكە كەتمەكنى ۋە ئايرىلىشنى خالايدۇ، ۋاپادارلىق ۋە ئادەمگەرچىلىك ئايىقى بىلەن مۇۋاپىقلىشىش، ماسلىشىش يولىغا ماڭمايدۇ» دەپ شىكايەت قىلدى. ساھىبقىران ئۇنى ئەيىبلەپ، جىق نەسىھەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما شىر بەھرام ئۇ نەسىھەتلەرگە «مېنىڭ كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغان قۇلىقىم يوق»⑤ دەپ جاۋاب بەردى. ئەمىر ھۈسەيىننىڭ غەزەپ ئوتى يالقۇنلاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئورۇننىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى سەۋەبلىك سەۋر - تاقەت قىلىشنى ئەۋزەل كۆردى. نەزم:

ھەرچەندكى مەرد كۆپ تەۋانا بولغاي،
ئاچچىغنى كېرەك كى گاھ - گاھى يۇتقاي.

ئاخىرى شىربەھرام مەلجان⑥ تەرەپكە راۋان بولدى. شۇ چاغدا «تۇغلۇق سۇلدۇز ۋە كەيخۇسرەۋ جەتە لەشكەرلىرىنى باشلاپ جەتە ئەمىرلىرى بىلەن كېلىۋېتىپتۇ، تۈمەكەنىڭ ئوغلى تۆمۈر، سارىق، شەنكوم، ھاجىبەگنىڭ ئىنىسى تۇغلۇق خوجا، بەگچەكنىڭ ئوغلى كۆچ تۆمۈر ۋە باشقا ھەزارە ئەمىرلىرى يىگىرمە بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن جالادىن تاكى پۇلسەنگىن (تاش كۆۋرۈك - ت) گىچە سەپ تارتىپ تۇرۇپتۇ» دەپ خەۋەر كەلدى. ئەمما، بۇ تەرەپتە ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ لەشكىرى ئالتە مىڭدىن ئارتۇق ئەمەس ئىدى. لېكىن، پاك ئېتىقادلىق ساھىبقىران «بەزى چاغلاردا ئاز جامەئە كۆپ جامائە ئۈستىدىن

① پارسچىدا «درانجاايل بولدا براجمع اورده - ئۇ يەردە بولدا ئېلىنى جەم قىلىپ» دەپ يېزىلغان.
② «قۇرئان كەرىم» 4 - سۈرە، 127 - ئايەت.
③ پارسچىدا «بطرف ارسنك - ئەرسەڭ تەرەپكە» دەپ يېزىلغان. روسچە تەرجىمىدە «архаиг» دەپ ئېلىنىپتۇ.
④ «قۇرئان كەرىم» 6 - سۈرە، 96 - ئايەت.
⑤ قوش تىرناق ئىچىدىكى جاۋاب سۆز پارسچە نۇسخىدىكى «من گوش استماع ندارم لمن يقول» گە ئاساسەن ئېلىنىدى.
⑥ بۇ سۆز پارسچە نۇسخىدا «ملجوان - مەلجۇۋان» يېزىلغان.

www.uyghurkitap.com



ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن غەلىبە قىلىدۇ»[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئىخلاس قۇلىقى بىلەن غايىبتىن ئاڭلىدى ۋە كۈندىن ـ كۈنگە يۈكسىلىپ بېرىۋاتقان، ئاللانىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن زەپەر جۇلالىنىپ تۇرغان دۆلەت ئەينىكىدە ئۇنى ئېنىق كۆردى. نەزم:

ئەگەرچە بەھر گىتى ئېرۇر پۇر نەھەڭ،
ۋەگەر كۇھۇ سەھرا ئېرۇر پۇز پەلەڭ.
ئاڭا كىم ئېرۇر بەخت يار بەلەند،
قاچان كەتكۈسى بىر سەرى مۇ گەزەند.

خوش، ئىككى مىڭ باتۇر بىلەن دۈشمەنگە قاراپ تەۋەككۇل قىلىپ ئىلگىرىلىدى ۋە پۈلىسەنگىنىڭ تۆپىسىدە ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كېلىشتى. سەلتەنەت بايرىقىنى كۆتۈرۈشكەن چاشكا ۋاقتىدىن تاكى كېچە ئۆتۈپ تاڭ يورۇغانغا قەدەر بولغان ئۇرۇش ئوتى دوزاق ئوتىنى ئەسلىتەتتى؛ يەر ـ زېمىن ئاتلىق ۋە پىيادىلەرنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىدىن «زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەندە»[2] تەپسىرىنى ئوقۇيتتى. ۋىژىلداپ ئۇچقان ئوقلار «(شەيتاننى) ئۇچار يۇلتۇز قوغلاپ ...»[3] دېگەن ئايەتنى ھېس قىلدۇراتتى. نەيزىلەرنىڭ يال ـ يۇل قىلىپ چاقناشلىرى «چاقماق چاقىقاندا ئۇلار كۆز نۇرىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالىدۇ»[4] ئايىتىنى ئەسلىتەتتى. ھەقىقەت تىغىنىڭ تىلى «پاچاقلىرىنى بويۇنلىرىنى سىلاشقا باشلىدى»[5] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى سۆزلەيتتى. بۇ دەھشەتلىك ۋاقىئە خۇددى «قىيامەت، قىيامەت نېمىدۇر»[6] ئايىتىدە ئېيتىلغاندەك باشلىنىپ ئاياقلاشتى.

ئۇ كۈنى تا كەچ كىرگىچە بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشىۋاتقان جەڭچىلەر ھەر ئىككىلا تەرەپتىن پۈلىسەنگىن ئۈستىدە شۇنچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىكى، ھېچقايسى باتۇرنىڭ چىدىغۇچىلىك مادارى قالمىدى. كېچىسى ئالەم چەۋەندازلىرى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەيداندىن چىقتى. ئەمما، دۈشمەننىڭ لەشكىرى ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ ئىدى. ھەزرىتى ساھىبقىرانغا دۆلەت ئىلھامى بىلەن شۇ نەرسە روشەن بولدىكى، غەيرەت شەمشىرىنى قەتئىي نىيەت قىلىنغۇچى بىلەن پارقىراتمىغۇچە ئۇنىڭدا غەلىبە يۈزىنى كۆرگىلى بولمايدۇ ۋە باتۇرلۇق ئوقىنى تەدبىر ياسىدىن ئاتمىغۇچە ئۇنىڭ ۋىژىلداپ ئۇچقان ئاۋازىدىن نۇسرەتنىڭ خوش خەۋىرىنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. [شۇنداق ئويلاپ، ھەزرىتى ساھىبقىران ـ ت] ئاساسىي دىققىتىنى بۇ ئىشنىڭ تەييارلىقىغا قاراتتى، نەتىجىدە غەيرەت قەلىمى كۆڭلىگە بەخت سۈرىتىنى سىزدى.

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل:

## ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ پۈلىسەنگىندىن ئۆتكەنلىكى ۋە جەتە لەشكىرىنىڭ قاچماقچى بولغانلىقى

ھەزرىتى ساھىبقىران ئەمىر مۇسا، ئەمىر مۇئەييەد ئارلات ۋە ئۈچ قارا باتۇرنى ھەر

[1] «قۇرئان كەرىم» 2 ـ سۈرە، 249 ـ ئايەت.
[2] «قۇرئان كەرىم» 99 ـ سۈرە، 1 ـ ئايەت.
[3] «قۇرئان كەرىم» 37 ـ سۈرە، 10 ـ ئايەت.
[4] «قۇرئان كەرىم» 2 ـ سۈرە، 20 ـ ئايەت.
[5] «قۇرئان كەرىم» 38 ـ سۈرە، 33 ـ ئايەت.
[6] «قۇرئان كەرىم» 101 ـ سۈرە، 1 ـ، 2 ـ ئايەتلەر.

بىرى بىرمىڭ بەش يۈز كىشىگە تەڭ كېلەلەيدىغان بىرمىڭ بەشيۈز ئاتلىق بىلەن[1] پۈلىسەنگىنىدە دۈشمەن لەشكىرىنىڭ قارشىسىدا قويدى. ئۆزى جەڭ مەيدانىنىڭ توپا - توزانلىرىنى كۆزىگە سۈرمە قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر مىڭ بەشيۈز ئاتلىقنى ھەمرا قىلىپ، ئۇغۇشلۇق بىر پەيتتە سۈنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدىن سائادەت يۈزىنى جەڭ مەيدانىغا قاراتتى ۋە روشەنگىتى[2] تۇزلەگلىكىدە يېرىم كېچە بىلەن ئاتلىرىنى دەريادىن ئۆزدۈرۈپ ئۆتتى ۋە تاغقا قاراپ ماڭدى. ئەتىسى دۈشمەن قاراۋۇللىرى ئاتلارنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ، لەشكەرنىڭ سۇدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلدى ھەم بۇ ئىشتىن ئۇلاردا زور تەشۋىش پەيدا بولدى. كەچ كىردى.

جهان در سر اورد كحلى تژند،
كه سرمه در امد بمشكين كمند[3]

غالىب ھەزرىتى ساھىبقىران ئېگىز تاغلارنىڭ ئۈستىگە كۆپ جايغا ئوت قالاشنى بۇيرۇدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى بۇنى كۆرۈش بىلەن ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى. پۇت - قوللىرىغا تىترەك چۈشۈپ، ئاخىرى قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن قورقۇش ئايىقىنى قېچىش ئۈزەڭگىسىگە قويدى، ئىختىيار تىزگىنىنى قېچىشنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، قېچىپ كېتىشنى غەنىمەت بىلدى. تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن بىر ئاتلىق جەڭچىگە قارشى قىلىچ ۋە نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان ئوندىن كۆپ جەڭچى توغرا كېلىدىغان كۆپ سانلىق قوشۇن جەڭ قىلمايلا قېچىپ كەتتى. «ئاللا خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىپ قوللايدۇ»[4] بۇ شۇنداق روشەن ۋە شۇنداق توغرا ۋە غەلىبە ئېلىپ كەلگۈچى بىر تەدبىر بولغانكى، ئۇزاق جايدا بىر ئوت يېقىلىشى بىلەن مۇنداق بىر دۈشمەننىڭ شان - شەۋكەت خامىنى ئۇنىڭ ئەمىر ۋە سەردارلىرى بىلەن بىللە كۆيۈپ كۈل بولدى.

ئانداكى بىر پىيادە ئىشىن ھەزمى ئەيلەمىش،
بىر مۇلك ئاللغۇسى چۇ مەدەد بەرسە بىر سەۋار.

چۈنكى، ئاللانىڭ ئىنايىتى يار بولغان كىشىگە دۈشمەن بولغان كىشىنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. پەرۋەردىگار ئەزىز كۆرۈپ تاللىغان شەخسكە دۈشمەنلىك قىلغۇچىلار چوقۇم خار ۋە بەختسىز بولغۇسىدۇر. نەزم:

بۇ شەھغە بەد ئەندىش ئېسە سىگال،
بولۇر خارۇ مەنكوب بەرگەشتە ھال.

دۈشمەنلەر قورقۇپ قېچىشقا باشلىشى بىلەن، ھەزرىتى ساھىبقىران غالىب قوشۇنى بىلەن خۇددى غەزەپلەنگەن شىر ۋە ھۆكۈرىگەن پىلدەك غەزەپ بىلەن تاغ تۆپىسىدىن تۆۋەنگە

---

① پارسچە نۇسخىدا «ھەر بىرى مىڭغا تەڭ كېلەلەيدىغان بىر مىڭ بەشيۈز ئاتلىق بىلەن» دەپ ئېلىنغان.
② بۇ سۆز پارسچە نۇسخىدىن ئېلىپ قوشۇپ قويۇلدى، رۇسچە تەرجىمىدە «ИСАН МАНДАН» دەپ ئېلىنغان.
③ بۇ ئىككى مىسرا موللا نىياز نۇسخىسىدا يوق. پارسچە نۇسخىدىن ئېلىندى.
④ «قۇرئان كەرىم» 3 - سۈرە، 13 - ئايەت.

ئات سالدى، تا بىھرات تۇزلەڭلىكىگىچە① قوغلاپ بېرىپ، ئۆمۈرنى قىسقارتقۇچى تىغلار ۋە جان ئالغۇچى نەيزىلەر بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ دىمىقىدىن دۇت چىقىرىۋەتتى. نەزم:

ئەدۋۇدىن ئۇشول كۇن بولۇپ كۇشتەلەر،
بەيابان ئىچىدە نەچە پۇشتەلەر.

شۇنداق قىلىپ، غالىبىيەت ۋە نۇسرەت شادلىقى ئىچىدە ئۇ جايغا چۈشتى. ئەمىر ھۇسەيىنمۇ قالغان لەشكەر بىلەن ئارقىدىن يېتىپ كەلدى. بۇ ئۇلۇغ غەلىبىنىڭ يېقىملىق شامىلىدىن بەخت كۆچىتى ئېگىز ۋە دۆلەت شېخى قۇۋۋەتلىك بولدى، خاتىرجەملىك ۋە ئارزۇ - ئۈمىد باغچىسى يېڭىدىن ياشىندى، چەكسىز گۈزەللىك بىلەن پۇركەندى. بىر - نىيەتتىكلەرنىڭ ئۆزئارا يار - يۆلەك بايرىقى پەلەكتە يەلپۈندى. پادشاھ ۋە ئەسكەرلەرنىڭ شان - شەۋكىتى، شۆھرىتى بىرى مىڭ بولدى. نەزم:

قەۋى قىلدىلار دەستۇ دىلنى سىپاھ،
شەھ ئىقبالى بولغاچ ئۇلارغا پەناھ.

سەلتەنەت ۋە يېتەكچىلىك جەھەتتە نۇسرەت ۋە زەپەر قۇچماق تەقدىرى ھەزرىتى ساھىبقىرانغا مۇناسىپ بولغاچقا، ئۇ يەنە ئىككى مىڭ كىشىنى ئېلىپ، ئىلگىرىلەپ ماڭدى. قەلئەگە يېتىش بىلەن كېش ئاھالىسى ۋە ئەتراپتىكى خەلق توپ - توپ بولۇپ قېچىپ كېلىپ، ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ سائادەتپاناھ دەرگاھىدىكى مۇلازىملارغا قوشۇلدى. ئاندىن كېيىن ھەزرىتى ساھىبقىران ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىككى مىڭ كىشىدىن ئۈچ يۈز كىشىنى ئېلىپ ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ يولغا چىقتى. قالغانلارنى شۇ جايدا ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ ئۈچ يۈز كىشىدىن ئىككى يۈز ئاتلىقنى ئەمىر سۇلايمان بارلاس، ئەمىرچاكو بارلاس②، بەھرام جالايىر، ئەمىر جەلالىددىن بارلاس، ئەمىر سەيفىددىن ۋە يولتۆمۈرلەرگە قوشۇپ كېش تەرىپىگە يولغا سالدى ھەم «تۆت قوشۇن بولۇڭلار، ھەر بىر ئاتلىق دەرەخنىڭ چوڭ ئىككى شېخىنى ئېتىنىڭ ئىككى يېنىغا سۆرىتىۋالسۇن، ئۇ شاخلاردىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلسۇن، ئۇ يەردە دارۇغالار بولسا قاچىدۇ» دەپ بۇيرۇق بەردى. ئۇلارمۇ بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلماي شۇ بويىچە ئىجرا قىلدى. بۇ تەدبىر ئويلىغاندەك نەتىجە بەردى. يەنى ئۇلار كېش تۈزلەڭلىكىگە كىرىش بىلەن جەتەنىڭ دارۇغىسى ئۇ چاڭ - توزاندىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى. بۇلار كېش شەھىرىگە كىردى ۋە ئىشغالىيەتكە مەشغۇل بولدى.

ئەجەب ئىش! تەڭرىنىڭ ئۇ پادشاھلىق ئاساسىنى قۇرغۇچىغا بولغان چەكسىز ئىنايىتى ئارقىسىدا بىر بولسا بىر ئوتنىڭ يېقىلىشى بىلەن بىر قوشۇن يېڭىلدى، بىر بولسا بىر چاڭ - توزاننىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن بىر مەملىكەت ئېلىندى. نەزم:

يامان كۆز تەگمەسۇن مۇندىن ئارتۇقلۇغ ئىمەس مۇمكىن

بۇ چاغدا ئىلياس خوجا خاننىڭ قارارگاھى كېشتىن تۆت فەرسەخ يىراقلىقتىكى تاشئېرىق

① بۇ سۆز موللا نىياز نۇسخىسىدا يوق. پارسچە نۇسخىدا «ميدان بحرات» دەپ ئېلىنغان. روسچە تەرجىمىسىدە «Кудэкрат» ئېلىنغان.
② بۇ كىشىنىڭ ئىسمى موللا نىياز نۇسخىسىدا يوق. پارسچە نۇسخىغا ئاساسەن ئېلىندى.

دېگەن جايدا ئىدى. داغلىق ئەمىرلەر، ئۇلۇغلار، سانسىز مۇلازىم ۋە ئەسكەرلەر ئىلياس خوجا خاننىڭ يېنىغا يىغىلدى. ئۇ چاغدا تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆز پايتەختىدە ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. ئۇلۇغ تۇقتۆمۈر ۋە ئەمىر ھەمىد ئىلياس خوجا خاننى ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇشقا ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەمما ھەزرىتى ساھىبقىران ئۆز يېنىدا قالغان يۈز كىشى بىلەن كېچىلەپ يۈرۈپ خۇزار[1] غا يېتىپ باردى. تاڭ يورۇدى، جانلىقلار قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغان ۋاقىتتا خالايىق ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى ۋە ئۇ ھەزرەتكە سالام بېرىش شەرىپىگە ئىگە بولدى. ھەزرىتى ساھىبقىران خۇزار ۋە كېشنىڭ بارلىق لەشكەرلىرىنى يىغىلىشقا بۇيرۇدى ۋە خوجا سالىرىنى[2] چاغداۋۇل (ئارقا مۇھاپىزەت ئورنى) قىلدى ھەم جاھاننى قاپلىغان كۆپ ئەسكەر بىلەن جىگدەلىك[3] تەرىپىگە يېنىپ يولغا چىقتى، ئۇ يەرگە بېرىپ چۈشتى. بۇ جايدا سولدۇزنىڭ ئوغلى شەيخ مۇھەممەد يەتتە قوشۇن ئەسكەر بىلەن ھەزرىتى ساھىبقىرانغا قوشۇلدى. ئۇ جايدا يەتتە كۈن توختىدى. ھەزرىتى ساھىبقىران قەھلەئەدە قالدۇرۇپ كەلگەن قوشۇن بىلەن ئەمىر ھۈسەيىنمۇ كەلدى. كۆلەك چۆلىدە ئۆز ئېلى ئارىسىغا كەتكەن شىر بەھراممۇ قىرىق ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن خەتلان لەشكىرى بىلەن بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ قوشۇلدى. ئاندىن كېيىن ئەمىر ھۈسەيىن ۋە ھەزرىتى ساھىبقىران بارلىق لەشكەر بىلەن ئۇ جايدىن كۆچۈپ خۇزارغا قاراپ ماڭدى ۋە ئۇ يەردە خوجا شەمسىددىننىڭ مۇبارەك مازارىغا كېلىپ، ئۇنىڭ مۇقەددەس روھىدىن مەدەت تىلىدى ھەم ئىتتىپاقلىقنى ئەھدۇ پەيمان بىلەن مۇستەھكەملىدى. سابىق دوستلۇق ۋە سەمىمىيلىكنى كېيىنكى بىرلىك بىلەن چىڭىتتى.

مىسرا:

ئارى جەھاننى ئالماق ئالۇر ئىتتىپاق ئىلە.

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل:

## ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ چۈش كۆرگەنلىكى، ئۇ چۈشتىن ياخشى تەبىر ئالغانلىقى ۋە ئىلياس خوجا خان بىلەن جەڭ قىلىشقا قارار قىلغانلىقى

ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ياخشى چۈش خەلق ئارىسىدا پەيغەمبەرلىكنىڭ قىرىق ئالتە قىسمىنىڭ بىر قىسمىدۇر» دېگەنىدى. بىلىم ۋە ھېكمەت ئىگىسى بولغان تەڭرىنىڭ ئىرادىسىدىن ھاسىل بولغان بىر قەدىم ئىرادە بىر بەخت ئىگىسىنىڭ سەممىيەت پېشانىسىگە مەخسۇس بىر رەقەم سىزغان بولسا، ئۇنىڭ ئىقبال قامىتىگە «سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق»[4] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە، ئۆز خەزىنىسىدىن قىممەتلىك تون بىلەن زىننەت بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆڭۈل ئەينىكىنى تەۋپىق قىتلىغۇچى بىلەن قىتلاپ، ھەقىقەت نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا غايىب سىرلىرىنىڭ كېلىنلىرى ئۇ قەلبتە يۈزىنى كۆرسىتىدۇ ۋە غايىب ھادىسىلەرنىڭ روپوشلىرى سىرلىق نىقابىنى ئۇنىڭدىن خەۋەر تېپىشتىن ئالدىن ئاچىدۇ. خۇددى مۇبارەك ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئىنساننىڭ روھى كەلگۈسى ھادىسىلەرنىڭ كەيپىياتىنى يۈز بېرىشتىن

---

① بۇ سۆز مولla نىياز نۇسخىسىدا «خىراز» يېزىلغان.
② بۇ سۆز روسچە تەرجىمىسىدە «слиmбари» دەپ ئېلىنغان.
③ بۇ سۆزنى پارسچە نۇسخىغا ئاساسەن ئالدۇق. مولla نىياز نۇسخىسىدا «چكرلىك» ئېلىنغانىكەن.
④ «قۇرئان كەرىم» 38 ـ سۈرە، 26 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com



ئالدىن غايىب ئالەمنىڭ پەنجىرىلىرىدىن كۆرەلەيدۇ. نەزم:

خىيالىم نەقش بەندىدىن بۇ مەئنا تۇرفە خۇش كەلدى،
كى سىزغاي دىلبەرىمنىڭ نەقشىدىن بىر سۇرەتى زىيبا.

ھەزرىتى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام «ئاتا - ئانىسىنى تەختىدە ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇلار ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى»[①] ئايىتىدە خەۋەر بېرىلگىنىدەك، قېرىنداشلىرى ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ ھۆرمەتلىك سۇرىتىنى بۇ ئىش يۈز بېرىشتىن نەچچە يىل ئىلگىرى پەنجىرىدىن كۆرگەنىدى. ۋە يەنە «ئاللا، پەيغەمبىرىگە ھەق رەۋىشتە ھەقىقىي راست چۈش كۆرسەتتى»[②] ئايىتىنىڭ ئۇلۇغ مەنىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان مۇقەددەس مەككىنىڭ ئېلىنىپ، ئاللانىڭ شەرىپىگە ئىگە بولۇشى توغرىسىدىكى بىشارەت ئۇ پـەيغەمبەرلـەرنىڭ سـۇلتـانـى (مـۇھەممەد ئەلەيھىسسالام - ت) نىڭ قەلبىدە ئەكس ئەتكەنىدى.

مۇنداق كارامەت مەملىكەتنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە پادىشاھلىقنىڭ ۋەزىپىلىرى تەرىقىسىدە ئۇلۇغ سۇلتانلار، بۈيۈك پادىشاھلار ۋە خاقانلارغا خەلىپىلىكنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە يۈز بېرەتتى، جۈملىدىن ھەزرىتى ساھىبقىرانغا يۈز بەردى. ئۇ چاغدا شۇنداق بىر جىددىي ھالەت يۈز بەرگەن ئىدىكى، ئۆز لەشكىرى ئاز، دۈشمەن لەشكىرى ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ بولۇپ، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلماسلىق مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىر كۈنى چاشگاھ ۋاقتى بىلەن (ھەزرىتى ساھىبقىران) بۇ ھەقتە ئويلاپ، ئەندىشە قىلىپ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى ۋە ئۇيقۇسىدا يېقىملىق ۋە ئوچۇق بىر ئاۋازدا «خۇشال بولغىن، غەم قىلمىغىن، خۇدايىتائالا سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلدى» دېگەن سۆز ئاڭلاندى. ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ئەتراپىـدىكـىـلـەردىن «قولىقىڭلارغا بىرەر ئاۋاز ئاڭلاندىمۇ؟» دەپ سورىدى. ھەممىسـى «ياق، ھېچ ئاۋاز ئاڭلانمىدى» دېيىشتى. بۇ سۆزنىڭ غايىبتىن ئېيتىلغانلىقى ۋە پەقەت ساھىبقىراننىـڭ قۇلىقىغىلا ئاڭلانغانلىقى ھەم ئۇ بىشارەتنىڭ خۇشبۇي سەلكىنىنىڭ پۈتۈنلەي تەڭرىنىڭ لۇتۇف گۈلشىنىدىن كەلگەنلىكى ئېنىق بولدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىنىڭ يار - يۆلەك بولغانلىقىغا ئىشەنچى كۈچىيىپ، كۈچلۈك بىر ئىشەنچ بىلەن خۇشال ھالدا ئەمىر ھۈسەيىننىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۆتكەن ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. بۇ بىشارەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دوستلارنىڭ ئىشەنچى ھەسسىلەپ ئاشتى، ھەممەيلەننىڭ گوياكى غۇنچىدەك تۈگۈلۈپ قالغان كۆڭۈللىرى سەھەر شامىلى يەتكەن گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى. نەزم:

سىپاھى شاھ ئىدى جەڭ فىكرىدە پۈرغەم،
چۇ ئاڭلاغاچ بۇ بىشارەتنى بولدىلار خۇررەم.

## «زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل:

## ئەمىر ھۈسەيىن ۋە ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ جەتە لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ۋە تەڭرىنىڭ ئىنايىتى ھەم ئۇلۇغ ئەرۋاھلارنىڭ يار - يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا غەلىبە قىلغانلىقى

ھەزرىتى ساھىبقىران ۋە ئەمىر ھۈسەيىن شاھلارنىڭ شاھى دەرگاھىغا شۈكرى - سانا ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن سائادەت تۇلپارىغا مىندى ۋە ئېھتىيات شەرتلىرىگە رىئايە

① «قۇرئان كەرىم» 12 - سۈرە، 100 - ئايەت.
② «قۇرئان كەرىم» 48 - سۈرە، 27 - ئايەت.

قىلىپ لەشكەرلەرنى رەتلەپ ئىككى قولغا بۆلدى، ئەمىر ھۆسەيىن ئوڭ قولغا مەسئۇل بولۇپ، غەلىبە بايرىقىنى لەپىلدەتتى. ھەزرىتى ساھىبقىران جەڭ كۈنلىرىدە پۈتۈن قوشۇننىڭ يۈرىكى بولغانچقا، سول تەرەپكە مەسئۇل بولۇپ، ئۆزىنىڭ غەلىبە بايرىقىنى تىكلىدى ۋە لەشكەر سەپلىرىنى مۇشۇ تەرتىپ بويىچە تۈزۈپ، يولغا چىقىشتى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى تاش ئېرىقى دېگەن جايدا ئىدى، ئۇلارمۇ بۇ ئۇسۇل بويىچە لەشكەرلەرنى ئىككى قول قىلىپ بۆلدى. سول قولنى ئىلياس خوجاخان ۋە ئەمىر ھەمىدنىڭ شەۋكىتى، ئوڭ قولنى ئەمىر توقتۇمۇر ۋە ئەمىر بەگچەكنىڭ شۆھرىتى بىلەن بېزىدى. ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ لەشكىرى ئۆچ ۋە ئىنتىقام قەستىدە جەڭگە راستلىنىشتى. نەزىم:

چۇ جۇنبىشقا كەلدى زەمىنۇ زەمان،
ياۋۇشتى كى بەرباد ئولۇرغە جەھان،
بولۇپ پۇر بۇ دەھر ئىچرە گەردى سىپاھ،
قالىپ زۇلمەت ئىچىدە نىھان مېھرۇماھ.
سىپەھ نەئرەئى رەڭدۋار ئۇردىلەر،
سىنانىنى بۇلۇتلارغە يەتكۈردىلەر.

ئىككى قوشۇن قىمىتىن① دېگەن جايدا بىر - بىرىگە قارشى كېلىشتى. جەڭ دۇمباقلىرىنىڭ ئاۋازى ۋە قەھرىمانلارنىڭ تارتقان نەئرىلىرى كۆك گۈمبىزىگە يەتكەنىدى. ئالدى بىلەن دۈشمەن قاراۋۇللىرى ئۆزلىرىنىڭ كۆپ سانلىق بولۇشى② ۋە قىساسكارلىقلىرى غۇرۇرى بىلەن ھەزرىتى ساھىبقىرانغا قاراپ مەيدانغا ئاتلىرىنى يۈگۈرتتى. ھەزرىتى ساھىبقىران خۇددى قۇتۇبتەك ئايىقىنى قىمىرلاتماي، ئۆزىنىڭ دۆلەت ئاساسىدەك تۇرغان ئورنىدا چىڭ تۇردى ۋە غالىبىيەت ئۈزەڭگىسىگە چىڭ دەسسەپ تۇرۇپ، كۈچلۈك قوللىرىنى ئوق ۋە ياغا ئۇزاتتى ھەم سول قولىنى ئەلىف، ئوڭ قولىنى دال قىلدى.
نەزم:

خەدەڭگى ئەلىفدۇر، خەمى نۇنۇ دال،
نىشانە ئاڭا سىنەئى بەد شىكال.

لەشكەرلەرمۇ شاھنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن خۇددى ئاينىڭ ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلاردەك يادىن ئوتلۇق ئاقار يۇلتۇزلارنى دۈشمەنلەر تەرەپكە قويۇپ بەردى. ئوقنىڭ قەلىمى خۇددى «(يورۇق يۇلتۇزلارنى) شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق»③ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىنى قورققاقلارنىڭ قېنى بىلەن شۇنداق يازدىكى، ئۇلارنىڭ ھالى خۇددى «ئۇنىڭغا سەجدە قىلىش ئۈچۈن يەرگە ياتتى»④ دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىكىدەك بولدى. دۈشمەن لەشكىرىنىڭ باھادۇرلىرى ئۆچ - ئىنتىقام ئوتى بىلەن خۇددى شامالدەك كېلىشكەنىدى، خۇددى يامغۇر سۈيىدەك توپىغا يۈز قويۇشتى، بەزىلىرى ھايات سۈيىنى ئۆلۈمنىڭ شامىلىغا بەردى ۋە بەزىلىرى ئوت ئوقلىرىنىڭ زەربىدىن ئۆچ - ئىنتىقام بىلەن تولغان كۆكسىنى يەرگە

① بۇ سۆز رۇسچە تەرجىمىسىدە «Каба матин» دەپ ئېلىنغان.
② «كۆپ سانلىق بولۇشى» دېگەن مەنا مۇللا نىياز نۇسخىسىدا ئىپادىلەنمىگەن. پارسچە نۇسخىدىكى «ازغروری كه به بسیاری وكینه گذاری خود» دېگەن ئىبارىگە ئاساسەن بۇ يەردە ئېلىپ قويۇلدى.
③ «قۇرئان كەرىم» 67 - سۈرە، 5 - ئايەت.
④ «قۇرئان كەرىم» 12 - سۈرە، 99 - ئايەت.

يىقىشتى. نەزم:

بارى پەندار ئىلە كىن ئۇتىن يارۇتتى جەڭگىجو،
زەخمى پەيكان ئابرۇيىن① تۆكتى قاندەك خاكغە.

ئۆلگەنلەر ئارىسىدا بەھرىن قەبىلىسىدىن مەشھۇر ئىككى قەھرىمان بار ئىدى. بۇلار ئىنتىقام دىڭىزىدا ئادەم يەيدىغان لەھەڭ، جەڭ ئورمىنىدا پىل ئۇۋلايدىغان شىر ئىدى. شاھ ۋە لەشكەرلەر ئۇلارنى قۇۋۋەت ماددىسى، يۆلەك ۋە ئىپتىخارلىق دەسمايىسى دەپ بىلىشەتتى. يەنە ياردار بولۇپ يىقىلغانلاردىن توقتۇمۇر باھادۇر، بەگچەكنىڭ بىر ئىنىسى②، دۆۋلەتشاھ ۋە ھەر بىرى بىر قوشۇننىڭ باشلىقى ھەم لەشكەرلەرنىڭ تايانچى ھېسابلىنىدىغان ئىككى شەھزادە بار ئىدى. نەزم:

سىپەۋارلەر قالمادى بەرقەرار،
ئۆلۈپ يا مەگەر زەخمەت تاپتى خار.

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكىرى بىر يولى جەڭگە قوزغىلىشتى. جەڭ ئەھۋالى شۇنداق بولدىكى، دۈشمەنلەر خۇددى زەررىلەردەك مىڭ كۆزدىن قان تۆكۈشەتتى. نەزم:

ھەمە قوزغالىپ ئورنىدىن مىسلى كوھ،
سالىپ غۇلغۇلە بۇ ھەر ئىككى گورۇھ.
بەيابان ھەمە بولدى دەريايى خۇن،
كى بولدى ھەمە يەر يۈزى لالەگۇن.

ئۇرۇش تەجرىبىسى بارلارنىڭ ئۇرۇش - ئۆلتۈرۈشلىرى داۋاملاشتى، جەڭ دېڭىزىنىڭ دولقۇنلىرى ئەۋجىگە چىقتى، غايىپتىن كەلگەن ۋەدە بىشارىتىنىڭ دولقۇنلىرى بىلەن ھەزرىتى ساھىبقىران ۋە دۆلەت ئەركانلىرى «بىزگە بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇنلىغان تەڭرىگە تەشەككۇر بولسۇن»③ دېگەن ئايەتنىڭ بەرىكىتىگە نائىل بولدى. تولۇق كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان دۈشمەنلەر «ئوركۈپ قېچىپ كېتىدۇ»④ دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىكىدەك بولدى. سانىنىڭ تولىلىقىدا يامغۇر تامچىلىرى ۋە دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا قىياس قىلىنىدىغان قوشۇن يېگى چىقنۇۋاتقان يوپۇرماقتەك ۋە باھارنىڭ سىم - سىم يامغۇر تامچىلىرىدەك مۇنداق بىر ئاز قوشۇندىن يېگىلىپ، ئەتراپ جايلارغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. «ياردەم پەقەت غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللا تەرىپىدىندۇر»⑤ ئىلياس خوجاخان، ئەمىربەگچەك، ئىسكەندەر ئوغلان، ئەمىر ھەمىد ۋە ئەمىر يۈسۈپ خوجىلار قولغا چۈشتى. ئەمما، خانغا ۋاپادارلىق قىلىش پۈتۈن تۈركلەر ئارىسىدا مەشھۇر ئىدى، شۇڭا خاننى ساقلاپ قالدى. يەنى خاننى تۇتۇۋالغان لەشكەردىن بىر قانچىسى خاننى تونۇغان بولسىمۇ، باشلىقلىرى

① موللا نىياز نۇسخىسىدا بۇ سۆز «ابروي» دەپ ئېلىنغان بولسىمۇ، مەنا ئېتىبارى بىلەن «ئابرويىن» ئېلىندى.
② بۇ سۆز پارىسچە نۇسخىدا «بىگى برادرىيكجك - بەگچەكنىڭ ئىنىسى بېكى» دەپ ئېلىنغان.
③ «قۇرئان كەرىم» 39 - سۇرە، 74 - ئايەت.
④ «قۇرئان كەرىم» 17 - سۇرە، 46 - ئايەت.
⑤ «قۇرئان كەرىم» 3 - سۇرە، 126 - ئايەت.

بىلىپ قالغۇچە ئارىلىقتا خانىي ۋە بەگچەكنى ئاتقا مىندۈرۈپ قويۇپ بەردى، قالغانلارنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ قالدى. ئۇ كېچىسى ساھىبقىران كىچىككىنە يۈرۈپ بام سۈيىگىچە قوغلاپ باردى ۋە ئۇ يەردە يەنە دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توستى ۋە ئۇلارنىڭ تولىسىنى ئۆلتۈردى.

نەزم:

كېرىق سۈيى قان بىلەن بادە بولدى،

تاشۇ گەۋھەر با لەئل بىجادە بولدى.

ئەمىرچاكو ۋە ئەمىر سەيفىددىن بۇيرۇق بويىچە سەمەرقەندگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ئۇلۇغ غەلىبە تارىخقا 765[1] (مىلادىيە 1364 ـ 1363) لەھەڭ يىلىدا[2] يۈز بەرگەننىدى.

ھەر ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزمەي قويمايدىغان، يۈكسەك غەيرەت ئىگىسى بولغان غالىب ساھىبقىران ئەمىر ھۈسەيىننىڭ مەسلىھەتى ئارقىسىدا شىربەھرام بىلەن بىللە ئىلگىرىلەپ دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن يولغا چىقتى ۋە خوجەند دەرياسىدىن ئۆتۈپ تاشكەندگە چۈشتى ۋە ئۇ يەردە لەشكەرگاھ قۇردى. كۆز ئاغرىقىنى ساقايتىش ئۈچۈن بىر نەچچە كۈن كۆزىگە كۆك تارتىۋالدى. نەزم:

كۆزكى ھەر نەرسەئى كى بولدى پىسەند،

ئاڭا يەتكۈردى چەشمى زەخمى گەزەند.

ھەزرىتى ساھىبقىران ۋە ئەمىر ھۈسەيىن ھەر ئىككىلىسىگە چۈشكەن جايلىرىدا ئازراق كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەننىدى. ئاز كۈندىلا «بىز مۆمىنلەرگە، شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز»[3] دېگەن ھەقنىڭ دورىخانىسىدىن پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتتى. خانىش ئۇلجاي تۇركەن گېرمىسىر تەرىپىدىن ئۈچۈشلۈق ھالدا يېتىپ كەلدى.

نەزم:

بىلقىس ئەھد كەلدى سۇلەيمان جەنابىغە.

ھەزرىتى ساھىبقىران ئارقىسىغا قايتىپ خوجەند دەرياسىدىن ئۆتتى ۋە ئۇۋ ئوۋلاش ئۈچۈن چەرگە تۈزدى. ئەمىر ھۈسەيىنمۇ دەزەق بۇلبۇل دېگەن يەرگە يېقىن جايدا ئۇۋ ئوۋلاشقا چەرگە تۈزدى. بۇلار ھەر ئىككى تەرەپتىن مېڭىپ ئاقار دېگەن جايدا ئۇچراشتى. ۋە بىر نەچچە كۈننى، نەزم:

ۋەقتنى غەنىمەت بىل تاكى باردۇر ئىمكانىڭ.

دېگەندەك، ئويۇن ـ تاماشا، خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزدى. ئاندىن ئۇ يەردىن

---

① موللا نىياز نۇسخىسىدا 760 ـ يىلى دېيىلگەن. پارسچە نۇسخىدىكى «خمس‌و ستين‌و سمايه» گە ئاساسەن 765 ـ يىلى دەپ ئېلىندى.

② باشقا نۇسخىلاردا «ئۇي يىلى» دەپ ئېلىنغان. پارسچە نۇسخىدىكى «لوييل» گە ئاساسەن موللانىيازنىڭ «لەھەڭ يىلى» دەپ ئالغىنىنى توغرا تاپتۇق.

③ «قۇرئان كەرىم» 17 ـ سۈرە، 82 ـ ئايەت.

بەختلىك هالدا ئاتلىنىپ، سەمەرقەند تەرىپىگە ياندى ۋە ئۇ جەننەتكە ئوخشايدىغان ئۆلكىنى كىشىلەرنى سۆيۈندۈرىدىغان، مەملىكەتكە زىننەت بەرگۈچى قەدەملىرى بىلەن بېزىدى. ئۇ ئۆلكىنىڭ خەلقى ئۈمىد كۆزلىرىنى ئۇلارنىڭ غالىب قوشۇنىنىڭ توزانلىرى بىلەن روشەن قىلىشتى. زامانىنىڭ تۈرلۈك هادىسىلىرى سەۋەبىدىن ئۇلۇغ - ئۇششاق، چوڭ - كىچىك ئاهالىدا پەيدا بولغان زىيان - زەخمەتلەر تەسەللى ۋە شەپقەت دورىسىنى ئىچىش بىلەن ساقايدى. تەڭرىنىڭ نېمەتلىرىگە تەشەككۇر، ھەقىقەت ئۆز قېلىپىغا كىردى.

## «زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل:

# ھەزرىتى ساھىبقىران بىلەن ئەمىر ھۈسەيىن مەسلىھەتلىشىپ كابىلشاھ ئوغلانىنى خانلىققا ئولتۇرغۇزغانلىرى

ماۋەرائۇننەھر ۋە تۈركىستان ئۆلكىلىرى تامام قاراشلىق جايلىرى بىلەن جەتەقوۋمىنىڭ ئىستىلاسىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، يۇقىرى ئەمىرلەر، يۇقىرى دەرىجىلىك نويانلار بىرسى بىرسىنىڭ ھۆكۈم ۋە بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىشمايتتى. سەۋەبى ھەر قايسى مۇھىم قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى ئۆز تەۋەلىكى ۋە خادىملىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەغرۇرلىناتتى، شۇڭا كۆپىنچىسى بىر كىشىنىڭ ئىتائىتىگە ئۇنىمايتتى، بۇيرۇقىغا بويسۇنمايتتى. تەڭرىنىڭ ئادىتى شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتقانكى، ھەر قانداق بىر جامائەنىڭ بىرلىك - ئىتتىپاقى بولمىسا ۋە تەگرى ئۇ جامائەنى مۇھاپىزەت قىلمىسا، تېزلا چىرىپ تۈگەيدۇ؛ ھەممە ئاھالىسى ئەمىر - پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشنى ۋاجىپ دەپ بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىدىن ھېچقانداق بىر سەۋەب بىلەن باش تارتىشنى راۋا كۆرمەيدىغان بىر ھۆكۈمدارى بولمىغان مەملىكەتنىڭ ئەھۋالى چوقۇم قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالىدۇ. نەزم:

باشى يوق تەن مەسەللىكدۇر بەئەينى شاھسىز ئالەم،
تەنى كىم بولماسا، باشى ئېرۇر ئول خاكى رەھدىن كەم.

مۇشۇ سەۋەبتىن ئەمىر ھۈسەيىن ۋە ھەزرىتى ساھىبقىران ئۆز ئارا مەسلىھەت قىلىشىپ، چاغاتاي خانىنىڭ نەسلىدىن بىر كىشىنى خان كۆتۈرۈشكە قارار قىلىشتى. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن تارىخقا 765 - يىلى (مىلادىيە 1364 - 1363) ھەممە ئەمىر ۋە لەشكەر باشلىقلىرىنى يىغىپ بىر قۇرۇلتاي چاقىردى. بۇ قۇرۇلتايدا دۆلەتنىڭ مەنپەئەتلىرى ۋە مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش چارىلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى ھەم زامان هادىسىلىرىدىن قورقۇپ پېقىرلىق مەسلىكى قەلئەسىدە دەرۋىشلىك تونى ئىچىدە ياشاۋاتقان كابىلشاھ ئوغلان ئىبن دورجى ئىبن ئېلجىكدى ئىبن داۋاخاننى ئۇ توندىن چىقىرىپ، ئۇنىڭ بەخت - سائادەتلىك قامىتىگە خانلىق تون بىلەن زىننەت بېرىشكە قارار قىلىشتى. بۇ ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىشى ئۈچۈن نەزم:

تۈزەتتۈردىلەر جەشنى يازىپ ساز،
كى ۋەسفىن دېسە قىسسە بولغاي دەراز،
تىزىپ نېئمەتۇ ھەم ساچىپ سىيمۇ زەر،
جەھان سەھنىگە بەردىلەر زىيبۇ فەر.

شۇنداق قىلىپ ئىتتىپاقلىشىپ، كابىلشاھ ئوغلانىنى سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغۇزۇشتى ۋە تۈرك سۇلتانلىرىنىڭ رەسىم - قائىدىسى بويىچە خانلىق مەرتىۋىسىگە ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا جام تۇتتى[1].

[همه سرفرازان وگردن کشان
بیکبار نه بارو زانوزدن

قاماقتىكى ئەمىر ھەيدەر ئەند خۇدىنى زىندە چەشمگە تاپشۇرۇپ بەردى ۋە شۇ كېچىسى ئۇنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ۋۇجۇدىنىڭ تەختىنى ھايات ھۆكۈمدارىدىن بوشاتتى.

كىشى ئۆز ھەددىدىن قويسە قەدەم تاش،
كېتۇر ئاخىر ئانىڭدىن بىر كۈنى باش[2]].

بۇ ئۆلكىلەر قەدىمدىن تارتىپ ھەزرەتى ساھىبقىرانىنىڭ ئالىي نىشانلىق سۇلالىسىگە قاراشلىق ئىدى. ئۇنىڭ شاھانە ھىممىتى غېرىب - بىچارىلەرنى يۆلەشنى تەقەززا قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئەمىر ھۇسەيىنگە توي بەردى. ھەزرەتى ساھىبقىرانىنىڭ ئەمىرلىرى شۇنداق بىر ئالىي تەبرىك يىغىنى ئۇيۇشتۇردىكى، نەغمىچى زوھرا[3] ئۇ تەبرىك يىغىنىنى كۆرۈش بىلەن ھەيرانلىق سازىنى چېلىپ، ئۆزىنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى بىلدۈردى. نەزم:

تۇرفە بەزمىكى ئېرۇر لۇتفۇ گۈلشەنى ئىنئام،
خىزر ئەگەر كۆرسە قىلۇر ئارزۇيى جۇرئە جام.
نېئمەت ئامادەۋۇ ئەسبابى تەنەئئۇم ۋافەر،
مەجلىسى خاس ئېرۇر داغى تەرەبخانەئى ئام.
نەغمەئى سازۇ سەئادەت فەرەھ ئەفزا بولغۇن.
چۈنكى گەردىش ئېرۇر ساغەرى ئىنئام مۇدام.

لۇتپ ئىگىسى (ھەزرەتى ساھىبقىران - ت) مۇ ئۇ تەبرىك يىغىنىدىكىلەرنىڭ ھەر قايسىغا ئۆز دەرىجىسىگە قاراپ ئىنئاملار بەردى ۋە ئەمىر ھۇسەيىنگە لايىق كېلىدىغان ھەدىيىلەرنى تەقدىم قىلدى. نەزم:

قىلىب پىشكەشلەر بەسى تەبئى خاھ،
كەمەرھايى زەر تىغۇ ئەسبۇ كۇلاھ.

ئەمىر ھەمىدىنىڭ ھەزرەتى ساھىبقىران بىلەن قەدىمدىن دوستلۇقى بار ئىدى. شۇڭا «ئاتا - بوۋىلارنىڭ دوستلۇقى بالىلارنىڭ تۇققانچىلىقىدۇر» دېگەن ماقالنىڭ مەزمۇنىغا

---

① بۇ جۈملىنىڭ مەزمۇنى پارسچە نۇسخىغا ئاساسەن ئېلىندى.
② چولڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەر موللا نىياز نۇسخىسىدا يوق. پارسچە نۇسخىدا ۋە موللا مۇھەممەد سادىق كاشغەرى تەرجىمىسىدە بولغانلىقتىن تىرناق ئىچىگە ئېلىپ كىرگۈزۈپ قويۇلدى.
③ زوھرا - ۋېنېرا يۇلتۇزىنى كۆرسەتمەكچى.

www.uyghurkitap.com



ئاساسەن ھەزرىتى ساھىبقىران شۇ مەجلىستە ئەقىل ئەينىكى، ئۇلغايغان يېشىغا مۇۋاپىق تۇرلۇك تەجرىبىلەر بىلەن جۇلالانغان ۋە مۇھىم ھەم مۇشكۇل ئىشلاردا ھەممەيلەن ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىدىغان ئەمىر ئۇلجايتۇ ئەبرەدى[①] بىلەن ئەمىرھەممەد ۋە ئىسكەندەر ئوغلانىنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشىپ، ئەمىر ھۇسەيىندىن ئۇلارنى قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈشتى. گەرچە ئەمىر ھۇسەيىننىڭ رايى نەزم:

تۇشسە دۇشمەن ئىلكىگە ئۆمر ئاياغىن قىل قەلەم،
يوقسە ئاخىر تىشلەگۈگدۇر سەن نەدامەت ئىلكىنى.

دېگەن نەزمىنىڭ مەزمۇنىدىكىدەك بولسىمۇ، لېكىن ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ يۈز خاتىرى ئۈچۈن ئۇ ئىلتىماسنى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلارنى پۈتۈنلەي قويۇپ بېرىشكە رۇخسەت قىلدى. لېكىن «ھەر بىر ۋاقىتنىڭ ھۆكۈمى بولىدۇ»[②] دېگەندەك بۇ چارىلەرنىڭ پايدىسى بولمىدى. ئەمىر ھۇسەيىن ئۆزىنىڭ قەدىم يۇرتى بولغان سالى سارايغا يولغا چىقىشى بىلەن ھەزرىتى ساھىبقىران ئەمىر داۋۇد ھەم ئەمىر سەيفىددىننى «ئەمىر ھەممەدنى قاماقتىن چىقىرىپ، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئېلىپ كېلىڭلار»، دەپ ئەۋەتتى. ئەمىر ھەممەد بايزىد ۋە ئىمىن ئاتلىق ئىككى كىشىنىڭ قولىدا ئىدى. بۇلار بېرىشى بىلەن ئۇلار يىراقتىن كۆرۈپ «بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھدۇر»[③] دېگەن ئايەتتىكىدەك «بۇلار ئەمىر ھەممەدنى ئۆلتۈرگىلى كېلىۋاتىدۇ، بىز ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتەيلى» دەپ بىرسى بىر گۈرزە ئۇردى، بىرسى بىر قىلىچ سېلىپ ئەمىر ھەممەدنى شېھىت قىلدى. [تەڭرىنىڭ قازاسىنى قايتۇرغىلى ۋە ھۆكۈمىگە ئېتىراز بىلدۈرگىلى بولمايدۇ[④]] .

نەزم:

قەزا كىشىگە كى بەرمەس بولۇپدۇر ئابىھەيات،
نەتىجە بەرگۈسى جامى خىزر خۇمار مەمات.

ئەمىر ھۇسەيىن بۇ ۋاقىئەنى ئاڭلاش بىلەن «بۇ كىچىك نەۋكەرلەرنىڭ ئىشى، لېكىن چوڭلارنىڭكىدىن ياخشى بولدى» دېدى ھەم دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ئىسكەندەر ئوغلانىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ ئۆلتۈرگۈزدى. مىسرا:

قەزا ئوتى دەفئىغە يوقتۇر سىپەر

ئۇ قىشلىقى ئەمىر ھۇسەيىن بىلەن ھەزرىتى ساھىبقىران ھەر بىرى ئۆز قارارگاھلىرىدا دەم ئېلىشتى. ئىشلارنىڭ ئەھۋالى ۋە كېتىپ بېرىشى ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە ئۇيغۇن ئىدى. ئارزۇ - ئىستەك قەدەھلىرى دوستلۇق ۋە بەخت - سائادەت بادەسى بىلەن تولغانىدى.

---

① «ئەبرەدى» سۆزى مولla نىياز نۇسخىسىدا يوق. پارسچە نۇسخىدىكى «ابردى» گە ئاساسەن ئېلىندى. روسچە تەرجىمىسىدە «Анарди» ئېلىنغان.
② «قۇرئان كەرىم» 13 - سۈرە، 38 - ئايەت.
③ «قۇرئان كەرىم» 49 - سۈرە، 12 - ئايەت.
④ چوڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەر پارسچە نۇسخىدىن ئېلىندى.

## لاي جېڭى ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالى

«سىزلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر»[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە گۈل بىلەن پۈركەنگەن چىمەنزاردىن كەلگەن بىشارەت سەلكىنى قىيىن ئەھۋالدا ۋە غەمدە قالغانلارنىڭ جان دىماغىغا تەگرىنىڭ كۈچلۈك ھېكمىتىنىڭ بەزىدە مەقسەت ۋە تەلەپ كېلىنلىرىنى قىيىنچىلىق كىيىملىرى ئىچىدە جىلۋىلەندۇرەلەيدىغانلىقىدىن ۋە نېمەت، ئېھسانلارنى ئازاب ـ ئوقۇبەت ھەم قىيىنچىلىقلاردىن كېيىن ئاتا قىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

كۆپلىگەن دۆلەتلەر بولغانكى، ئۇلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە بالايى ـ ئاپەتلەر سەۋەب بولغان ۋە شۇنىڭدەك بىر مۇنچە جامائەلەر بولغانكى، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا پەرىشانلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەر سەۋەب بولغان. نەزم:

بەسا رەخنەكى ئەسلى مەھكەمىدۇر،
بەسا غەم كىم نىشانى خۇررەمىدۇر.
بەسا فەزلى كى يوق بەندى پەدىيدى،
چۇ كۆرسەڭ قۇفل ئېمەس ئولدۇر كەلىدى.

بۇ ھۆكۈملەر توغرا كېلىدىغان مىساللاردىن بىرى ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ئەھۋالىدۇر. چۈنكى ئۇ ساھىبقىران ئۆز دۆلىتى قارارگاھىدا بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇشتا ئارام ئېلىۋاتقانىدى. قىش ئاخىرلىشاي دەپ قالغان بولۇپ، باھار قەھرىمانى ئۆزىنىڭ قىزىل رەڭلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يېشىل كىيىنگەن قوشۇنلىرىنى باغ ـ بوستانلاردا سەپ ـ سەپ قىلىپ تۇرغۇزماقتا ئىدى. نەزم:

تارتىبان لەشكەر سىپاھ لەشكەركى ئېتتى جويبار،
ئەيلەدى سۇدىن زىرىھ قىلدى سىنانىن تىيزۇ خار.

جەتە لەشكىرى يەنە بۇ تەرەپكە كېلىۋېتىپتۇ، دەپ خەۋەر كەلدى. ھەزرىتى ساھىبقىران غەيرەت بىلەن قوشۇنلىرىنى توپلىماققا ھەرىكەت قىلدى ۋە ئەمىر ھۈسەيىنگە ئادەم ئەۋەتىپ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئەمىر ھۈسەيىن پولاد بۇغا[2]، مۇھەممەد خوجا ئەبرەدىنىڭ ئوغلى زىندە چەشم ۋە مەلىك باھادۇرلارنىڭ تېزلىكتە ئەسكەرلەر بىلەن ئالدىن مېڭىپ ھەزرىتى ساھىبقىران بىلەن ئۇچرىشىشنى ئەمىر قىلدى. ئۇلار بېرىپ ھەزرىتى ساھىبقىرانغا قوشۇلۇش بىلەن شۇنداق بىر قوشۇن شەكىللەندىكى، ئۇ ھۇجۇم ۋاقتىدا گويا كى پەلەكتەك ھەيۋەتلىك، يۈرۈش ۋاقتىدا بەجايىكى يۇلتۇزلاردەك ئىدى. ئۇلار بىرلىكتە دۈشمەنگە قاراپ مېڭىشتى. ئاقار دېگەن جايغا يېتىپ بېرىپ، ئات ـ ئۇلاقلىرىنى دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈن توختىدى، ئاندىن كۆچۈپ يۈرۈپ، سەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۇ يەرگە چۈشتى.

ئەمىر ھۈسەيىنمۇ نۇرغۇن ئەسكەر توپلاپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئالدىراپ مېڭىپ

---

① «قۇرئان كەرىم» 2 ـ سۈرە، 216 ـ ئايەت.
② بۇ سۆز موللا نىياز نۇسخىسىدا «بودغە» ئېلىنغان.

سەيھۇن دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا يېتىپ كەلدى. ئەمما ئۇ تەرەپتىنمۇ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدى يېتىپ كەلگەنىدى. ھەزرىتى ساھىبقىران چىناس ۋە تاشكەند① تۇزلۇكىدە دەريا لېۋىدە لەشكەرگاھ قۇردى. لەشكەرلىرىگە تۇرغان جايىڭلارنى ھەربىي تۇزۇم بويىچە مۇستەھكەم قىلىڭلار، ئېھتىيات شەرتلىرىنى ئورۇنداڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئەمىر ھۇسەيىنمۇ پۈتۈن لەشكىرى بىلەن سەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا چۈشتى. ئۇ تەرەپتىن دۈشمەن لەشكەرلىرى كەندى بادام سۈيىنىڭ قىرغىقىغا كېلىپ چۈشتى. ئەمىر ھۇسەيىن بىلەن ساھىبقىران ئۇ تەرەپتىن يولغا چىقتى. ئۇلار بىر - بىرلىرىنىڭ قاراۋۇللىرىنى كۆرۈش بىلەن ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىشقا كىرىشتى ۋە جەڭ سېپىنى تۈزۈشتى. ئەمىر ھۇسەيىن ئۆزىنىڭ شەۋكەتلىك بايرىقىنى ئەيىۇق② قا كۆتۈردى. سەپنىڭ ئالدىدا! تىلەنچى ئارلات، ھىراۋۇل ئۇلجايتۇ ئەبرەدى، شىر بەھرام بولدى. مۇندىن باشقا پولادبوغا③، فەرھاد ئەبرەدى، مەلىك باھادۇر ۋە بىر نەچچە داڭلىق باھادۇرلار تۇرۇشتى.

دۇنيانىڭ جېنى بولغان ھەزرىتى ساھىبقىران خۇددى يۈرەكتەك سول تەرەپتە غەلىبىنىڭ نىشانى بولغان بايرىقىنى ئۈچىنچى پەلەككە كۆتۈرگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەمىر سارى بۇغا قىپچاق قوۋمى بىلەن تۇرۇشقا بەلگىلەندى. قاراۋۇلغا تۆمۈر خوجا ئوغلان بەلگىلەندى. ئەمىر چاكۇ، ئەمىر سەيفىددىن ۋە ئەمىر مۇراد بارلاس، ئاباس باھادۇر باشلىق بىر قانچە باھادۇر ۋە قىلىچۋازلارنى سول قولدا تۇرغۇزدى. مۇشۇ تەرتىپ بىلەن تۈزۈلگەن قوشۇندىن ئىنتىقام ئېلىش ۋە قەھرىمانلىق كۆرسىتىشنى خالىغان نۇرغۇن قىسىملارنى ئالغا ماڭدۇردى. ئەمما «ھۇنەين كۈنىدە (جېڭىدە) سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى»④ دېگەن ئايەتتە بايان قىلىنغىنىدەك تەڭرىنىڭ ئاجايىب جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلار بولمىدى. چۈنكى ئاۋالقى ئۇرۇشتا (يەنى تىمتەن⑤ ئۇرۇشىدا) جەتە قوشۇنلىرى بۇ تەرەپنىڭ قوشۇنلىرىدىن نەچچە ھەسسە تولا بولسىمۇ، مەغلۇبىيەت جەتە لەشكەرلىرىگە يۈزلەنگەنىدى. بۇ نۆۋەت بۇ تەرەپنىڭ لەشكىرى جەتە لەشكىرىدىن تولا ئىدى، لېكىن جەتە لەشكىرى ھىيلە قىلىشقا كىرىشتى، يەنى ئۇلار تەڭرى ياراتقان ئاجايىب بىر مۆجىزە - يادا تېشىغا مۇراجىئەت قىلىپ چارە ئىزلەشتى. نەزم:

يوق ئېردى ئەدۇۋ خەيلىدە تابى جەڭ،
تىلەپ چارە ئەفسۇن ئىلە ئالدى سەڭ.
يادا تاش ئىلە مەردە ئەفسۇن نىھاد،
جەھان ئىچرە يۇر قىلدى بارانۇباد.
بۇلۇت گۇركىرەپ، باد ئەيلەپ فىغان،
يۇر ئولدى سەۋائىققە روھى جەھان.

قۇياش جەۋزا⑥ بۇرجىدا ئىدى، بۇلۇتنىڭ قارا زىرىھلىق قوشۇنى بىردىنلا،

① «تاشكەند» سۆزى موللا نىياز نۇسخىسىدا يوق، پارىسچە نۇسخىسىدا بۇ سۆزنىڭ ئورنى ئاق قالدۇرۇلغان.
② ئەيىۇق - كاپىللا يۇلتۇزى.
③ موللا نىياز نۇسخىسىدا يۇقىرىدىكىدەك يېزىلغان، خاتا كۆچۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.
④ «قۇرئان كەرىم» 9 - سۇرە، 25 - ئايەت.
⑤ ئىزاھى يۇقىرىدا ئۆتتى.
⑥ كونا ئاسترونومىيىگە ئاساسەن ئاسماندىكى ئون ئىككى بۇرجىنىڭ بىرى، شەمسىيە كالىندارى ھېسابىدا ياز پەسلى ئايلىرىنىڭ ئۈچىنچىسى، 22 - مايدىن 2 - ئىيۇنغىچە توغرا كېلىدۇ.

مەركەبى باد ئۇلۇپ سۇلەيمان ۋار،
رەئد غۇرران بەرق ئاتەشبار.

تەقدىرنىڭ پىستىرمىسىدىن چىقىپ ھاۋادا كۆرۈندىدە، گۇلدۇر - قاراس ساداسىنى كۆك گۇمبىزىگە يەتكۇزدى ھەم گۇلدۇرماما ياسىدىن چاقماق ئوقلىرىنى ھەر تەرەپكە ئېتىشقا باشلىدى، يامغۇر ئوقلىرى ئالەمنى بىر ئالدى.
ئۇ كۈنلەردە زاماندا يېڭى - يېڭى پىتنە - پاساتلار پەيدا بولغانىدى. شۇ سەۋەبتىن شۇنىڭغا يارىشا بۇلۇت كۆزىدىن شۇنداق ياش تۆكۈلدىكى نەتىجىدە زور توپان بارلىققا كەلدى.
نەزم:

توفان بۇ يەردە بولدى ھۆۋەيدا مەگەركى ئەبر-
ئولدەم ئىشىتتى نوھ دۇئاسى سەداسىنى.

شۇنچىلىك ھۆلچىلىك بولدىكى، گويا يەر - زېمىن سۇ ئىچىدە بېلىقتەك لەيلەپ قالغاندەك بولدى. جەڭ مەيدانىدىكى ئات - ئۇلاقلار لايغا شۇنچىلىك پېتىپ كەتتىكى، ئۇلارنىڭ قوساقلىرى يەر يۈزىگە يېپىشىپ قالدى. ھۆلچىلىكنىڭ تەسىرى بىلەن يا كىرىچى يۇمشاپ كېتىپ تىترەيدىغان ۋە خۇددى پالەچ كېسەللىككە دۇچار بولغاندەك لەقۋالىشىپ، تولغىنىدىغان بولۇپ قالدى. يا ئوقىنىڭ قاناتلىرى تۆكۈلدى ۋە ئوقىنىڭ تۇمشۇقىمۇ كاردىن چىقتى. ھۆلچىلىكنىڭ قاتتىق بولغانلىقىدىن ئېگىن - ئاياق ۋە باشقا ئەشيالار شۇنچىلىك ئېغىر بولدىكى، مەيلى ئاتلىق، مەيلى پىيادە ھەرىكەت قىلالماي قالدى. ئەھۋال مۇشۇنداق بولسىمۇ، بۇ تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى سانىنىڭ كۆپلۈكى ۋە يۈكسەك قەھرىمانلىقىدىن ئالدىغا ماڭاتتى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۆزلىرى تۇرغان جايىدىن بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىمەي، باشلىرىغا كىگىز يېپىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كىيىم - كېچەك ۋە قۇراللىرىنى يامغۇردىن ساقلايتتى. بۇ تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارغا يېقىن كېلىشى بىلەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى باشلىرىدىن كىگىزلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئاسانلىق بىلەن ئاتلىنىپ جەڭگە كىرىشتى.
نەزم:

دەم كەرنايۇ سىپەھ نەئرەسى،
پۈركۆككە يەتكۈردى شورىشى بەسى.
بۇ شۇرەش بىلە كىم دەم زى مېھرى يەر،
سىپەھ نەئرەسى ئېردى بارانى تىير.
يېتەردىن ئىدى ناۋەكى دىيدە دۇز،
نەفس تەن مەجارىسىدا سىينە سوز.

ھەزرىتى ساھىبقىران تەڭرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ سول قولدىن ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئەمىر ھەمىدىنىڭ قېرىندىشى شەنكۇم نويان باشچىلىق قىلىۋاتقان سول قولىغا زەربە بەردى. ئىلياس خوجاخان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قېچىشقا باشلىغانىدى، لېكىن تەلەي يۈزىنى تەتۈر ئۆرىدى. دۈشمەنلەرنىڭ شىراۋۇل ۋە ھاجى بەگلەر باشچىلىق قىلىۋاتقان سول قول قىسىملىرى بۇ تەرەپنىڭ ئوڭ قول قىسىملىرىغا غالىب كەلدى ۋە تىلەنچى بىلەن زىندە

www.uyghurkitap.com

چەشمىلەرنى قوغلاپ ئەمىر ھۈسەيىنىڭچە يېتىپ كەلدى. ئەمىر ھۈسەيىنىنىڭ قىسمىلىرى چېچىلىپ قاچقىلى باشلىدى. ئەمما شىربەھرام ۋە پولاد بوغا[1] بەرداشلىق بېرىپ، چىڭ تۇرۇپ مەردانىلىك كۆرسەتتى. ھاجى بەگ بۇ تەرەپنىڭ ئوڭ قول قىسىملىرىنى ئالدىغا سېلىپ قوغلىدى. فەرھاد ۋە ئەمىر بېكتۆمۈر بۇ ھالنى كۆرۈپ تاڭ قېتىپ قالدى. ئەمما، ئۇ تەرەپتىن ئەمىر شەمسىددىن ھەم نۇرغۇن بىر قىسىم ئەسكەر بىلەن قەھرىمانلىق قولىنى غەيرەت يېڭىدىن چىقىرىپ، مەردانىلىك كۆرسەتتى. ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ غەزەپ ئوتى ئۆرلىدى ۋە قۇدرەتلىك، زەپەر قۇچقۇچى قولى بىلەن، نەزم:

كى شەمشىردىن ئوت چىقاردى جەۋاب،
قىلىپ خىيرە ئول چەشمەئى ئافتاب.
تەكاۋەر سۈرۈپ مىسلى غۇررەندەئى شىر،
تۆمۈردىن كۆلاھ ئەژدەھايى بەزىر.

ئۇن يەتتە مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئات سالدى ۋە ھۇجۇم شامىلى بىلەن ئۇلارنىڭ قارارخانىسىغا قورقۇنچ ئوتىنى ياقتى. ئەمىر شەمسىددىن ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ غەزەپكە كەلگەنلىكىدىن قورقۇپ، ئىقتىدار تىزگىنىنى جەڭ مەيدانىدىن ياندۇرۇپ، ئۈمىدسىزلىنىپ نائىلاج قېچىشقا مەجبۇر بولدى. نەزم:

ھەملەسىن ھەر كىشى كى بىلسە يەقىن،
پايۇ دەستى ئانىڭ گۇماندا ئېرۇر.

ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ مەدەت قىلىشى بىلەن ئەمىر ھۈسەيىنىنىڭ غەيرىتى ئاشتى ۋە چېچىلىپ كەتكەن قوشۇنلىرىنى يىغىپ، سەپ تۈزۈپ تۇردى. نەزم:

بولۇپ يار ئىقبالى شاھى جەھان،
سىپەھنىڭ تەنىگە يەنە كىردى جان.

ھەزرىتى ساھىبقىران ئۆز نۆۋكەرلىرىدىن تابان باھادۇر[2] نى ئەمىر ھۈسەيىنىنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى ۋە «ئىشنىڭ ياخشىسى شۇكى، ئەمىر ئىلگىرىلىسۇن، بىللە ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ شەۋكىتىنى بىت ـ چىت قىلايلى. ھازىر ئۇلارنىڭ قارشىلىق قىلغۇدەك ۋە ھۇجۇم قىلغۇدەك كۈچى يوق» دەپ ئېيتىپ بەردى. ئەمما، ھەزرىتى ساھىبقىران مۇنداق غەيرەتكە كەلگىنى بىلەن، ئەمىر ھۈسەيىنىنىڭ بەخت يۇلتۇزى ئارقىسىغا قايتىشقا باشلىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بەخت قۇياشى زاۋاللىققا يۈز تۇتقانىدى. «بىر قوۋم ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىسە، تەڭرى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ»[3] دېگەن ئايەتتە دېيىلگىنىدەك بۇ كۈنلەردە ئەمىر ھۈسەيىنىنىڭ تەبىئىتى بۇرۇنقىدىن ئۆزگىرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلۇپ، يامان ئىشلارنى قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

تابان باھادۇر ئەمىر ھۈسەيىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ سۆزلىرىنى

---

① بۇ سۆزمۇ بۇقىرىقىدەك «بودغە» دەپ يېزىلغان.
② موللا نىياز نۇسخىسىدا بۇ باھادۇرنىڭ ئىسمى كېيىن مەلۇم بولىدۇ. بۇ جايدا «بىر باھادۇر» دېيىلگەن.
③ «قۇرئان كەرىم» 13 ـ سۈرە، 11 ـ ئايەت.

يەتكۈزدى. لېكىن ئەمىر ھۈسەيىن ئۇنى قوبۇل قىلمىدى ۋە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ ئۇنىڭغا دەشنام بەردى. ئاندىن، ھەزرىتى ساھىبقىران ئىككىنچى قېتىم مەلىك بىلەن ئەمىر ھۈسەيىننىڭ باھادۇرلىرىدىن ھەممىدىنى ئەۋەتتى ۋە «ئەمىرگە ئېيتقىن، پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالمىسۇن، كېچىكمەي تېزلىكتە ئىلگىرىلىسۇن» دەپ ئېيتىپ بەردى. ئەمىر ھۈسەيىن بۇ سۆزلەرنى قۇلاققا ئالمىدى ۋە مەلىك بىلەن ھەممىدىگە دەشنام بەردى ۋە ئۇلارغا تەھدىد قىلىپ: «مېنى ئىلگىرى ماڭسۇن دېيىشلەر، مەن قاچتىممۇ؟ ئەگەر سىلەر غالىب بولساڭلار، قېنى جەڭگە كىرىڭلار، دۈشمەن قولىدىن بىر كىشى جېنىنى قۇتۇلدۇرالايدۇ. دەپ ئويلامسىلەر؟» دېدى. مەلىك ۋە ھەممىدى ئەمىر ھۈسەيىندىن ئازار يەپ قايتتى ۋە ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ شاھانە تىزگىنىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ «بۇ ئۇرۇشتا ئەمدى ئىرىشچانلىق كۆرسەتكىلى بولمايدۇ، ئەمدى كۆچەپ كەتمەيلى» دېدى. ھەزرىتى ساھىبقىران ئۇلارنىڭ سۆزىنى رەت قىلمىدى. ئارتۇق كۆچەشتىن قولىنى تارتتى. ئىككى تەرەپنىڭ سول قول قىسىملىرى ئۆز قارشىسىدىكىلەرنى قوغلاپ زەربە بېرىپ بىرسى ئىككىنچىسىنىڭ يېرىنى ئىگىلەپ، ئۆزلىرى ئىگىلىگەن يەرگە جايلاشقانىدى. نەزم:

تاپىب جۇملە ئاسايىش ئول بابدىن،
تاڭ ئاتقۇنچە تەبرەنمەدى ئۆز جايىدىن.

شۇ كېچىسى[1] ئەمىر ھۈسەيىن ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلىپ نەچچە قېتىم كىشى ئەۋەتتى، لېكىن ھەزرىتى ساھىبقىران قوبۇل قىلمىدى. نەزم:

چۇ تاڭ بولدى بۇ تۇركى سۇلتان شۇكوھ،
كى دەريايى چىندىن قىلىپ...كوھ[2]
تىلەپ بىر بىرىدىن ئىكى جىيش خون.
ئەلەم تىكتىلەر گويىيا بى ستۇن.
دەمى نەي چىققاچ كى چۇن رۇستەخىز،
سىنان مەرگ ئاسۇدەگە دېدى خىز.
قىزا بولدى ئوق باشىغە ھەم ئىنان
نەھەڭگى بەلا ئاچتى ئول دەم دەھان.

ئىككى تەرەپنىڭ تەجرىبىلىك قەھرىمانلىرى بىر - بىرىگە قارشى ئوتتۇرىغا چىقىشتى، زور ئۇرۇش بولدى. جەتە لەشكەرلىرى زەربە يەپ ئارقىسىغا قاچتى. بۇ تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى قاچقانلارنىڭ ئارقىسىدىن خۇددى ئۇلارنىڭ جېنىدەك قوغلاپ ماڭدى. زامانەنىڭ ئىشى بىر قېلىپتا ماڭمىغان ئىدى. بۇ چاغدا ئەمىر شەمسىددىن ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ توغى قالغان بىر مۇنچە ئەسكەرلەر بىلەن پەيدا بولدى ۋە بۇ تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى قاچقانلارنى قوغلاپ مېڭىشتىن تىزگىنىنى تارتىپ، ئەمىر شەمسىددىننىڭ مەزكۇر ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئاندىن زەربە يەپ قېچىپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەر يەنە يىغىلىپ بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتتى، يەر - زېمىن لەرزىگە كەلدى. نەزم:

---

[1] بۇ سۆز موللا نىياز نۇسخىسىدا يوق، پارسچە نۇسخىغا ئاساسەن قوشۇپ قويۇلدى.
[2] موللا نىياز نۇسخىسىدا بىر سۆز چۈشۈپ قالغان.

تەكاۋەرنى ھەر سارىدىن سۈردىلەر،
كى بىر بىرىگە شەمشىرى كىن ئۇردىلەر.
دوبۇلغە ھەم ئوقدىن ئۇلدى زىرىھ،
دىلۇ دىيدەدە بولدى تىيزۇ گىرىھ.

ئادىتى تۇراقسىز بولغان زامان بەخت ـ سائادەت بىلەن كۆتۈرۈلگەن بايراقنى ئاپەت بىلەن يەرگە چۈشۈردى. بۇ تەرەپنىڭ قوشۇنى غالىب بولغانىدى، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قېچىشقا يۈزلەندى. نەزم:

چۇ كۆرسەتسە راھەت سەرايى سەنج،
خۇش ئولما كى يەتكۈرگەي ئول لەھزە رەنج.

بۇ قالايمىقانچىلىق، تەپرىقچىلىقتا نۇرغۇن ئادەم لايىغا پېتىپ قالدى. مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتقان دۈشمەنلەرگە قايتىدىن كۈچ كىرىپ، ئىنتىقام قىلىچىنى خالىغانچە ئىشقا سېلىشتى. ئۇ جەڭ مەيداندا ئون مىڭچە كىشى جانلىرىدىن ئايرىلدى. «تەڭرىنىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىپ كەتكەن ھۆكۈمدۇر»①. بۇ ۋاقىئە 766 ـ يىلى (مىلادىيە 1365) يەنى يىلان يىلى، رامزان ئېيىنىڭ بېشىدا يۈز بەرگەنىدى. تەخمىنەن ئەقرەب بۇرجىدا كۆرۈنىدىغان «قىراناتى مۇسەللەسە»② دىن مۇنەججىملەر «قىرانى مۇتەفەررىقە ـ چېچىلىپ كەتكەن تۆتاش يۇلتۇز» دەپ ئاتايدىغان سەككىزىنچى تۆتاش يۇلتۇز يېقىندا كۆرۈنگەنىدى.

[مەن بۇ سۆزلەرنى قىسسەنى تاماملىماق مەقسىتىدە يازدىم، ھادىسىلەرنى پەلەكنىڭ ۋەزىيىتىگە ئاساسلاندۇرۇش مەقسىتىدە ئەمەس، چۈنكى، مەۋجۇتلۇققا تەڭرىدىن باشقا تەسىر قىلغۇچى يوقتۇر③].

ئەمىرلەر ئۇ يەردىن كۆچۈپ كېشكە كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆيىنى ۋە ئۆز ئېلىنى جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتكۈزمەكچى بولۇشتى. ئەمىر ھۈسەيىن ھەزرىتى ساھىبقىرانغا «ئۆيىنى ۋە ئەلنى جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈش ئەقىلگە مۇۋاپىق» دېدى. ھەزرىتى ساھىبقىران «ئۇلار دەريادىن ئۆتمەكچى بولۇپ كېتىشتى. ئەمما مېنىڭ ۋىلايەتنى جەبىر ـ زۇلۇم تارتىپ، پۇتۇنلەي ئاياغ ئاستى بولۇشقا تاشلاپ بېرىشكە غەيرىتىم يول قويمايدۇ. يەنە بىر قېتىم قوشۇن توپلاپ دۈشمەنگە قارشى تۇرماقچىمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

ئەمىر ھۈسەيىن ئۇ يەردىن سالى سارايغا قاراپ ماڭدى. سالى سارايغا يېتىپ بارا ـ بارماي ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەل ـ تاۋاباتىنى كۆچۈرۈپ، دەريادىن ئۆتكۈزدى ۋە ئېگىز ـ پەس دۆڭلۈكلەردىن ئۆتۈپ، شىبەرتۇ دېگەن يەرگە جايلاشتى ھەم جەتە لەشكەرلىرىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر يەتكۈزسە، ھىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىشنى كۆزلەپ قاراۋۇللارنى قويدى.

ئەمىر ھۈسەيىن كېتىشتىن مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن ھەزرىتى ساھىبقىران بار كۈچى بىلەن ئەسكەر توپلاشقا كىرىشتى ۋە ياخشى تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىسىدا ئون ئىككى قوشۇن ئەسكەر يىغدى. ئۇلاردىن يەتتە قوشۇننى تۆمۈر خوجا ئوغلان④، جاۋۇرچى ۋە

① «قۇرئان كەرىم» 33 ـ سۈرە، 38 ـ ئايەت.
② «قىراناتى مۇسەللەسە ـ ئۈچلۈك تۆتاش يۇلتۇزلار.
③ چوڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەر موللا نىياز نۇسخىسىدا يوق. پارسچە نۇسخىسىغا ئاساسەن ئېلىندى.
④ بۇ سۆز موللا نىياز نۇسخىسىدا «تومۇرخان» يېزىلغان. پارسچە نۇسخىغا ئاساسەن ئالدۇق.

ئاباس باھادۇرنىڭ يېتەكچىلىكىگە بېرىپ ئالدىن سەمەرقەندكە يولغا سالدى. ئۇ يەردە جاۋۇرچى شارابخورلۇققا بېرىلىپ كەتتى.

[الراح كا لريح ان مرت على عطر
طابت و تخبث ان مرت على الجيف

شاراب شامالغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئەتىرنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، خۇشپۇراق بولىدۇ. ئەگەر چىرىندىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، سېسىق پۇراق ئالىدۇ، دېمەك، ئۇنىڭ كۆڭلىدە يېنىپ تۇرغان يامان نىيەتلىك ئوت ئۇنىڭ ئاغزىدىن لاۋۇلداشقا باشلىدى[1] . ئۇ داۋۇد شاھ بىلەن ھىندۇ شاھنى «پالانى كىشى يەنى ھەزرىتى ساھىبقىران سىلەرنى تۇتۇپ ئەمىر ھۇسەينىگە ئەۋەتىپ بەرمەكچى، ئەمىر ھۇسەيىن سىلەرنى تەخىر قىلماي ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ» دەپ قورقۇتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەك قورققىنىدىن قېچىپ، دۇشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار كۆكىنەك[2] دېگەن يەرگە يېتىپ بېرىشى بىلەن جەتە لەشكەرلىرىدىن ئۇلۇغ توقتۇمۇرنىڭ ئوغلى كېپەك تۆمۈر، شىراۋۇل، ئىگىرچاق ۋ، ھاجىبەگلەر باشلىغان ئالدىنقى قىسىملىرى بىلەن قوشۇلدى ۋە ئۇلارغا يول باشلاپ تۆمۈر خوجا ئوغلان، جاۋۇرچى ۋە ئاباس باھادۇرنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ باردى ۋە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. بۇ ئۇچەيلەنىڭ ئەسكەرلىرى پەرىشان بولۇپ چېچىلىپ كەتتى.

ھەزرىتى ساھىبقىران بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار بولدى ۋە دۆلەتنىڭ ئىشىدا تېخى بىر تەخىر قىلىش جەريانىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئارتۇق كۆچەپ كېتىشىنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلدى. «ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا تىرىشىدۇ. زامانىنىڭ ياردىمى ۋە ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ساقلاپ تۇرۇش ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس».

ھەزرىتى ساھىبقىران ئامۇر (جەيھون) دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بەلخنى قارارگاھ قىلدى ھەم ئۆزىنىڭ تۇمەنىنى، چېچىلىپ كەتكەن ئېلىنى تامامەن يىغدى. كېپەكخان ۋە ئېلچى بۇغا[3] سۇلدۇزنىڭ تۇمەنلىرىنىمۇ توپلاتتى. بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى دەريا لېۋىنى ساقلاشقا قويدى. ئۇلارنىڭ سەگەك ۋە ھوشيار تۇرۇپ، چوڭ ياكى كىچىك ھادىسىلەردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشىنى جېكىلىدى. تۆمۈر خوجا ئوغلاننى قىلغان گۇناھى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ئۆزى دۆلەت ۋە ھۆكۈمدارلىق قۇياشىنىڭ چىقىشىنى ساقلاپ، خۇشال - خورام تۇرمۇشتا ياشىدى. نەزم:

غەنىيمەتدۇر بۇ پانى دەھر ئارا ئەي خاجە بۇ فۇرسەت،
ئەگەر بىرلەھزە ھەم بولسە مۇيەسسەر ئەيلەگىل ئىشرەت.

جەتە لەشكەرلىرى سەمەرقەندگە كەلدى. ئۇ چاغدا سەمەرقەندنىڭ سېپىلى يوق ئىدى. مەۋلانا زادە سەمەرقەندى ۋە مەۋلانا خۇردەك بۇخارى ۋە ئەبۇبەكر كەلدى نەدداف شەھەر خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ شەھەرنى ۋە شەھەر كوچىلىرىنى مۇداپىئە قىلىشقا كىرىشتى.

بىر مۇددەت قەھرىمان بىر پادىشاھنىڭ قول ئاستىدا بولمىغان بۇ خەلق شۇنداق بىر مەككار ۋە خەتەرلىك زور قوشۇنغا قارشى مۇداپىئەدە شۇنداق بەرداشلىق كۆرسەتتىكى، دۇشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قولى شەھەر ئاھالىسىنىڭ مال - ئەشياسىغا يېقىن يولىيالماي

---

① چوڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان بۇ سۆزلەر موللا نىياز نۇسخىسىدا يوق، پارسچە نۇسخىغا ئاساسەن ئېلىندى.
② بۇ سۆز رۇسچە تەرجىمىسىدە «кулянг» ئېلىنغان.
③ موللا نىياز نۇسخىسىدا «ايكنجي بوغا» دەپ خاتا يېزىلغان.

قالدى. خالايىق ئۇزۇن مۇددەت مۇھاسىرە ئىچىدە قىلىپ تولا تەڭلىك تارتتى. شۇ چاغدا ئاجىزلارنىڭ ياردەمچىسى بولغان تەڭرى ئۇلارغا يار - يۆلەك بولدى. «ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۇللۇكتىن كېيىن بىر ئاسانلىق بار، ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىق بار»① دېگەن ئايەتنىڭ روھ بەخش قىلغۇچى سەلكىنى تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى تەرىپىدىن چىقىشقا باشلىدى. جەتە لەشكەرلىرىنىڭ ئاتلىرىغا ۋابا تېگىپ②، ئاتلىرى شۇنچىلىك كۆپ ئۆلدىكى، تۆت ئاتلىق ئەسكەردە بىردىن ئات قالدى. شۇنىڭ بىلەن جەتە لەشكەرلىرى ئاجىزلىشىپ، قايمۇقۇپ نائىلاج چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سادادىقلىرىنى ئۇچىلىرىغا ئارتىپ، پىيادە قېچىشتى. مۇنداق زور لەشكەرگە تاقابىل تۇرۇپ مەملىكەتنى مۇھاپىزەت قىلىش ئەسلىدە مەشھۇر پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ نايىبلىرىنىڭ ھىممىتى بىلەن بولىدىغان ئىش ئىدى، لېكىن پۇقرانىڭ قولىدىن كەلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىر قىسىم قۇۋۋىتى بارراق كىشىلەر مەغرۇرلىنىپ كەتتى ۋە ئۆز ھەددىدىن ئېشىپ زىيانكەشلىك قىلىشقا قەدەم قويدى، قان تۆكۈش، پىتنە - پاسات قوزغاشقا قول ئۇزاتتى. مىسرا:

گەدا خەيلىغە ھەرگىز مۇئتەبەرلىك يەتمەسۇن يارەب.

جەتە لەشكەرلىرى چېكىنمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ھەزرىتى ساھىبقىران ۋەزىيەتنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئابباس باھادۇرنى قەلئەگە ئەۋەتكەنىدى. ئابباس باھادۇر ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن ھەزرىتى ساھىبقىرانغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ھەزرىتى ساھىبقىران جەتە لەشكەرلىرىنىڭ يانغىنىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئەمىر ھۈسەيىنگە «بۇ ھالدىن خەۋەردار بولۇپ، بۇ ياققا كەلسۇن» دەپ ئادەم ئەۋەتتى. ئەمىر ھۈسەيىن ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ھەددىدىن ئارتۇق خۇرسەن بولدى ۋە دەرھال شىبەرتۇدىن كۆچۈپ، سالى سارايغا قاراپ ماڭدى. ھەزرىتى ساھىبقىران ئۆيى ۋە ئېلىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ، قەدىمى يۇرتىغا ئىۋەتىۋەتكەنىدى. ئۆزى ئەمىر ھۈسەيىننى قارشى ئېلىشقا چىقتى. ئۇلار باقلان ۋادىسىدا ئۇچراشتى ۋە بىر - بىرلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئېھتىرام قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئۆتكەن - كەچكەن ۋە كەلگۈسى ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەشتى. ئاندىن كېيىن، باش ئەتىيازدا سەمەرقەندكە مېڭىشقا قارار قىلىشتى. ئاندىن، ھەزرىتى ساھىبقىران سائادەت بىلەن قايتىپ، جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، مەنزىللەرنى بېسىپ قارشىغا كېلىپ چۈشتى.

ئۇ شەھەرنىڭ قارشى ئاتىلىشىغا سەۋەب شۇ بولغانكى، كېپەكخان نەسەف (نەخشەب) شەھىرىدىن ئىككى پەرسەخ يىراق جايدا بىر قەسىر بىنا قىلغانىدى. مۇغۇللار «قەسىر» سۆزىنى «قارشى» دېيىشەتتى. ھەزرىتى ساھىبقىران قىش پەسلىدە ئۇ يەردە توختىدى ۋە قارشىنىڭ سېپىل، ئىمارەتلىرىنى تۈزىتىشكە ئەمىر قىلدى ھەم ئۇ قىشلىقنى بۇ قورۇلۇشنى تامام قىلدى. نەزم:

نە خاھىش ئەيلەسە قىلدى قەزا راست،
ئۇمىدى تۇخمى ئۈندى بىكامۇ كاست.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

---

① «قۇرئان كەرىم» 94 - سۈرە، 5 -، 6 - ئايەتلەر.
② «جەتە لەشكەرلىرىنىڭ ئاتلىرىغا ۋابا تېگىش» دېگەن بۇ مەزمۇن موللا نىياز نۇسخىسىدا يوق. پارسچە نۇسخىسىغا ئاساسەن ئېلىندى. بۇ چۇما كېسىلى بولۇشى مۇمكىن.

# سائەتنامە[1]

## نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرىدە ئىمىن

### بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم

......ئەمدى سۆزىمىزنى نەس ئىشلار ھەققىدىكى بايانىمىزدىن باشلايمىز. نەس ئىشلار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. 1. چوڭ نەسلىك (نەھس ئەكبەر)، 2. بىر قەدەر ئېغىر نەسلىك (نەھس ئەزىم)، 3. چوڭراق نەسلىك (نەھس ئەسغەر) تىن ئىبارەت.

چوڭ نەسلىك (نەھس ئەكبەر) ھەر ئايدا ئىككى كۈندۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يىلدا يىگىرمە تۆت كۈن نەس كۈنلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ كۈنلەردە ھېچقانداق ئىشقا قەدەم قويماسلىق كېرەك. شۇ كۈنلىرى تۇغۇلغان بالا زالىم، خۇنخور ۋە يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بىرەر ئادەم ئەنە شۇ نەس كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېسەلگە گىرىپتار بولسا، ئۇنىڭ كېسىلى ھەرگىز شىپا تاپماس. شۇڭا بۇ كۈنلەردىن ئېھتىيات قىلىش بەكمۇ زۆرۈردۇر». پېشكەللىك كېلىدىغان كۈنلەر (نەھس ئەكبەر) مۇنۇلاردۇر.

ئاشۇرا ئاينىڭ تۆرتى، ئونبىرى نەستۇر،
سەپەر ئاينىڭ بىرى، يىگىرمىسى نەستۇر.
رەبىيەل ئەۋۋەل ئاينىڭ سەككىزى، يىگىرمىسى،
رەبىيەلئاخىر ئاينىڭ بىرى، ئونبىرى نەستۇر.
جەمادىيەلئەۋۋەل ئاينىڭ ئونى ۋە ئونبىرى نەس،
جەمادىيەلئاخىر ئاينىڭ ئىككىسى تۆرتى نەستۇر.

دۇئا ئاينىڭ ئونبىرى، ئون ئۈچى نەستۇر،
بارات ئاينىڭ تۆرتى، ئالتىسى نەستۇر.
رەمەزان ئاينىڭ ئۈچى، سەككىزى نەستۇر،
ھېيت ئېيىنىڭ ئالتىسى، سەككىزى نەس.
ئارا ئاينىڭ ئىككىسى، ئۈچى نەستۇر،
قۇربان ئاينىڭ ئالتىسى، يىگىرمىسى نەس.

چوڭراق پېشكەللىك (نەھس ئەسغەر) مۇنۇ كۈنلىرى يۈز بېرىشى مۇمكىن:

ھەر ئايدا يەتتە كۈن نەستۇر ئەي مۇئمىن،
ھەزەر قىل بەلادىن بولاي دېسەڭ ئەمىن.
ئۈچى ۋە ئون ئۈچى، ئون ئالتە ھەم بەش،
يىگىرمە بىرى، يىگىرمە تۆرتى، يىگىرمە بەش.

بىر قەدەر ئېغىرراق پېشكەللىك (نەھس ئەزىم) ئايدا بىر كۈن بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسساللامغا ھەزرىتى جىبرىئىل مۇنداق خەۋەر بەرگەن: «ئەي رەسۇلىللاھ، تەڭرىتائالا، ئەگەر دوستۇم ھەزرىتى ئەلىنى جەڭگە ماڭغۇزۇشنى نىيەت قىلسا

---

(1) ...بەتتىكى «سائەتنامە ھەققىدە» ناملىق ماقالىگە قاراڭ.

ياخشى ۋە نەس كۈنلەرنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلسۇن. نەسىنىمۇ مەن ياراتتىم، » . شۇڭا، ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش لازىم.

ئاشۇرا ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىسى، سەپەر ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى، رەبىيئۇلئەۋۋەلنىڭ ئون تۆرتى، رەبىيئۇلئاخىرنىڭ يىگىرمىسى، جەمادىيەلئەۋۋەلنىڭ يىگىرمە سەككىزى، جەمادىيەلئاخىرنىڭ يىگىرمە ئىككىسى، دۇئا ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى، بارات ئاينىڭ يىگىرمىسى، رەمەزاننىڭ ئون تۆرتىنچى كۈنى، ھېيت ئاينىڭ بەشىنچى كۈنى، ئارا ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى، قۇربان ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنلىرى نەستۇر.

## كۈنلەر ھەققىدىكى بايان

ھەر ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى مۇبارەك بولۇر. تەڭرىتائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقان كۈندۇر. بۇ كۈنى ھاجەت تىلىمەك، ئۇلۇغلار بىلەن كۆرۈشمەك، سەپەرگە چىقىش، بىرەر ئىشنى باشلاش، نىكاھ قىلىش، سودا - سېتىق ئىشلىرى، قۇرۇلۇش باشلاش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىش ياخشى. ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى دۇنياغا كەلگەن (تۇغۇلغان) بالا دۆلەتمەن بولىدۇ.

ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى ھەم مۇبارەك كۈندۇر. تەڭرىتائالا بۇ كۈنى ھەزرىتى ھەۋۋا (ھاۋا ئانا) نى ياراتتى. ئاينىڭ بۇ كۈنى نىكاھ قىلىش، تىجارەت قىلىش، قۇرۇلۇش باشلاش، ئۆيدىن - ئۆيگە كۆچۈش، سەپەر قىلىش، دورا ئىچىش، چوڭلار - ئۇلۇغلار بىلەن كۆرۈشۈش، كۆل - ئېرىق قېزىش، بىرەرسى بىلەن شېرىكلىشىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلسا ئاقىۋىتى ياخشى بولىدۇ. مۇشۇ كۈنى دۇنياغا كەلگەن بالا بەخت - سائادەتلىك بولىدۇ.

ئاينىڭ ئۈچىنچى كۈنى نەستۇر. بۇ ئادەم بىلەن ھەۋۋا بېھىشتىن قوغلانغان كۈندۇر. بۇ كۈنى ھېچقانداق بىر ئىش ئوڭغا تارتمايدۇ.

ئاينىڭ تۆتىنچى كۈنى مۇبارەكتۇر. بۇ كۈنى جەڭگە ئاتلىنىش، سەپەر قىلىش، دەۋا - دەستۇر قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەمما قان ئالدۇرۇشقا بولمايدۇ، نەسلىك كېلىپ چىقىدۇ.

ئاينىڭ بەشىنچى كۈنى ياخشى ئەمەس. چۈنكى بۇ قابىل ھابىلنى[1] ئۆلتۈرگەن كۈندۇر. ھەر قانداق ئىشنى باشلىسا ئوڭۇشسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ. بۇ كۈنى تۇغۇلغان بالىمۇ ناھەق قان تۆككۈچى بولۇپ قالىدۇ.

ئاينىڭ ئالتىنچى كۈنى مۇبارەكتۇر. بۇ كۈنى سەپەر قىلىش، ئىمارەت قىلماق، شىكار — ئوۋ ئوۋلاش، پادىشاھلارغا يېقىنلىشىش قاتارلىق ھەر قانداق ئىشنى باشلىسا ئوبداندۇر. لېكىن بۇ كۈنى تۇغۇلغان پەرزەند زالىم ۋە قاتىل بولغاي.

ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى مۇبارەكتۇر. سودا - سېتىق، يېڭى كىيىم كىيىش ۋە يېڭى كىيىم كېسىش، ئەلچى ئەۋەتىش، قۇرۇلۇش باشلاش قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلار ئۈچۈن ياخشى كۈندۇر.

ئاينىڭ سەككىزىنچى كۈنىمۇ ھەممە ئىشلار ئۈچۈن مۇبارەك كۈندۇر. ئەمما ھىجامەت[2] قىلىش، قان ئالدۇرۇش، ئۇلۇغلارنىڭ ئالدىغا بېرىش قاتارلىق ئۈچ ئىشنى بۇ كۈنى قىلماسلىق كېرەك. ئېھتىيات قىلمىغاندا، كېلىشمەسلىك (نەسلىك) يۈز بېرىدۇ. بۇ كۈندە تۇغۇلغان بالا ئىنتايىن بەختلىك بولغاي، بۇنىڭغا تەڭرى گۇۋاھدۇر.

ئاينىڭ توققۇزىنچى كۈنى مۇبارەكتۇر. دورا ئىچىش (داۋالىنىش)، ئىشرەت

(ئويۇن - تاماشا) قىلىش، خەت يېزىش، سەپەرگە چىقىش، قان ئالدۇرۇش ۋە ھىجامەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق كۈندۇر.

ئاينىڭ ئونىنچى كۈنىمۇ مۇبارەك كۈندۇر. بۇ كۈنى نوھ ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان. شۇڭا، ھەممە ئىشلار ئۈچۈن ياخشى. سەپەرگە چىقىش، نىكاھ - ئەقدە قىلىش، دەرەخ تىكىش، كۆل - ئېرىقلارنى قېزىشقا ناھايىتى ئوبدان چاغ. ئەمما ئۇلۇغلارنىڭ ئالدىغا بېرىش ۋە قان ئالدۇرۇشقا بولمايدۇ. ياخشى ئەمەستۇر.

ئاينىڭ ئونبىرىنچى كۈنى مۇبارەك كۈندۇر. كىتابەت (يېزىقچىلىق) قىلماق، ئۆگىنىشنى باشلاش، خەتنە قىلىش، دەرەخ تىكىش، سەپەرگە چىقىش قاتارلىق ئىشلارنى مۇشۇ كۈندە باشلىسا ياخشى. ھەر قانداق پەرزەند مۇشۇ كۈنى دۇنياغا كەلسە، سائادەتمەن، بەختلىك بولغاي.

ئاينىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى ھەم مۇبارەكتۇر. بۇ كۈندە ھاجەت تىلىمەك، ئۇلۇغلار بىلەن كۆرۈشۈش، ئىشرەت - تاماشا قىلىش، سودا - سېتىق، دەۋا - دەستۇر قاتارلىق ئىشلارنى قىلسا، نەتىجىسى ياخشى بولىدۇ. بۇ كۈنى تۇغۇلغان بالا دانىشمەن بولغاي. ئەمما قان ئالدۇرسا ياخشى ئەمەستۇر.

ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى بارلىق ئىشلار ئۈچۈن ئىنتايىن نەستۇر (تەڭرى گۇۋاھتۇر).

ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى بارلىق ئىشلارغا ياخشىدۇر. ئەمما قان ئالدۇرسا خەتەردۇر. بۇ كۈندە پەرزەند تۇغۇلسا خۇش خۇي، خۇش پېئىل بولۇر.

ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ھەممە ئىشلار ئۈچۈن مۇبارەك كۈندۇر. لېكىن قان ئالدۇرسا خەتەرلىك.

ئاينىڭ ئون ئالتىنچى كۈنى نەستۇر. ھېچقانداق ئىشقا ياخشى ئەمەس.

ئاينىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى ئوتتۇرا ھال كۈندۇر. ئەمما بەزى ئۆلىمالارنىڭ دېيىشىچە، ئاينىڭ ئون يەتتىنچى كېچىسى ۋۇجۇدقا كەلگەن بالا ساراڭ (دىۋانە) بولارمىش. ئەمما بۇ كۈندە قان ئالدۇرغان ياخشىدۇر.

ئاينىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى مۇبارەكتۇر. زىرائەت تېرىماق، سەپەرگە چىقىش، نىكاھ قىلىش، دورا ئىچىش (داۋالىنىش)، ھاجەت تىلىمەك، قۇرۇلۇش باشلاش قاتارلىق كۆپلىگەن ئىشلار ئۈچۈن مۇۋاپىق كۈندۇر.

ئاينىڭ ئون توققۇزىنچى كۈنى ئوتتۇراھال كۈن (بەزى، قىسمەن ئىشلارغا). قان ئالدۇرۇش، ئىلىم ئۆگىنىش، خەرج - خىراجەت قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن ياخشى.

ئاينىڭ يىگىرمىنچى كۈنى مۇبارەكتۇر. ھەممە ئىشلارغا. بۇ كۈنى ھاجەت تىلىسە، يەرگە ئۇرۇق سالسا، ئىمارەت - قۇرۇلۇش قىلسا، قان ئالدۇرسا ياخشىدۇر. ئەمما كېسەل بولۇپ قالسا خەتەرلىكتۇر. شۇڭا سەدىقە بېرىش كېرەك. بۇ كۈندە دۇنياغا كۆز ئاچقان (تۇغۇلغان) ھەر قانداق بالا، پىتىنخور بولۇپ قالغۇسى (تەڭرى گۇۋاھتۇر).

ئاينىڭ يىگىرمە بىرىنچى كۈنى نەستۇر، بارلىق ئىشلارغا. بۇ كۈندە تۇغۇلغان بالا زالىم بولۇر. ئەگەر ئاغرىق بولسا ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتەر.

ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى مۇبارەكتۇر. سەپەر قىلىش، ئەلچى ئەۋەتىش، ئىشرەت قىلىش (كۆڭۈل ئېچىش)، قۇرۇلۇش قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا ياخشىدۇر. ئەگەر قان ئالدۇرسا تېزلىكتە مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئاينىڭ يىگىرمە ئۈچىنچى كۈنى ھەر قانداق ئىش ئۈچۈن ياخشى كۈندۇر. قان ئالدۇرسا

www.uyghurkitap.com


كېسەلى شىپا تاپقاي.

ئاينىڭ يىگىرمە تۆرتى جەمئىي ئىشلارغا نەس كۈندۇر. ئەگەر كېسەل بولسا سەدىقە بېرىش كېرەك. بۇ نەمرۇد لەئىن تۇغۇلغان كۈندۇر. ئەگەر قان ئالدۇرسا كېسەل تېز شىپا تاپقاي.

ئاينىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى ھەممە ئىشلار ئۈچۈن نەستۇر. پەرھىز قىلىش لازىم.

ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنىمۇ بارلىق ئىشلارغا نەس كۈندۇر. ھېچقانداق ئىشقا ياخشى ئەمەس.

ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى مۇبارەكتۇر. دورا ئىچىش (داۋالىنىش)، ئىشرەت (ئويۇن - تاماشا) قىلىش، سەيلە قىلىش، سەپەرگە چىقىش، خەت - چەك ئەۋەتىش، ھىجامەت قىلىش، قان ئالدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئوبداندۇر.

ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنىمۇ مۇبارەكتۇر. دېھقانچىلىق قىلىش، ئىلىم ئۆگىنىشنى باشلاش، ئىمارەت قۇرۇلۇشىنى باشلاش، ئۆيدىن ئۆيگە كۆچۈش، قان ئالدۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ياخشى.

ئاينىڭ يىگىرمە توققۇزى ئوتتۇراھال كۈندۇر. بەزى ئىشلارغا نەسلىك كېلىدۇ.

ئاينىڭ ئوتتۇزىنچى كۈنى مۇبارەكتۇر. دورا ئىچىش (داۋالىنىش)، سەپەر قىلىش، خەتنە قىلىش، دەرەخ تىكىش، قان ئېلىش ھەممىسى ئۈچۈن ياخشى كۈندۇر.

## ستارە سەكرىنىڭ بايانى
## (سەكرى يۇلتۇزى ھەققىدە)

بىلىڭلاركى، تارازا يۇلتۇزى، زۆھەل ۋە مىررىخ يۇلتۇزلىرى ئون ئىككى كۈندە پەلەكنى بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ ھەم ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىسىدا، بېشىڭىزغا ئۇدۇل كېلىدۇ. ئادەم بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسا، يەنى يا سەپەرگە چىقماقچى بولسا، يا ئۇلۇغلار بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسا، يا جەڭگە ئاتلانماق بولسا، ۋە ياكى ئوق ئېتىشقا ئوخشاش ھەر قانداق بىر ھاجەت ئۈچۈن تەييارلانغاندا يۈزىنى ستارە سەكرى يۇلتۇزىغا قاراتمىسۇن. بولمىسا ھەممە ئىشلىرى كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر سەكرى يۇلتۇزىغا كەينىنى قىلسا، ھەممە ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. مۇجاھىد[8] ۋاقتىدىمۇ بۇنى ئويلىنىش كېرەك. بۇ قائىدىلەرنى ئويلانمىغاندا، تۇغۇلغان بالا زالىم، سۆرۈن تەلەت ۋە پاسىق بولۇر. كىشىلەر مۇشۇنداق ئىشلارنى بىلىۋېلىشى ۋە تېگىشلىك نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىشى لازىم.

سەكرى يۇلتۇزى ئاينىڭ بىرى، ئونبىرى، يىگىرمە بىرى شەرق تەرەپتە بولىدۇ.

ئاينىڭ ئىككىسى، ئون ئىككىسى، يىگىرمە ئىككىسى شەرق بىلەن جەنۇبنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ.

ئاينىڭ ئۈچى، ئون ئۈچى، يىگىرمە ئۈچى جەنۇبتا بولىدۇ.

ئاينىڭ تۆرتى، ئون تۆرتى، يىگىرمە تۆرتىنچى كۈنلىرى جەنۇب بىلەن غەربنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ.

ئاينىڭ بەشى، ئون بەشى، يىگىرمە بەشىنچى كۈنلىرى غەرب تەرەپتە بولىدۇ.

ئاينىڭ ئالتىنچى كۈنى، ئون ئالتىنچى ۋە يىگىرمە ئالتىنچى كۈنلىرى غەرب بىلەن شىمال ئارىلىقىدا بولىدۇ.

ئاينىڭ يەتتىنچى، ئون يەتتىنچى ۋە يىگىرمە يەتتىنچى كۈنلىرى شىمالدا بولىدۇ.

ئاينىڭ سەككىزىنچى، ئون سەككىزىنچى ۋە يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنلىرى شىمال بىلەن شەرق ئارىلىقىدا بولىدۇ.
ئاينىڭ توققۇزىنچى، ئون توققۇزىنچى ۋە يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنلىرى يەردە بولىدۇ.
ئاينىڭ ئونىنچى، يىگىرمىنچى ۋە ئوتتۇزىنچى كۈنلىرى بۇ يۇلتۇز ئاسماندا بولىدۇ (بۇ ئىشلارغا تەڭرى گۇۋاھتۇر).

## كېچە ـ كۈندۈز ۋە سائەتلەرنىڭ بايانى

1. ھەمەلدە، كۈن ئون ئىككى سائەت، تۈنمۇ ئون ئىككى سائەت بولىدۇ. سايە ئەسلى تۆرت يېرىم قەدەمدۇر.
2. سۈردا، كۈن ئون ئۈچ سائەت، تۈن ئونبىر سائەت بولۇپ، سايە ئەسلى ئىككى يېرىم قەدەمدۇر.
3. جۈزادا، كۈن ئون تۆرت سائەت، تۈن ئون سائەت بولۇپ، سايە ئەسلى ئىككى يېرىم قەدەم بولىدۇ.
4. سەرتاندا، كۈن ئونبەش سائەت، تۈن توققۇز سائەت، سايە ئەسلى بىر يېرىم قەدەم بولىدۇ.
5. ئەسەددە، كۈن ئون تۆرت سائەت، تۈن ئون سائەت بولۇپ، سايە ئەسلى ئىككى يېرىم قەدەم بولىدۇ.
6. سۈنبۇلەدە، كۈن ئون ئۈچ سائەت، تۈن ئونبىر سائەت، سايە ئەسلى ئۈچ يېرىم قەدەم بولىدۇ.
7. مىزاندا، كۈن ئون ئىككى سائەت، تۈن ھەم ئون ئىككى سائەتتۇر. سايە ئەسلى تۆرت يېرىم قەدەم بولىدۇ.
8. ئەقرەبدە، كۈن ئونبىر سائەت، تۈن ئون ئۈچ سائەت بولۇپ، سايە ئەسلى ئالتە يېرىم قەدەم بولىدۇ.
9. قەۋستە، كۈن ئون سائەت، تۈن ئون تۆرت سائەت بولىدۇ. سايە ئەسلى توققۇز يېرىم قەدەم.
10. جەددىدە، كۈن توققۇز سائەت، تۈن ئونبەش سائەتتۇر. سايە ئەسلى ئون يېرىم قەدەم.
11. دەلۋىدە، كۈن ئون سائەت، تۈن ئون تۆرت سائەت، سايە ئەسلى سەككىز يېرىم قەدەم بولىدۇ.
12. ھۈتتا، كۈن ئونبىر سائەت، تۈن ئون ئۈچ سائەت بولىدۇ. سايە ئەسلى ئالتە يېرىم قەدەم بولىدۇ.

ھەمەل، سۈر ئايلىرى ئوتتۇز بىر كۈندىن؛ جۈزا ئېيى ئوتتۇز ئىككى كۈن، سەرتان، ئەسەد، سۈنبۇلە ئايلىرى ئوتتۇز بىر كۈندىن؛ مىزان، ئەقرەب ئايلىرى ئوتتۇز كۈندىن؛ قەۋس، جەددى ئايلىرى يىگىرمە توققۇز كۈندىن؛ دەلۋە، ھۈت ئايلىرى ئوتتۇز كۈندىن بولىدۇ.

## ناماز پېشىننىڭ قازا بولىدىغان ۋاقىتلىرى

ھەمەلدە ئون سەككىز يېرىم قەدەم، سۈردا ئون يەتتە يېرىم قەدەم. جۈزادا ئونبەش يېرىم قەدەم. سەرتاندا ئون ئالتە يېرىم قەدەم. مىزاندا يىگىرمە بىر يېرىم قەدەم. ئەقرەبتە

يىگىرمە ئۈچ يېرىم قەدەم. قەۋستە يىگىرمە تۆرت يېرىم قەدەم. جەددىدە يىگىرمە تۆرت يېرىم قەدەم. دەلۋدە يىگىرمە ئىككى يېرىم قەدەم. ھۇتتا يىگىرمە بىر يېرىم قەدەم بولىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتلاردىن كېيىنلا، يەنى ھېچقانداق ۋاقىت ئۆتمەيلا ناماز پېشىننىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ بولىدۇ ۋە ناماز دىگەرنىڭ ۋاقتى بولىدۇ.

## سائەت، كۈن ۋە ھەپتىلەر توغرىسىدا

يەكشەنبە، ئىش باشلايدىغان، چوڭلار بىلەن ئۇچرىشىدىغان، بەخت - سائادەت ۋە ئىززەت - ھۆرمەت كۈنىدۇر. يۇلتۇزى شەمستۇر (كۈندۇر).
دۈشەنبە، سەپەرگە چىقىش، ئىش باشلاش، داۋالىنىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىغان، بەخت - دۆلەت ۋە ھوسۇل - پاراغەت كۈنىدۇر. يۇلتۇزى قەمەر (ئاي) دۇر.
سەيشەنبە كۈنى قان ئالدۇرىدىغان، ھىجامەت قىلىدىغان، بەزىدە ئاداۋەت ۋە ھەيۋەت (ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان) كۈنىدۇر. يۇلتۇزى مىررىختۇر.
چارشەنبە، دورا ئىچىپ داۋالىنىدىغان، ۋەسۋەس خىياللارنى يوق قىلىدىغان، يامان ئوي - پىكىرلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان، پەم - پاراسەت بىلەن ئىش كۆرىدىغان، يېزىقچىلىقنى باشلايدىغان ۋە بىرەر ئىش تەدبىرى توغرىلىق مەسلىھەتلىشىدىغان كۈندۇر. يۇلتۇزى ئەتارۇدتۇر.
پەيشەنبە، دۇئا ۋە مۇناجات قىلىدىغان، تەڭرىدىن ھاجەتلىرىنى تىلەيدىغان، زىكرى - تائەت قىلىپ، مۇشكۇللىرىنى ھەل قىلىدىغان، مۇراد - نىشانلىرى ئۈچۈن ئىلتىجا قىلىدىغان كۈندۇر. يۇلتۇزى مۇشتەرىدۇر.
جۈمە كۈنى نىكاھ ۋە ئاياللار سۆھبىتى، دوستلۇق ۋە مۇھەببەت شۇنداقلا شادىمان بولىدىغان كون بولۇپ، يۇلتۇزى زۆھرەدۇر.
شەنبە كۈنى شىكار قىلىدىغان، سەھرالارنى ساياھەت قىلىپ، كۆڭۈل ئاچىدىغان، جاھاننىڭ راھەتلىرىدىن بەھرىلىنىدىغان كۈندۇر. بۇ كۈنى ئېرىق، كۆل، قۇدۇقلارنى كولاش، مازارى مەشايىخلەر بىلەن كۆرۈشكەن ياخشىدۇر. يۇلتۇزى زۇھەلدۇر.

## ھەپتىنىڭ ھەر بىر كۈنلىرى

يەكشەنبە كۈنى چۈشكە يېقىنلاشقان ۋاقىتتىن باشلاپ ناماز پېشىنغىچە بولغان ئارىلىقتا نەسلىك بار. قالغان ۋاقىتلاردا ياخشىدۇر.
دۈشەنبە كۈنى نامازدىگەردىن نامازشامغىچە بولغان ئارىلىق نەستۇر. قالغىنى ياخشى ۋاقىتلاردۇر.
سەيشەنبە كۈنى ناشتا ۋاقىتدىن چۈشكىچە بولغان ئارىلىق نەس، قالغىنى ياخشى.
چارشەنبە كۈنى نامازدىگەر ئاخىرلىشاي دېگەندىن باشلاپ، كۈن ئولتۇرغۇچە بولغان ۋاقىتتا نەسلىك بار. باشقا ۋاقىتلار ياخشى.
پەيشەنبە كۈنى چۈش ۋاقىتتىن تارتىپ ناماز پېشىن باشلانغىچە بولغان ئارىلىق نەس، قالغان ۋاقىتلار ياخشى.
جۈمە كۈنى ناشتا باشلانغاندىن ئاخىرلاشقىچە بولغان ۋاقىت نەس چاغدۇر، قالغان ۋاقىتلار ھەممىسى ياخشى.

شەنبە كۈنى ناماز پېشىندىن ناماز دىگەرگىچە بولغان ئارىلىقتا نەسلىك بار، باشقا چاغلار ياخشى.

## ھەپتىنىڭ ھەر بىر كۈنلىرىدىكى يۇلتۇزلار توغرىسىدا

يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەن شەمس، چاشتگاھ[4] ۋاقتىدا زۆھرە، چۈشتە ئەتارۇد، ناماز پېشىندە قەمەر، پېشىن بىلەن دىگەرنىڭ ئارىلىقىدىكى چاغدا زۆھەل، ناماز دىگەردە مۇشتەرى، نامازشامدا مىررىخ يۇلتۇزىدۇر.

دۈشەنبە كۈنى سەھەردە قەمەر، چاشتگاھتا زۆھەل، چۈشتە مۇشتەرى، پېشىندە مىررىخ، ئىككى نامازنىڭ ئارىسىدا شەمس، ناماز دىگەردە زۆھرە، نامازشامدا ئەتارۇد يۇلتۇزى بولىدۇ.

سەيشەنبە كۈنى سەھەردە مىررىخ، چاشتگاھ شەمس، چۈش ۋاقتىدا زۆھرە، پېشىندە ئەتارۇد، پېشىن بىلەن دىگەرنىڭ ئارىسىدا قەمەر، نامازدىگەردە زۆھەل، نامازشامدا مۇشتەرى.

چارشەنبە كۈنى ئەتىگەن ئەتارۇد، چاشتگاھتا قەمەر، چۈش ۋاقتىدا زۆھەل، پېشىندە مۇشتەرى، پېشىن بىلەن دىگەرنىڭ ئارىلىقىدا مىررىخ، ناماز دىگەردە شەمس، نامازشامدا زۆھرە يۇلتۇزى.

پەيشەنبە كۈنى سەھەردە مۇشتەرى، چاشتگاھ مىررىخ، چۈشتە شەمس، پېشىندە زۆھرە، ئىككى نامازنىڭ ئارىلىقىدا ئەتارۇد، ناماز دىگەردە قەمەر، نامازشامدا زۆھەل يۇلتۇزىدۇر.

جۈمە كۈنى سەھەردە زۆھرە، چاشتگاھ ئەتارۇد، چۈش ۋاقتىدا قەمەر، پېشىندە زۆھەل، ئىككى ناماز ئارىلىقىدا مۇشتەرى، ناماز دىگەردە مىررىخ، ناماز شامدا شەمس يۇلتۇزى.

شەنبە كۈنى ئەتىگەندە زۆھەل، چاشتگاھتا مۇشتەرى، چۈشتە مىررىخ، نامازپېشىن ۋاقتىدا شەمس، پېشىن بىلەن دىگەرنىڭ ئارىلىقىدا زۆھرە، نامازدىگەردە ئەتارۇد، نامازشامدا قەمەر يۇلتۇزلىرى بولىدۇ.

## كېچىدىكى ۋاقىتلار توغرىسىدا

شەنبە كېچىسى، دەسلەپ مىررىخ، ناماز خۇپتەندە شەمس، تۈن يېرىمىدا زۆھرە، ئاۋۋالقى توخۇ چىللىغان ۋاقىت ئەتارۇد، كېيىنكى توخۇ قەمەر، سۇبھى كازىب[5] ۋاقتىدا زۆھەل، سۇبھى سادىقتا[6] مۇشتەرى.

يەكشەنبە كېچىسى، ئەۋۋەلقى ۋاقىت ئەتارۇد، ناماز خۇپتەندە قەمەر، تۈن يېرىمىدا زۆھەل، باش توخۇ ۋاقتىدا مۇشتەرى، ئىككىنچى توخۇ مىررىخ، سۇبھى كازىب شەمس، سۇبھى سادىق زۆھرە.

دۈشەنبە كېچىسى، ئەۋۋەل مۇشتەرى، خۇپتەن ۋاقتىدا مىررىخ، تۈن يېرىمىدا شەمس، باش توخۇدا زۆھرە، ئىككىنچى توخۇدا ئەتارۇد، سۇبھى كازىب قەمەر، سۇبھى سادىقتا زۆھەل يۇلتۇزى بولىدۇ.

سەيشەنبە كېچىسى، دەسلەپتە زۆھرە، ناماز خۇپتەندە ئەتارۇد، تۈن يېرىمىدا قەمەر، باش توخۇ زۆھەل، ئىككىنچى توخۇ مۇشتەرى، سۇبھى كازىب مىررىخ، سۇبھى سادىقتا شەمستۇر.

www.uyghurkitap.com

چارشەنبە كېچىسى، دەسلەپ زۆھەل، خۇپتەندە مۇشتەرى، تۈن يېرىمىدا مىررىخ، باش توخۇ شەمس، ئىككىنچى توخۇ زۆھرە، سۇبھى كازىب ئەتارۇد، سۇبھى سادىق قەمەردۇر.

پەيشەنبە كېچىسى، دەسلەپ شەمس، خۇپتەندە زۆھرە، تۈن يېرىمىدا ئەتارۇد، باش توخۇ قەمەر، ئىككىنچى توخۇدا زۆھەل، سۇبھى كازىب مۇشتەرى، سۇبھى سادىق مىررىخ يۇلتۇزىدۇر.

جۈمە كېچىسى، ئەۋۋەل قەمەر، ناماز خۇپتەندە زۆھەل، تۈن يېرىمىدا مۇشتەرى، باش توخۇ چىللىغاندا مىررىخ، ئىككىنچى توخۇدا شەمس، سۇبھى كازىبتا زۆھرە، سۇبھى سادىقتا ئەتارۇد يۇلتۇزلىرىدۇر.

زۇھەل يۇلتۇزىغا توغرا كەلگەن ۋاقىت ئەڭ ياخشى چاغدۇر. بۇ ۋاقىتتا ئېرىق قېزىش، زىرائەت تېرىش، قۇل سېتىۋېلىش، يېڭى كىيىم كىيىش، دېھقانلار بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ئۆزىنى يوشۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلسا ياخشى. بۇ ۋاقىتتا تۇغۇلغان بالىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي.

مۇشتەرى يۇلتۇزىغا توغرا كەلسىمۇ ناھايىتى ياخشى. دەۋا - دەستۇر، قازىلارنىڭ ئالدىغا (سوتقا) بېرىش، ھاجەت تىلىمەك، يېڭى كىيىم كىيىش، ئەقد - نىكاھ ۋە يىغىلىشقا ئوخشاش مەرىكىلەرنى قىلىش، ئىش باشلاش قاتارلىق ئىشلارنى مۇشۇ چاغدا قىلغان ياخشى. مۇشۇ سائەتتە تۇغۇلغان بالا دانىشمەن، ئەقىللىق، بەختلىك ۋە ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر.

مىررىخ يۇلتۇزىنىڭ ۋاقتىمۇ ياخشىدۇر. بۇ ۋاقىتتا ئۇلۇغلار (چوڭلار) نى كۆرمەك، ھەربىي قورال - ياراق ياساش، دۈشمەنىنىڭ ئەدىپىنى بېرىش، ئېرىق - ئۆستەڭ ياساش، قان ئالدۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلار ئۈچۈن ئاتلىنىش كېرەك. بۇ چاغدا تۇغۇلغان بالا غەزىپى تېشىپ تۇرىدىغان زالىم، ھارامخور ۋە جاللات بولۇر (بۇ ئىشلارغا تەگرىتائالا گۇۋاھتۇر).

شەمس يۇلتۇزىنىڭ سائىتىگە توغرا كەلگەن ئىشلار ياخشىلىقتا يۈزلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پادىشاھلارنى كۆرۈش، يېڭى كىيىم كىيىش، سودا - سېتىق، كېسەل داۋالىتىش، قۇل سېتىۋېلىش، قان ئالدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلسا ياخشى. بۇ سائەتتە تۇغۇلغان بالا دانىشمەن ۋە ئۆمرى ئۇزۇن، بەختلىك بولغاي.

زۆھرە يۇلتۇزىنىڭ ۋاقتىمۇ ياخشى. ئاياللار ۋە ناخشا - مۇزىكىچىلار بىلەن ئولتۇرۇش، نىكاھلىنىش، يېڭى كىيىم كىيىش، سودا - سېتىق، كېسەل داۋالىتىش، قۇل سېتىۋېلىش، يەرلىك ئۇسۇلدا قان ئالدۇرۇش (ھىجامەت)، ئۆز ئايالى بىلەن خىلۋەتتە بولۇش قاتارلىق ئىشلارنى مۇشۇ ۋاقىتتا قىلسا ياخشىدۇر. بۇ چاغدا تۇغۇلغان بالا ھەقىقىي دوست تاپالايدۇ ۋە خۇشال - خورام ياشايدۇ.

ئەتارۇد يۇلتۇزىنىڭ ۋاقتى ناھايىتى ياخشىدۇر. بۇ چاغدا قۇرئان ئوقۇش، خەت يېزىش، بالىنى مەكتەپكە بېرىش، ئەلچى ئەۋەتىش قاتارلىقلارنى بېجىرىش كېرەك. مۇشۇ سائەتتە تۇغۇلغان بالا دانىشمەن بولۇر.

قەمەر يۇلتۇزىغا توغرا كەلگەن ۋاقىت مۇبارەكتۇر. پادىشاھ ۋە ھاكىملار بىلەن كۆرۈشۈش، سەپەرگە چىقىش، ئىبرەتلىك سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ سۆزلەش، زىرائەت تېرىش، قۇرۇلۇش قىلىش، يېڭى كىيىم كىيىشكە ئوخشاش ئىشلارنى مۇشۇ چاغدا قىلسا ياخشى. بۇ ۋاقىتتا دۇنياغا كەلگەن بالا چىرايلىق ۋە ئەقىللىق بولۇر.

## يېڭى چىققان ئايغا قاراش ھەققىدە

ئاشۇرا ئايىنى كۆرگەندە ئالتۇنغا قاراش كېرەك. سەپەر ئايىنى كۆرسە ئەينەككە قاراش، رەببىيەلئەۋۋەل ئايىنى كۆرسە ئېقىن سۇغا قاراش، رەببىيەلئاخىر ئايىنى كۆرگەندە قويغا قاراش كېرەك. جەمادىيەلئەۋۋەل ئايىنى كۆرگەندە كۈمۈشكە قاراش، جەمادىيەلئاخىر ئايىنى كۆرسە پىرلارغا (ياشانغانلارغا) قاراش كېرەك. دۇئا ئايىنى كۆرگەندە قۇرئانغا قاراش كېرەك. بارات ئايىنى كۆرگەندە يېشىل نەرسىگە قاراش، رەمەزان ئېيىنى كۆرگەندە تىغقا قاراش، ھېيت ئايىنى كۆرسە ئەھلىگە[7] قاراش كېرەك. ئارا ئايىنى كۆرگەندە كىچىك بالىغا قاراش، قۇربان ئايىنى كۆرسە ياش ئايالىلارغا قاراش كېرەك.

كۈنلەردە.........

.........[8] قىلىشقا يەكشەنبە ئوبداندۇر. ئوۋ ئوۋلاشقا شەنبە كۈنى ياخشى، دۈشەنبە كۈنى سەپەرگە چىققان ياخشى. شەيشەنبە كۈن قان ئالدۇرسا ياخشى. پادشاھ (ھۆكۈمدار) لارنىڭ ئالدىغا پەيشەنبە كۈنى بارغان ياخشى. جۈمە كۈنى نىكاھ قىلسا ياخشىدۇر.

## سەپەرگە چىقىش توغرىسىدا

سەپەرنىڭ قائىدىلىرى خېلى نۇرغۇن. ئوڭۇشلۇق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئويلىشىپ، ئاندىن يولغا چىقىش لازىم.

يەكشەنبە كۈنى چۈشتە، دۈشەنبە كۈنى ناماز پېشىندە، سەيشەنبە كۈنىمۇ ناماز پېشىندە، سەپەرگە چىقىش كېرەك. چارشەنبە كۈنى تاڭ سەھەردە، جۈمە كۈنى ناشتىدىن كېيىن، شەنبە كۈنى ناماز دىگەر ۋاقتىدا سەپەرگە چىقىش كېرەك.

سەپەر ھەققىدە نەزمە:

چىقماغىل مەشرىق سارى ئەي ھۇشيار،
شەنبە، دۈشەنبە كۈنى سەن زىنھار.
قىلماغىل مەغرىب سارى بولسا سەفەر،
ئاڭلا، يەكشەنبە يەنە جۈمئە خەتەر.
يۈكلەمە رەختىڭ جەنۇبغە ئەي جەۋان،
گەر بۈگۈن پەنجشەنبەدۇر، بولغاي زىيان.
قىلسە ھەركىم گەر شىمال سارى گۇزەر،
بولسا سېھشەنبە، چەھارشەنبە زەرەر.

## سەپەرنىڭ قائىدىلىرى

كىمىكى سەپەرگە چىقماقچى بولسا، تۆرت رەكەت ناماز ئوقۇسۇن. ھەر بىر رەكەتتە بىر قېتىم سۈرە پاتىھە ۋە بىر قېتىم ئىخلاسنى ئوقۇسۇن ۋە سالامدىن كېيىن دۇئا قىلسۇن. تاكى ئۇ ئادەم سەپەردىن يېنىپ كەلگىچە تەڭرىتائالا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى، مال - مۈلكىنى ۋە پەرزەندلىرىنى بالا - قازادىن ساقلايدۇ. بالا - چاقىسىنىڭ ھەممە ئىشىنى ئوڭۇشلۇق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



قىلىدۇ.

ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىقماقچى بولسا، پەيشەنبە كۈنى يولغا چىقاتتى. ئۇ دائىم «ئەي ئەلى، سەپەرگە چىقماقچى بولغان كىشى سۈرە ئىخلاسنى ئونبەش قېتىم ئوقۇسا، تەڭرىتائالا ئۇ ئادەمنى سەپەرنىڭ يامانلىقلىرىدىن ساقلاپ، ياخشىلىقلارنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلۇر» دەيتتى.

يەنە سەپەرنىڭ قائىدىلىرىدىن بىرى، ئەگەر بىرەرسى سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا، ئۆزىدە باشقىلارنىڭ ئامانىتى بار بولسا، سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ئامانەتنى ئىگىسىگە ساق تاپشۇرۇپ بېرىش كېرەك. ھەرگىز ھەمراھسىز، يالغۇز سەپەرگە چىقماسلىق، ئامال بار ياخشى، ئالىم كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇپ سەپەر قىلىش لازىم. جادۇگەر ياكى پالچىلار بىلەن ھەمراھ بولماسلىق كېرەك. مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئات ـ ئۇلاقلارغا ھەلەپ بېرىش، ئاندىن كېيىن ئۆزى غىزالىنىش كېرەك. شۇ چاغدىلا تەڭرىتائا ئۇ ئادەمدىن رازى بولىدۇ.

ئامال بار ئاخشىمى يول يۈرمەسلىك كېرەك، دىۋە ـ پەرىلەردىن خېيىمخەتەر يېتىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر كېچىدە يول ماڭماقچى بولسا، تۈن نىسپىدىن كېيىن مېڭىش كېرەك. ئۆيگە قايتقان چاغدا ئۆزىنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۆيدىكىلەرگە خەۋەر قىلىش كېرەك. خەۋەر قىلماي تۇرۇپ ئۆيگە كىرمەسلىك كېرەك. سەپەردىكى ئادەم «ئايەتەلكۈرسى» نى ئوقۇسا، ئوغرى ـ قاراقچىلاردىن ساقلىنىدۇ. ئەگەر سەپەر ئۈستىدە ئۇسساپ كەتسە، «ئىننا ئەئتەينا» نى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ بىر تال تاشقا ھۈرۈپ، ئاندىن تاشنى ئاغزىغا سالسا، تەشنالىقى پەسىيىدۇ. ئەگەر يولۇچى يولدىن ئېزىپ قالسا، ئەزان توۋلىشى لازىم. ئەزاننىڭ ھۆرمىتىدىن يولنى تېپىۋالىدۇ. مۇساپىر بىرەر نەرسىنى يوقىتىپ قويغان بولسا «سۈرە ياسىن» نى بىر قېتىم ئوقۇسا، يوتكەن نەرسىسى تېپىلىدۇ، ئىنشائاللاھ.

## كۈن تۇتۇلۇش توغرىسىدا

ئاشۇرا ئايدا كۈن تۇتۇلسا مولچىلىق بولىدۇ. قار ـ يامغۇر كۆپ ياغىدۇ ۋە ئاشلىق ـ زىرائەتلەر مول ـ ھوسۇل بېرىدۇ.

سەپەر ئايدا كۈن تۇتۇلسا پۇقرالارنىڭ ئارىسىدا ئۆلۈم ـ يىتىم كۆپ بولىدۇ. پادىشاھقا كېسەل تېگىدۇ، سەدىقە بېرىش لازىم. كۆز ئاغرىقىمۇ كۆپىيىدۇ. ئەمما مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىسى كۆپ بولىدۇ.

رەبىيئەلئەۋۋەل ئايدا كۈن تۇتۇلسا، ئات ـ ئۇلاقلار كۆپ بولىدۇ. جەڭ ـ جېدەل، قانخورلۇق كۆپىيىدۇ. تويۇقسىز ئۆلۈملەر تولا بولىدۇ.

رەبىيئەلئاخىر ئايدا كۈن تۇتۇلغانلىقى، پادىشاھلارنىڭ ئۆلۈمىنىڭ نىشانىسىدۇر. دەرۋىشلەرنىڭ كۈنى ئوبدان ئۆتىدۇ. سەۋدايىلارغا تېخىمۇ ياخشى بولۇر.

جەمادىيەلئەۋۋەل ئايدا كۈن تۇتۇلسا، ئالدى بىلەن ئات ـ ئۇلاقلار قىرىلىپ كېتىدۇ. ئاندىن غەربىي يۇرتلاردىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئۆلۈم ـ يىتىم تولا بولىدۇ.

جەمادىيەلئاخىر ئايدا كۈن تۇتۇلسا، غەربىي يۇرتلاردىكى كىشىلەرگە ياخشىلىق يۈزلىنىدۇ. لېكىن شەرقىي يۇرتلاردا قەھەتچىلىك بولۇپ، ئۆلۈم كۆپ بولىدۇ.

رەجەب ئايدا كۈن تۇتۇلسا، خەلق ئارىسىدا خۇشاللىق كۆپىيىدۇ. لېكىن ئۇ يىلى

قۇرغاقچىلىق بولۇپ، جەڭ - خەلۋىلەر تولا بولىدۇ.
بارات ئايدا كۈن تۇتۇلسا، ئۇ يىلى قار - يامغۇر كۆپ ياغىدۇ. قىشتا قاتتىق سوغۇق بولۇپ، كىشىلەر يېمەكلىكتىن قىسىلىدۇ.
رەمەزاندا كۈن تۇتۇلسا غازىلار (جەڭچىلەر) غا غەلىبە ئىشىكى ئېچىلىدۇ. ھىندىستان پادىشاھلىرى ئارىسىدا قانخورلۇق پەيدا بولىدۇ.
ھېيت ئايدا كۈن تۇتۇلسا ياخشىلىق يوقتۇر. ئىراق ۋە رۇملاردا دۈشمەن پەيدا بولۇر.
ئارا ئايدا كۈن تۇتۇلسا، ئاشلىق - زىرائەتلەرگە چېكەتكە ئاپىتى تېگىدۇ. يامغۇر ۋاقىتسىز تولا ياغىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا ئاداۋەت كۆپىيىدۇ. خەير - ساخاۋەت قىلىش كېرەك.
قۇربان ئايدا كۈن تۇتۇلسا، ئارا ئايدىكى ئىشلارغا ئوخشاش ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ.

## ئاي تۇتۇلۇش توغرىسىدا

ئەگەر ئاشۇرا ئايدا ئاي تۇتۇلسا، پادىشاھلارغا ئۆلۈم كېلىدۇ.
سەپەر ئايدا ئاي تۇتۇلسا، خەلقلەرگە جەۋرى - زۇلۇم كۆپ بولىدۇ.
رەبىيئەلئەۋۋەل ئايدا ئاي تۇتۇلسا قەھەتچىلىك بولىدۇ.
رەبىيئەلئاخىر ئايدا ئاي تۇتۇلسا، ھۆل - يېغىن تولا بولۇپ، ئاشلىق ئوخشايدۇ.
جەمادىيەلئەۋۋەلدە ئاي تۇتۇلسا، پۇقرالار ئارىسىدا خۇشاللىق كۆپىيىدۇ. يىلنىڭ ئاخىرى ياخشى بولىدۇ.
جەمادىيەلئاخىر ئايدا ئاي تۇتۇلسا، خۇشاللىق تولا بولىدۇ.
دۇئا ئايدا ئاي تۇتۇلسا، خەلق بىر - بىرى بىلەن جەڭ قىلۇر. نېمەتلەردىن بىغەم بولۇر.
بارات ئايدا ئاي تۇتۇلسا، پادىشاھلار ئارىسىغا ئاداۋەت چۈشىدۇ. ئەمما دەرۋىشلەرنىڭ ھال - كۈنى ياخشى بولىدۇ.
رەمەزان ئايدا ئاي تۇتۇلسا، پۈتۈن خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ياخشى بولىدۇ. بەزى جايلاردا پىتنە - پاسات تولا بولىدۇ.
ھېيت ئايدا ئاي تۇتۇلسا، شۇ يىلى پادشاھ جەڭگە قاتنىشىدۇ، ئەمما ئاخىر چېكىنىپ قاچىدۇ.
ئارا ئايدا ئاي تۇتۇلسا، يوللاردا خەتەر يۈز بېرىدۇ، تولا يۇرتلارغا ئاپەت تېگىدۇ.

## يەر تەۋرەش توغرىسىدا

ئاشۇرا ئايدا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، ۋەيرانلىق ۋە پەرىشانلىق يۈز بېرىدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە، يۇرت خەلقى قوزغىلىدۇ.
سەپەر ئايدا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، خەلققە قاتتىق خاپىلىق كېلىدۇ، ھايۋاناتلار قىممەت بولىدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە، جانىۋارلارغا ئاپەت يېتىدۇ، خەلققە راھەتچىلىك يۈزلىنىدۇ. لېكىن ئاخىرى خەلققە ئۆلۈم ئاپىتى كېلىدۇ.
رەبىيئەلئەۋۋەل ئايدا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، ھىندىستان يۇرتىدا جەبىر - زۇلۇم كۆپىيىدۇ. كىشىلەر قورقۇنچ ئىچىدە ھالاك بولىدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە، قار -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يامغۇر كۆپ ياغىدۇ. غەربىي يۇرتلاردا جەڭ بولۇپ، قان تۆكۈلىدۇ.
رەبىيۇلئاخىر ئايدا كۈندۈز يەر تەۋرىسە، ھايۋاناتلارغا ئۆلۈم كىرگەي. مالنىڭ گۆشىنى يېگەنلەرگە كېسەل تېگىدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە، شۇ يىلى بۇلاقلارنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، خۇشاللىق كۆپ بولىدۇ.
جەمادىيەلئەۋۋەل ئايدا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، خەلق ئىچىدە تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان ئۆلۈم تولا بولىدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسەپادىشاھلار ماتەمدار بولىدۇ، باغ ـ ۋارانلارغا ئاپەت تېگىپ، مېۋىلەرنى قۇرت يەيدۇ.
جەمادىيەلئاخىر ئايدا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، شۇ يىلى مال ـ ۋاران ئازىيىدۇ، ئۇۋچىلىق ئىشلىرى كەملەيدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە، كېسەللىك ئازلايدۇ. ئەمما ئاشلىق قىممەت بولىدۇ. خەلقلەردە ئۆلۈم قورقۇنچى پەيدە بولىدۇ.
دۇئا ئايدا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، خەلققە ئاپەت يېتىدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە، جەڭ ـ جېدەل تولا بولۇپ، نۇرغۇن خەلق ھالاك بولىدۇ. ھايۋاناتلارغىمۇ نۇقسان يېتىدۇ.
بەرائەت ئايدا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، بەگلەر ئارىسىدا ئاداۋەت پەيدا بولىدۇ، ئىككى ياشتىن يەتتە ياشقىچە بولغان ئوغۇل باللارغا قازا يېتىدۇ.
رەمەزاندا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، ئۆلۈم قورقۇنچى پەيدا بولىدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە، شۇ يىلى قارىمۇ ـ قارشىلىق ئەھۋاللار كۆپ بولىدۇ، پۇقرالار قىيىنچىلىقتا قالىدۇ.
ھېيت ئايدا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، شۇ يىل ئىككى پادىشاھ ئۆز ـ ئارا جەڭ قىلىدۇ.
ئارا ئايدا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، ياخشى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا پىتنە ـ پاسات پەيدا بولىدۇ. كارۋانلارغا ئۆلۈم ئاپىتى يېتىدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە، خەلققە قاتتىق رەنج ـ ئاپەت يېتىدۇ.
قوربان ئايدا كۈندۈزى يەر تەۋرىسە، سۇلار ئازىيىدۇ، ياشلار ئارىسىدا ئۆلۈم ـ يېتىم تولا بولىدۇ. ئەگەر كېچىسى يەر تەۋرىسە، شۇ يىلى يۇرتتا ۋەيرانچىلىق بولىدۇ. لېكىن، سۇ، ئاشلىق، بۇغداي ھوسۇل بېرىدۇ.

## يەر تەۋرىگەن كۈنلەر توغرىسىدا

جۈمە كۈنى يەر تەۋرىسە، پادىشاھلارغا، ئاياللارغا كېسەل تېگىدۇ.
شەنبە كۈنى يەر تەۋرىسە، تۈرك ۋە يەھۇدى خەلقلىرىگە نۇقسان يېتىدۇ.
يەكشەنبە كۈنى يەر تەۋرىسە، يېمەك ـ ئىچمەك كەڭتاشا بولىدۇ، ئەمما كېسەل تولا بولىدۇ.
دۈشەنبە كۈنى يەر تەۋرىسە ئۇششاق ـ چۈششەك ئاغرىقلار تولا بولىدۇ، تۇيۇقسىز ئۆلۈم ئىشلىرى كۆپىيىدۇ.
سەيشەنبە كۈنى يەر تەۋرىسە، يامغۇر كۆپ ياغىدۇ.
چارشەنبە كۈنى يەر تەۋرىسە، ئويلىمىغان چاغلاردا ۋاقىتسىز بوران چىقىش ئىشلىرى كۆپ بولىدۇ.
پەيشەنبە كۈنى يەر تەۋرىسە، ئۇلۇغلار، چوڭلار ئارىسىدا ئۆلۈم ـ يېتىم بولىدۇ.

## دانىيال ئەلەيھىسسالامنىڭ پالى

ئەگەر بىر كىشى «مېنىڭ پالانى ھاجىتىم ئوڭۇشلۇق بولامدۇ؟ يوق» دېگەن خىيالدا،

شۇنى بىلىپ باقماقچى بولسا، شۇ كىشىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قولىغا بىر سىقىم پۇرچاق ياكى نوقۇتنى ئالسۇن. ئاندىن ئۇنى ......[9] قىلسۇن. ئەگەر ئەڭ ئاخىرىدا بىر تال قالسا، هاجىتىگە يېتىدۇ. ئەگەر ئىككى تال قالسا، ئارزۇ قىلمىسۇن، ئىشى ئەمەلگە ئاشماس. ئەگەر ئۈچ تال پۇرچاق قالسا، بەلكى ئۇ ئىشتىن زىيان يېتەر. ئەگەر تۆت تال قالسا، ناهايىتى كۆپ جاپا - مۇشەققەت ۋە دىشۋارچىلىقتىن كېيىن هاجىتىگە يېتىدۇ. ئەگەر بەش تال پۇرچاق قالسا پات ئارىدا مۇرادىغا يېتەر. ئالتە تال پۇرچاق قالسا كېچىكمەي پاتلا مۇرادىغا يېتەر. يەتتە تال قالسا هەرگىزمۇ تىلىكىگە يېتەلمەس (تەگرىتائالا گۇۋاهتۇر).

## قۇلاق قىچقىرغانىڭ بايانى

ئەگەر شەنبە كۈنى قۇلاق قىچقىرسا، بىرەر خەۋەر ئاڭلايدۇ.
يەكشەنبە قۇلاق قىچقىرسا، پادشاه غالىب بولىدۇ.
دۈشەنبە كۈنى قۇلاق قىچقىرسا، سەپەرگە چىقىدۇ.
سەيشەنبە كۈنى قۇلاق قىچقىرسا، دەرهال پايدا كۆرىدۇ.
چارشەنبە كۈنى قۇلاق قىچقىرسا، ياخشىلىق كۆرىدۇ.
پەيشەنبە كۈنى قۇلاق قىچقىرسا، پادشاهلاردىن ئىنئام ئالىدۇ.
جۈمە كۈنى قۇلاق قىچقىرسا، ئۆيىگە مېهمان كېلىدۇ.

## ئۆي كۆچمەكنىڭ بايانى

ئۆيدىن ئۆيگە كۆچەرگە يەكشەنبە،
ياخشى ئېرمەسكىم ئەيلەدىم تەنبە[10].
ئەي بەرادەر، بۇ كۈنى ئەيلە هەزەر،
ۋەرنە مالىڭغە بولغۇسىدۇر زەرەر.
بەلكى دۈشەنبە كۆچەرنىڭ ئەهكامى،
كىم كۆچەر ئۆكسۈگەي ئانىڭ مالى.
سېهشەنبە ئېرۇر بىغايەت خوب،
پادشاهلاردىن كۆرۈر ئىنايەت كۆپ.

چەهارشەنبە كۆچسە مىرادى هاسىلدۇر،
كۆچكۈچىنىڭ غايىبى هازىردۇر.
پەنجشەنبە كۆچەردىن ئەيلە هەزەر،
ۋەرنە مالىڭ بولغۇسىدۇر خەتەر.
خوب ئىمەسدۇر كۆچەرگە ئازىنە،
چۈنكى تۇغقان ئارا چۈشەر كىنە.
نەقىل شەنبە قەچان يەمان ئولغاي،
مېهمان ئۆزرە......مېهمان ئولغاي.

## ئىگىن كەسمەكنىڭ بايانى

كىشىكىم كەسسە ئىگىن رەۋزە شەنبە،
بولۇر بىچارە، ئۇفراغۇنچە تەندە.
ئەگەر يەكشەنبە كەسسە بىناگاه،
قالۇر غەمگە، ياراشماس بولسۇن ئاگاه.
كى دۈشەنبە مۇبارەك، كەسسە ئىگىن،
كى خۇشهال بولغاي، بولماس غەمكىن.
ئەگەر سېهشەنبە كەسسە سەرۇپاي،

كى ئوغرى ئالغاي، ياكى سۇغا ئاققاي.
ئەگەر چەهارشەنبە كەسسە، بىسىيار
تەۋانگەر[11] بولغۇسەن، يەنە كىردار[12].
بولۇر ئالىم، ئىگىن پەنجشەنبە كەسسە،
بولۇر ئىلمى زىيادە، بۇنى بىلسە.
ئەگەر ئازىنەدە كەسسە ئىگىن خۇب،
بولۇر ئۇمرى ئۇزۇن، دەۋلەتى كۆپ.

## ئىگىن كىيمەكنىڭ بايانى

كىيمە شەنبە يېڭى ئىگىن زىنهار،
كىيسەڭ ئەلبەتتە بولغايسەن بىمار.
كىيسە يەكشەنبە خوبدۇر يېڭى ئىگىن،
مونى بىلگىل پات ئۇفراغاي لىبكىن.
جامە دۇشەنبە كىيگەن ئول بىباك،
ماتەم ئولغاي يەقاسىن ئەتكەي چاك.
كىمىكى سېھشەنبە جامە كىيەر،
بولسەگەر سۇ ئىچرە، ئوتغە كۆيەر.
چەھارشەنبە كىيەرغە راغىب بول،
ئىگىن ئۇستۇن ئىگىنىگە تالىب بول.
پەنجشەنبە كىيىڭكى دىيبا[13] دۇر،
فەرزەندىڭىزغە بۇ مىسلى زىيبادۇر.
جۇمئەدە سۈننەت ئولدى نەۋئى جامە،
......خاھى تەقىي[14]، خاھى ئىمامە[15].

## ئىگىن يۇيماقنىڭ بايانى

......[16] يۇيسە ئازىنە كۈنى،
ياخشىلىق كۆرگەي تۈنۈ كۈنى.
شەنبە ئىگىن يۇيماقنى خوب دېمە،
غەم بىرلە قايغۇنى بىھەد يېمە.
يۇما يەكشەنبە ئىگىندىن كىر،
ئەر - خاتۇن ئولغاي ئەجەب دىلكىر.
يەنە دۇشەنبە ئىگىن يۇيماڭ زىنهار،
يۇيساڭ ئەلبەتتە بولغايسەن بىمار.
سېھشەنبە يۇيسا داۋا بولغاي،
بىسەبەپ ھاجەتى رەۋا بولغاي.
چەھارشەنبە كۈنى ئىگىن يۇيدى،
ساتسا ئەلبەتتە كۆرەر سۇدى.
پەنجشەنبە ئىگىن يۇيماڭ زىنهار،
مالىڭىزغا بولۇر زىيان بىسيار.

## غۇسلىنىڭ بايانى

......[17] غۇسلى قىلسا رەۋزە شەنبە،
بولۇر ئۇمرى ئۇزۇن جان، تەنبە.
ئەگەر يەكشەنبەدە غۇسل ئەتمە ناگاھ،
بولۇر رەنجى زىيادە، ئۇمرى كۇتاھ[18].
دۇشەنبە غۇسلى قىل ئەي يار، زىنهار،
بولۇر رىزقىڭغە رەۋان مال بىسيار.
سېھشەنبە سۇ قۇيمە تەنگە زىنهار،
ئەگەر غۇسل ئەيلەسەڭ بولغايسەن بىمار.
تەنىنى چاھارشەنبە كىم ئارىغلار،
بولۇر نېئمەت تولا، كۆرگەي ئاسىغلار[19].
تەنىڭنى پەنجشەنبە يۇيما ئەي جان،
ۋەگەرنە مالىڭغە بولغۇسى نۇقسان.
تەنىڭنى رەۋزە جۇمئە ئەيلەسەڭ پاك،
يەنە جۇمئەغىچە بولماسسەن غەمناك.

## چاچ چۈشۈرمەكنىڭ بايانى

كىمىكى شەنبە چۈشۈرسە ساچىنى،
قوندى ئىززەت قولىغا لاچىنى.
كىشى ساچىن تۈشۈرسە يەكشەنبە،
سىنغۇسىدۇر ئاياغ ياكى جەينە[20].
دۇشەنبەدە تۈشۈرسە ساچىنى،
كىيدى باشىغە تەخت ـ تاجىنى.

سېھشەنبە تۇشۇرسە فەمگە قالۇر،
ئىزدىگەي، تاپماغاي ئاراجىنى①.
چەھارشەنبە تۇشۇرسە ساچىنى،
يېمەگەي دەرد - غۇسسە كاچىنى.

پەنجشەنبە ساچىڭنى سالدۇرسالڭ،
كۆرمەگەيسەن قارىنىنىڭ ئاچىنى.
رەۋزە ئازىنە تاپقايسەن بىشەك،
ئاخىرەت مۇلكىنىڭ خىراجىنى.

## تىرناق ئالماقنىڭ بايانى

ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرمان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «شەنبە، يەكشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە كۈنلىرى ھەرگىز تىرناق ئالماڭلار».

ئەگەر دۇشەنبە كۈنى تىرناق ئالسا تەڭرىتائالا ئۇ كىشىگە كاتىبلىقنى ئەتا قىلۇر، ئەگەر پەيشەنبە كۈنى تىرناق ئالسا ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي.

## بەخت - ئىدلەي سائىتى

مۇشۇ بەخت ئۈستىدە تۇغۇلغان ئادەم ئىللىق چىراي ۋە ئۆتكۈر كۆزلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ نىشانىسى بېشىدا، قورسىقىدا ھەم ئۇچىسىدا بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ تۇزى شورلۇق بولىدۇ. كىشىگە ياخشىلىق قىلسا، ئاقىۋەت ئۇنىڭدىن يامانلىق كۆرىدۇ. ئەمما بىرەر يۇرتنىڭ چوڭى (باشقۇرغۇچىسى) بولىدۇ. مال - دۇنياسى كۆپ بولۇپ، دوستلىرى بىلەن بىللە خۇشال - خورام يەپ - ئىچىدۇ. خوتۇنىدىن بەختى ئېچىلىدۇ. ھەرگىز باشقىلارنىڭ مىننىتىنى كۆتۈرمەيدۇ. بىرەرسى بىلەن بىرلىشىپ بىرەر ئىش قىلسا (ئورتاقچىلىق) نەتىجىسى ياخشى بولمايدۇ. ئۇلۇغلارغا يېقىنچىلىق قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە بولسا بەك ياخشىدۇر.

بۇ تەلەيلىك ئادەمگە يىللاردىن چاشقان يىلى يارىشىدۇ. ئايلاردىن ئاشۇرا ئېيى، كۈنلەردىن سەيشەنبە كۈنى ياخشى. مال - مۈلۈكتىن ئالتۇن - كۈمۈش، خىزمەتكارلاردىن ئەر كىشى بولسا ئىنتايىن ياخشى. ئەگەر ئۆيلەنمەكچى بولسا، ئوت يۇلتۇزلۇق ياكى شامال يۇلتۇزلۇق خوتۇن ياراشقاي. يېڭى چىققان ئاينى كۆرسە خوتۇن - قىزلارنىڭ يۈزىگە قارىسا ياراشقاي.

بۇ ئادەمگە نىسبەتەن تىرىكچىلىك ئۆيى جەددى ئېيىغا توغرا كېلىدۇ. قاچانكى كۈن ھەمەل بۇرجىگىگە كەلسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

مال - دۇنيا ئۆيى سۇر ئېيىدۇر. يېشى چوڭايغانسېرى ئۇ كىشىنىڭ دۆلىتى زىيادە بولۇپ، مال - مۈلكى كۆپىيىدۇ.

ئاكا - ئۇكا ئۆيى ھەمەل ئېيى بولۇپ، قېرىنداشلىرىدىن ياخشىلىق كۆرىدۇ.

ئاتا - ئانا ئۆيى سەرتاندۇر. ئاتا - ئانىسىدىنمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ.

بالا - چاقىلىرىنىڭ ئۆيى ئەسەد ئېيى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ بالىلىرى كۆپ بولىدۇ ۋە بالىلىرى ئۇنىڭغا ياخشىلىق كەلتۈرىدۇ، بالىلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ.

كېسەللىك ئۆيى سۇنبۇلەدۇر ..............................②

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ئىزاھاتلار:**

① قابىل، ھابىللار — ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىدۇر.
② ھىجامەت — يەرلىك ئۇسۇلدا قان ئالدۇرۇش.
③ مۇجاھىد — تىرىشىش، كۈرەش قىلىش ...... (بۇ يەردە كۆچمە مەنىدە قوللىنىلغان).
④ چاشتىگاھ — ناشتا ۋاقتىتىن باشلاپ سائەت 10 لارغىچە ئارىلىق.
⑤ سۇبھى كازىب — يالغان سۇبھى، بۇ يەردە تېخى تاڭ ئاتمىغان چاغنى بىلدۈرىدۇ.
⑥ سۇبھى سادىق — راست سۇبھى، تاڭ يورۇغان سۇبھى ۋاقتىنى دېمەكچى.
⑦ ئەھلى — خوتۇن - بالىلىرى.
⑧ كۆپ چېكىت ئورنىدىكى سۆزلەر ئۆچۈپ كەتكەن.
⑨ قوليازمىدا كۆپ چېكىت ئورنىدىكى سۆزلەر يوقالغان.
⑩ تەنبە — تەنبىھ.
⑪ تەۋانگەر — باي، پۇللۇق.
⑫ كىردار — ئامال، ئۇسۇل، ھەرىكەت.
⑬ دىيبا — كىمخاپ، تاۋار - دۇردۇن. نەپىس، كۆركەم، گۈزەل.
⑭ تەقيي — تەقىيە، دوپپا، تۇماق.
⑮ ئىمامە — سەللە، باشقا ئوراپ چىگىۋالىدىغان رەخ، لاتا.
⑯ كۆپ چېكىت ئورنىدىكى سۆزلەر ئۆچۈپ كەتكەن.
⑰ كۆپ چېكىت ئورنىدىكى سۆزلەر يوقالغان.
⑱ كۆتاھ — قىسقا.
⑲ ئاسىغ — پايدا، مەنپەئەت.
⑳ ئاياق - جەينە — پۇت - قول.
㉑ ئاراج — ئىلاج.
㉒ بۇ قوليازمىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى قىسمى يوقالغان.

# بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى[1]

ھېرمان ۋامبېرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: باۋۇدۇن نىياز

ئەمدى تېمۇرنىڭ ئۆز ۋەتىنىدىكى ئىشلىرى توغرىلىق تەپسىلى سۆزلەپ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشغالىيەت يۈرۈشلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز. بۇ كېيىنكى ۋاقىتلار ماۋەرائۇننەھر تارىخىنىڭ ئەڭ شەۋكەتلىك ۋاقىتلىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر بۇ توغرىلىق تەپسىلى توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بىراق ئەسىرىمىزنىڭ تار سەھىپىسىدە ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىنىلا سۆزلەپ ئۆتۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز. تېمۇر ۋە ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھاياتى تەپسىلى بايان قىلىنغان بەزى مەنبەلەر ياۋرۇپالىق ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ياخشى تونۇشلۇق .

تېمۇرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا چېگرىسىدىن سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزى دەسلەپ شىمالغا، يەنى جوجى ئۇلۇسىغا قارىتىلدى. ئۆز ئارا قاتتىق توقۇنۇشلار نەتىجىسىدە بۇ ئۇلۇس ئەھلىنىڭ كۆكرەكلىرىدە تاجاۋۇزچىلار قىلىچىنىڭ ئىزلىرى قېپقالدى. ئۇرۇسخاننىڭ زەبەردەستلىكى بىلەن توختامىش ئۆز ئاتىسىنىڭ تەختىدىن چۈشۈرۈلۈپ، تېمۇرنىڭ يېنىغا ھامىيلىق تەلەپ قىلىپ كەلدى. توختامىش ھىجرىيىنىڭ 777 (مىلادىيىنىڭ 1375) ـ يىلى جېتېلەرگە قارشى ئۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى ئىشلىرى تېمۇرنىڭ كۆڭلىگە ناھايىتى بەك ياققان بولسا كېرەك، ئۇ توختامىشنى دوستانە ھالەتتە ئۆز ھوزۇرىدا قوبۇل قىلىپ سەمەرقەندگە ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭغا نۇرغۇن سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلدى ۋە ھازىرقى تۈركىستاندىكى ئوترار ۋە سەبران ۋىلايەتلىرىنى ئۇنىڭ مۈلكى قاتارىدا ئۆتۈنۈپ بەردى. ئۇنى ئۆز رەقىبىگە قارشى تۇرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىپ يېتىشتۈردى. ئۇرۇسخان شۇ چاغدا ئوغلى توختاقايىنى لەشكەرلەر بىلەن توختامىشنى قوغلاشقا ئەۋەتتى. لېكىن، توختامىشقا تەلەي ئىككى تەجرىبىدىن كېيىنمۇ يار بولمىدى. ئۇ يېڭىلدى. جاراھەتلىنىپ يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە قېچىپ، ئۈچىنچى قېتىم تېمۇردىن پاناھلىق تىلىدى. شۇ سەۋەبتىن تېمۇر مېھماننىڭ كۆڭلىنى ئېلىش زۆرۈرىيىتى بىلەن ئۆزى لەشكەر بېشى بولۇپ ئۇرۇسخانغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. بۇ مەملىكەتنىڭ سەھرالىرىدىكى سوغۇق ۋە يامغۇر جەڭ قىلىشقا قەتئىي ئىمكانىيەت بەرمىدى. ئىككى قوشۇن بىر نەچچە ئايغىچە ئۇرۇش قىلالماي، ھەركەتسىز ھالەتتە تۇرۇپ قىلىشقا مەجبۇرى بولۇشتى. تېمۇر ھىجرىيىنىڭ 778 (مىلادىيىنىڭ 1376) ـ يىلى باھار مەزگىلىدە يەنە ئۆز مىللىتىنى ھىمايە قىلىشنى

[1] بېشى ئۆتكەن ساندا.

www.uyghurkitap.com

خالىغانلىقتىن بۇ ئىش يەڭگىل چۈشتى. چۈنكى، بۇ چاغدا ئۇرۇسخانمۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى توختاقايمۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئىدى. توختامىشقا رەقىب سۈپىتىدە پەقەت ئۇرۇسخاننىڭ كىچىك ئوغلى تېمۇرمەلىكلا قالغان ئىدى. ئەلبەتتە ئۇ ئىتتىپاقداشلارنىڭ لەشكەرلىرىگە قارشى تۇرالمىدى. تېمۇر قارا تال يېنىدا ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى ۋە ئۇنى ئەسىرگە چۈشۈردى. توختامىش ئازراق ھاللىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ غالىبانە تاجاۋۇزىنى داۋام قىلدۇرۇپ، پۈتۈن قىپچاق خانلىقىنى ئىگىلىدى. مامايىنى يېڭىپ، ۋەھشىيانە ھۇجۇم ئوتلىرىنى يەنىمۇ ئۇزۇنراققا — روسىيە زېمىنىگە قەدەر كېڭەيتتى. ھىجرىيىنىڭ 786 (مىلادىيىنىڭ 1384) ـ يىلىدا موسكۋا شەھىرىنى كۆيدۈردى. قورال كۈچى بىلەن مەستانە بولغان بۇ ئادەم ئۆز ھامىيسىغا لازىم بولغان مىننەتدارلىقنى تېزلا ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇ پۈتۈنلەي جاھانگىرلىك ۋەسۋەسىگە چۈمۈپ، ھىجرىيىنىڭ 789 (مىلادىيىنىڭ 1387) ـ يىلى، يەنى تېمۇر ئەزەربەيجاندا تۇرۇۋاتقان پەيتتە ھەزەر دېڭىزى ساھىلىدىكى غەربىي ۋىلايەتلەرگە تاجاۋۇز قىلدى. تېمۇرنىڭ ئوغلى مىرانشاھ كۇر دەرياسىنىڭ بۇ تەرىپىگە قاراپ ئۇنىڭغا قارشى يۈرۈش باشلىدى. توختامىشنىڭ ئىلغارى يېڭىلدى، ئۇ چېكىنىپ قاچتى. تېمۇر مۇشۇنداق ھالەتتىمۇ كەڭچىلىك رازىمەنلىك ئالامىتىنى كۆرسىتىپ، «پاراكەندىچىلىك باشلىغۇچى ئاللانىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ» دېگەن ھەدىسنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە رازىلىق بىلدۈردى. توغرا، ئۇ بۇ ئىشنى مۇۋاپىق پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا قىلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھەقلىق رەۋىشتىكى غەزىپىنى ئىپادىلەپ، ھىجرىيىنىڭ 791 (مىلادىيىنىڭ 1389) ـ يىلى قىش پەسلىدە — قار ئاتنىڭ كۆكرىكىگە قەدەر ياغقان مەزگىلدە سەمەرقەنتتىن ھەرىكەت باشلىدى. شىمالدىن ھۇجۇم قوزغىغان توختامىشنى سەيھۇن بويلىرىدا مەغلۇب قىلدى. باھار پەسلىگە يەتكەندە ئىككىنچى قىرغاقتا يەنە بىر قېتىم غەلىبىگە ئېرىشتى. لېكىن، يەنىلا ئۇنىڭ غەزىپى بېسىلمىغان ئىدى. ھىجرىيىنىڭ 793 (مىلادىيىنىڭ 1391) ـ يىلى قىشتا تېمۇر مەخسۇس مۇنتىزىم قوراللانغان لەشكەرلىرى بىلەن توختامىشقا قارشى ئۈزلۈكسىز جەڭگە ئاتلاندى. جەنۇبىي سىبىرىيەنىڭ ئادەمسىز چۆللىرىدە ئالتە ھەپتىگىچە يۈردى. ئۇنىڭ چۆلدىكى بۇ سەپىرى شۇ قەدەر قىيىنچىلىق ۋە زىيان ـ زەخمەتلەر بىلەن تولغانىدىكى بۇنى ئەڭ ئېگىز تاغلارنىڭ ئۈستىدىن بېسىپ ئۆتكەنلىككە تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن. چارچاش ۋە ئاچلىقنىڭ دەرد ـ ئەلىمىگە يولۇققان لەشكەرلەر دۈشمەننى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئىزدەپ يۈردى. ئاخىرى ئۇنى ماي ئېيىدا يايىق (ئورال) دەرياسىنىڭ ياپ ـ يېشىل ساھىللىرىغا كېلىپ تاپتى. جەسۇر ۋە شانلىق ئاتلىق قوشۇنلار كۆرىشى باشلاندى. ھەر ئىككى قوشۇن ئۈچ كۈنگىچە قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىشتى، ئاجايىب غەيرەت ـ شىجائەت كۆرسەتتى. ئەمما توختامىش ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ خىيانەتكارلىقى سەۋەبىدىن مەغلۇب قىلىنىپ، ئازادلىقنى قېچىش ئارقىلىق ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى. تېمۇر ئۇقتەك تېزلىك بىلەن ئۇنى روسىيە تەرەپكە قوغلاپ سۈرۈپ، موسكۋاغىچە بېرىپ يەتتى. ئەگەردە ماۋەرائۇننەھر قەھرىمانى ئېھتىيات بىلەن ئورتا دەرىجىدىكى يولنى تۇتمىغاندا ئىدى، موسكۋا ئاھالىلىرى گىببونىنىڭ تەبىرىچە بۇۋى مەريەمنىڭ مۆجىزەنىما سۈرىتىدىن باشقا ھېچ بىر ھامىي تاپالماس ئىدى. 11 ئايلىق سەپەردىن كېيىن ئىنتايىن كۆپ ئەسىرلەر بولۇپمۇ غەنىيمەتلەر ۋە شىمالنىڭ جاۋاھىراتى بىلەن ئۆز پايتەختىگە قايتتى. ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە دۈشمەننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئاياللىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ بۇرۇنقى چىڭگىز مەملىكىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىككى قىسمىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالالىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا سەلتەنەتنىڭ

بارلىقى ئۈچىنچى بىر قىسمىلا يەنى ئىران، ئەرەبىستان، ھىندىستاننىڭ بىر قىسمىلا ئۇقسانلىق بىلىنەتتى. ئۇ ئەينى زاماندا شىمالغا خاتىمە بېرىپ، ئۆز نەزەرىنى غەرب تەرەپكە توسقۇنسىز قارىتالايتتى.

تېمۇر پارس يەرلىرىنى يەنى ئىران ۋە خوراساننى ئىگىلەشنى توختامىشنى يەڭگەستىن بۇرۇن باشلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 783 (مىلادىيىنىڭ 1380) - يىلىدا ئوغلى مىرانشاھ مىرزىنى بىر قانچە يېتىشكەن سەركەردىلەرگە قوشۇپ خوراساننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ياش ۋە قەھرىمان ئوغلىنىڭ ئىزى بىلەن ئېچىلغان يولغا تېزلىك بىلەن ئۆزىمۇ يېتىپ باردى. يېڭى جاھانگىر بۇ يەردە ئىككى خاندان بىلەن جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شىمالدا سەربەدارىلار سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرەتتى. تېمۇر ئۆزىنىڭ كۈچسىز ۋاقتىدا ئۇلار بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىشاتتى. بۇلار ئەمدى ھېچ قانداق قىيىنچىلىقسىزلا بويسۇندۇرۇلدى. جەنۇبتا كارت ئائىلىسى ھۆكۈم سۈرەتتى. بىزنىڭ قەھرىمان ياشلىقىدىن تارتىپ ئۇلار بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئىش ئۇنچىلىك ئاسانغا چۈشمىدى. بۇ ئائىلىنىڭ رەئىسى غىياسىدىن پىرئەلى ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى بۇ تۈرك ئىشغالىيەتچىسىگە تاپشۇرۇشتىن كۆرە قىلىچ تىغىغا تاپشۇرۇشنى ئەۋزەل كۆردى. ئۇ شەرقتە ھىندىقۇش تاغلىرىدىن شىمالدا مۇرغالىبتىن تاكى شاھرۇد چۆللىرىگىچە تارقالغان مەملىكىتىنى ئاجايىب غەيرەت بىلەن مۇداپىئە قىلىشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ قارشىلىقلىرى ئۆلۈم بىلەن ئېلىشىشقا ئايلاندى. پايتەخت شەھرى ھىرات ئىنتايىن قاتتىق جەڭدىن كېيىن ئىشغال قىلىندى. ئەمما باشقا شەھەرلىرى، مەسىلەن: قابۇشان، تۇس، نىشاپۇر، سەبزەۋار قاتارلىق مەشھۇر ئىلىم ۋە سەنئەت مەركەزلىرى ئۆز دەرۋازىلىرىنى ئىختىيارلىق بىلەن ئېچىپ بەردى. ئۇلار ئۆز شەھەرلىرىنىڭ خاراب قىلىنغان تاغلارغا ئايلاندۇرۇلۇشىدىن كۆرە، ئۇنىڭ تېمۇر ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆتەر يولى بولۇشىنى ئەۋزەل بىلەتتى. غالىب تېمۇر خوراسانغا ئافغانىستاننى، سىيىستاننى ۋە بېلوجىستاننى قوشۇۋېلىپ، ھىجرىيىنىڭ 787 (مىلادىيىنىڭ 1386) - يىلى ئەرەبىستانغا ۋە مەخسۇس پارس ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەرگە يۈرۈش قىلىشقا ئىمكانىيەت ياراتتى. ئىراننىڭ بۇ جايلىرىدا ئەينى ۋاقىتتا ئىككى سۇلالە ھۆكۈم سۈرەتتى. جەنۇبىي فارىستا، ئىسپاھاندا مۇزەپپەرىيلەر ھاكىم ئىدى. ئەمما ئىراق، ئەرەب ھەمدە ئەزەربەيجان ئېلخانىيلارنىڭ قولىدا ئىدى. بىرىنچى سۇلالىنىڭ باشلىقى شاھشۇجا ئاقىل ھەم تەدبىرلىك ئادەم ئىدى. ئۇ جەنۇبتىكى نازۇك ئوغلانلار بىلەن ماۋەرائۇننەھرنىڭ تەجرىبىلىك جەڭچىلىرىگە قارشى تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى.

ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەسلىم بولدى. ھەم ئۆزىنىڭ قىزىنى مەرھۇم جاھانگىر مىرزىنىڭ ئوغلى پىرمۇھەممەدكە بېرىپ، سۇلھىنى نىقاب بىلەن مۇستەھكەملەشكە ئۇرۇندى. ئەمما شەيخ ئۇۋەيس جالايىرنىڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد باشقىچە پىكىردە ئىدى. ئۆزىنىڭ كورد ئاتلىق قوشۇنلىرىنى ھەم ئەزەربەيجان ھەربىلىرىنى تېمۇر ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرالايدىغان كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە دەپ ھېسابلايتتى. نەتىجىدە ئۇ جەڭگە كىرىشتى - دە، دەرھال مۇۋاپپەقىيەتسىزلىككە دۇچ كەلدى. دەرھال ئۆزىنىڭ غايەت گۈزەللىككە ئىگە شۆھرەتكە لايىق سۇلتانىيە ناملىق تەختىگاھىنى تاشلاپ، باغدادقا چېكىندى. ئەمما ئۇنىڭ رەقىبى ئەرەكىسىنى بېسىپ، بىر زەربە بىلەن پۈتۈن كاۋكازنى ئۆزىنىڭ قول ئاستىغا كىرگۈزدى. ناخچەۋانغا، ئورىيانغا، تىبلىستقا ھەم شىرۋانغا پادىشاھ بولۇپ كىردى. ئۆزىنىڭ قوراللىقلار كىرمىگەن ئۆيلىرى، پايانسىز كەتكەن پاتقاق ۋە سازلىقلىرى بىلەن شۇ چاققىچە دۈشمەننى توختىتىپ كەلگەن گىلان، ئاخىرى بويسۇنۇپ تەسلىم بولۇشتىن باشقا

www.uyghurkitap.com

چارە تاپالمىدى. ئەرمەنىستان پادىشاھى تاھىرجاننىڭ مەشھۇر ۋان قەلئەسى ئىگەللەنگەندىن كېيىن يىراق شەرقتىكى شەۋكەتلىك خاقاننىڭ ئەمرى سوپىتىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، تۈرك خاقانىنىڭ بۇ غەزىپى سەپەردە پەقەت قارا قويۇنلۇق (قارا قوزى) خاندانلىقى بىلەن ئىسپانكار ئىسپاھان شەھرىنىڭ دەل ئۈستىگە قارىتىلدى. بۇ خاندانلىق ئۆزىنىڭ ئەخلات، ئادىل ۋە جوۋاز قاتارلىق ئەڭ مۇستەھكەم قەلئەلىرىنى ساقلاپ قالالمىدى. ئىسپاھان تېمۇر بىلەن ئەھدىنامىسىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ 3000 ئەسكىرىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن، شەھەر ئاھالىسى 70.000 كىشىنى قۇربان بەردى. بۇ ئىنتايىن چوڭ قۇربان بېرىش بولدى. شاھشۇجانىڭ ئوغلى زەينەلئابىددىننى تەھلىكىگە سالدى. ئۇ تارتىۋېلىنغان تەۋەلىكىنى قايتۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە قايتىپ كەتتى.

تېمۇر شىرازىدىكى مۇزەپپەرىيلەرنىڭ تەختىنى رەسمىي قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، ھىجرىيىنىڭ 791 (مىلادىيىنىڭ 1389) ـ يىلىدا تەنتەنە بىلەن شەۋكەتلىك ھالدا سەمەرقەنتكە قايتىپ كەتتى. ئۇ ئادىتىگە ئاساسەن بوش ۋاقتىنى ئوۋ قىلىش ۋە ئەيشى ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئىستىراھەت قىلدى. سەپەر ھاردۇقلىرىنى چىقارغاندىن كېيىن، يېقىندىن كۈچ توپلاپ، يەنە ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. دەل شۇ ۋاقىتتا، يۇقىرىدا سۆزلەنگىنىدەك توختامىشقا قارشى يۈرۈش باشلانغان ئىدى. شۇنىڭدىن قايتقاندىن كېيىن، تېمۇر غەربتە «بەش يىللىق ئۇرۇش» نامى بىلەن داڭ چىقارغان ئۇرۇشقا كىرىشتى. بۇ سەپەردىكى مەقسىدى، ئۆز دائىرىسى ئىچىدە قوزغالغان پىتنە ـ ئىغۋا، ئىسيانكارلىق ئىشلىرىنى باستۇرۇش باھانىسى بىلەن ئىران ۋە ئەرەبىستاننى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇپ، ئاۋالقى سەپەرلىرىنىڭ ھەقىقىي نەتىجىلىرىنى كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ھىجرىيىنىڭ 794 (مىلادىيىنىڭ 1392) ـ يىلىدا سالامەتلىكى ياخشى بولماي، داۋالىنىپ شىپالىق تاپقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مەخسۇس مۇنتىزىم ئەسكەرلىرى بىلەن ھەمىيە يېنىدا ئامۇ دەرياسىنى كېچىپ ئۆتتى. ئىراننىڭ شىمالى ناھىيەسىنى بويلاپ ئاستىرابادقا، ئاسىي مازاندىرىنغا باردى. تاغلىق ئىراننىڭ ئاساسىي شەھىرى ھېسابلىنىدىغان ئامۇل ھەم مۇتەئەسسىپ ھەشاشىنلار (ئاساسىنلار) نىڭ ياكى پىدائىلارنىڭ قارار گاھى ئىدى. شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن شەھەر ئىگىلەندى. جەسۇر مۇداپىئەچىلەرنىڭ مەرتلىكى بىلەن شۇنچىلىك قان تۆكۈلدىكى، شەرق تارىخچىلىرى بۇنى سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىز ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئەلۋەتتە، بۇ خىل قاتتىق باستۇرۇشتىن كېيىن سۈكۈت تۈگىدى. ئەمدى تېمۇر قانغا تويغان ئەسلىھەلىرى بىلەن لۇرىستان ۋە خوزىستان ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. ھەممەدانغا، بەرۇجادقا دىزپۇلغا گويا ئۇچقاندەك يېتىپ باردى. مۇستەھكەم تاغ قەلئەسى قەلئەئى سەفىدنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئادەتتىكى تېزلىكى بىلەن شاھ مەنسۇر مۇزەپپەرىيگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ شاھ تېمۇر كەتكەندىن كېيىن مۇزەپپەرىيلەرنىڭ بەش خانلىقىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قول ئاستىغا مەخسۇس كۈچ توپلىغان ئىدى. لېكىن، غەلىبە ئارقىلىق روھلىنىپ كەتكەن تۈركلەرگە قارشى تۇرالمىدى. پاتىل دېگەن جايدا ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش بولدى. شاھ مەنسۇر ئۆز ئاتلىق قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە تۈركىستان قوشۇنلىرىنىڭ سېپىنى يېرىپ كىردى. خۇددى ئارسلان كەبى ھەممىسىنى يىمىرىپ، تېمۇرنىڭ يېنىغىلا يېتىپ باردى. تېمۇرنىڭ يېنىدا پەقەت 14 ـ 15 نەپەرلا كىشى قالغان بولۇپ، ئاجىز ھالەتتە ئىدى. لېكىن، ساقچىلىق قىلىۋاتقان شاھرۇخ مىرزا شاھ جەنسە تەرەپتىن قاچقان لەشكەرلەردىن بىر قىسمىنى توپلاپ ھۇجۇمچىلارنىڭ يولىنى كەستى ـ دە، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىشقاندىن كېيىن شاھ مەنسۇرنىڭ بېشىنى كېسىپ ئادەتتىكى تەبرىكلەش شەكلىدە ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تۇيىقى

ئاستىغا تاشلىدى – دە: «بارلىق دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ كاللىسى ئېتىڭىزنىڭ تۇياقلىرى ئاستىغا مانا مۇشۇنداق چۈشسۇن!» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەنلىرى پۈتۈنلەي مەغلۇب بولدى. مۇزەپپەرىيلەرنىڭ خاندانلىقى تامامەن قىرىلىپ تۈگىدى. بۇ سۇلالىدىن پەقەت ئىلگىرى كور قىلىنىپ، سەمەرقەندكە ئەۋەتىلگەن پەرزەنتلىرىدىن بىر كىشىلا تىرىك قالدى. تېمۇر مۇزەپپەرىيلەرنىڭ مەغلۇب قىلىنغان مەملىكەتلىرىنى ئۆزىنىڭ سەردارلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ خەزىنىلىرىنى ئېلىپ، ھىجرىيىنىڭ 795 (مىلادىيىنىڭ 1393) – يىلىدا ئەرەب ۋە ئىراقنى ئىگىلەش ئۈچۈن يېڭىدىن سەپەر قىلدى. ئېلخانى ئەھمەد جالايىر بۇ ئىككىنچى ھۇجۇمدا ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالالمىدى. تېمۇر ئەزەربەيجاننى قايتا ئىگىلەپ، كوردىستاننى ئۆز تەختىنىڭ ئىتائىتىگە ئالغاندىن كېيىن سۇلتانىنىڭ مەخسۇس كېمىسىگە ئولتۇرۇپ دىجلە دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتتى. باغداد ئۇرۇشسىزلا تەسلىم قىلىندى. ئۇنىڭ ھۆكۈمدارى پاجىئەلىك كەربالا چۆلىدە، پەقەت ئەرەب ئېتىنىڭ تېزلىكى سايىسى بىلەنلا ئۆزىنىڭ جېنىنى ئامان ساقلاپ قالالىدى. ئەمما ئوغلى ۋە خوتۇنلىرى غالىب تېمۇرنىڭ قولىغا چۈشتى. بۇ ئەھمىيەتسىز كۈرەش بولدى. شۇ نەتىجىدە مۇقەررەر خەلىپىلىك ئۈچىنچى قېتىم تۈرك ساھىبقىرانىنىڭ قولىغا چۈشتى. مۇبايىنىلنەھرىنىڭ (دىجلە ۋە ئىفرات ئارلىقى) باشقا شەھەرلىرى – ماردىن، دىيارى بەكرى ھەم تەخرىت كۆپ قۇربان بېرىشلەر بەدىلىگە قولىغا كىرگۈزۈلدى. لېكىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تېمۇرنىڭ غەلىبە بايراقلىرى ئەرمەنىستان ۋە گورجىستان ئۈستىگە ئۆتتى. غەلىبە بايراملىرىنىڭ شادىيانە ئاۋازلىرى گۈزەل موغۇل دالاسىدا تېخى پەسەيمەي تۇرۇپلا، ئىككى يىل ئىلگىرى ئىستىقات ئېتىلگەن توختامىشنىڭ يەنە يېڭى كۈچ بىلەن دەربەند يېنىدا كافكازغا تاجاۋۇز قىلىش ئارقىلىق تەھدىت سالغانلىقى ھەققىدە خەۋەر يېتىپ كەلدى. تېمۇر قولىدىكى كۆپۈكلۈك كاسىلىرىنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن قورال ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ سەۋر – تاقەت قىلىپ، دۈشمەنىنىڭ يەنىمۇ يېقىنراق كېلىشى ۋە ئۇرۇشنى ئۆزى باشلىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

ئۇ ھەر دائىم شۇنداق دەيتتى: «ئۇۋنىڭ قاپقانغا ئۆزى كېلىپ چۈشكىنى ياخشى. ئۇنى ئىزدەپ يۈرسەڭ، ئوۋ قىلىش پۇرسىتى ئۆزاق سوزۇلۇپ كېتىدۇ. قېرى توخۇ قارچىغىدىن قورقمايدۇ. ئەگەر چېكەتكىدە قىزىل قانات ئۆسسە، ئۇ ھەر قەدەمدە ئۆزىنى قاغىدىن ھىمايە قىلىدۇ». ئاخىرقى قېتىمدا خەزەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي ساھىلىدا بولغىنىغا ئوخشاش بۇ قېتىم خەزەر دېڭىزىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا غەلىبە بايرىقى تېمۇر تەرىپىگە ئۆتتى. توختامىش يېڭىلىپ، سىبىرىيەنىڭ جەنۇبى دالالىرىغا قېچىپ كەتتى. غالىب تېمۇر ئۇنى تەھقىپ قىلىپ، روسىيەنىڭ ئىچكىرىسىگە كىردى. موسكۋا شەھرىنى تالان – تاراج قىلدى. ئوردىغا ئەمىر قىلىپ ئۇرۇسخاننىڭ ئوغلى قوۋۇرچاقنى قالدۇرۇپ، گورجىستانغا قايتتى. سوۋۇپ قالغان غەلىبە تويلىرىنى يەنە داۋاملاشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاۋۋالقى تۈركىستان سەھراسىنىڭ سەرگۈزەشتىپەرەستى بولغان تېمۇر شىمالىي ۋە غەربىي ئاسىيانى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ پادىشاھلىق تاجىنى قەدىمدىن تونۇشلۇق بولغان گۈزەل، باي مەملىكەتلەرنىڭ ئادەملىرى زىنىنەتلەپ چىقتى. ئىسسىق كۆل، ئامۇ دەريا ۋە سىر دەريا بويلىرىدىكى كۈچلۈك جەڭگىۋارلار غەربىي ئاسىيانىڭ پۈتۈن غەزىنىلىرىنى، قىممەت باھالىق ئەشيالىرىنى سەمەرقەنتكە توشۇدى. بارلىق مەملىكەتلەرنىڭ ئەلچىلىرى، ئەلچىلەر ھەيئەتلىرى مەغرۇر جاھانگىرنىڭ ئايىقى ئاستىغا قىممەتلىك سوۋغىلارنى دۆۋىلىۋەتتى ۋە ئۇنى تەبرىكلەپ تەقدىم قىلىشتى.

شۇنداق بولسىمۇ، تېمۇر جاھانگىرلىك شۆھرىتىدىن قانائەتلىنىپ قالمىدى. دەھشەتلىك يۈرۈشلەرگە نىسبەتەن ھەۋىسى پەسەيمىدى. بەش يىللىق ئاسايىشلىقتىن كېيىن ئۇ

www.uyghurkitap.com

ھىجرىيىنىڭ 799 (مىلادىيىنىڭ 1396) - يىلى يەنە يۈرۈش قىلىشقا نىيەت قىلدى. ئاتىمۇ ساھىلىدا ئۇنىڭ خوتۇنلىرى، قىزلىرى ۋە ساقچىلىرى ئۇنىڭغا ئاتاپ، گۈزەل قائىدە- يوسۇن رەسمىيەتلىرىنى ئۆتكۈزگەن ئىدى. بۇ يەرنىڭ قائىدە - يوسۇنى بويىچە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاقچىلار ــ ئالتۇن پۇللار ۋە جاۋاھىراتلارنى چاچتى. ئاجايىب بېزەلگەن مىڭلارچە ئاتلار ۋە خېچىرلار ئۇنىڭغا تەبرىك ھەدىيەسى سۈپىتىدە تەقدىم قىلىندى. ئۇ ئاتىسىنىڭ قەبرىسىدە شۈكرانە پاتىھە بىلەن تىلاۋەت قىلدى. ھەم ئۆزى يوق ۋاقىتلاردا قۇرۇلغان گۈزەل بىنالارنى كۆزدىن كەچۈردى. شۇنداق تەنتەنىلىك دەبدەبىلەر بىلەن سەمەرقەنتكە كىردىكى، ئۇنى تەسۋىرلەشكە قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ. 63 ياشلىق ساھىبقىران ئىنتايىن كۆپ غەلىبىلەردىن كېيىن، بۇ جايدا ياش مەلىكە توقال خوتۇنىنى قۇچىقىغا ئالدى. يېڭى بىنا قىلىنغان گۈزەل ساراي ــ «دىلكۇشا»نى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى. ناھايىتى كۆپ قىممەتلىك تويلار، بايراملار، بەيگىلەر، ئات ئويۇنلىرى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئەيشى - ئىشرەتنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى تېمۇردە قورال - ياراق تاۋۇشلىرىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاتقان بولۇشى ئېھتىمال، ئۇ ئىگىللەنگەن يەرلەرنى پايتەختتە ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن كېيىن يەنە جەڭ ئېتىغا مىنىپ، لەشكەرلىرىنى يىراقراق مەملىكەتلەرگە ئېلىپ كەتتى. جاھانگىر دېگەن نامغا مۇكەممەل ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا جەنۇبتا ھىندىستان، غەربتە رۇم (ۋىزانتىيە) ئازلىق قىلاتتى. ھىندىستان دېگەندە مۇسۇلمان ئاسىياسىنىڭ ئەڭ نورغۇن بايلىقى توپلانغان مەملىكەتلىرىنى، رۇم دېگەندە ئەڭ بۈيۈك شانۇ - شەۋكەتنى پەملىگەن ئىدى. شۇ سەۋەپلىك تېمۇر بۇ جايلارنى ئۆزىگە قوشۇپ ئالماستىن تۇرالمايتتى. ئۇنىڭ ئاساسي مەقسىدى گانگ ۋە ھىندى دەريالىرى ئارىلىقىدىكى جايلارنى ئىگىلەش ئىدى. ئۇنىڭ نەۋرىسى پىرمۇھەممەد ئالدى بىلەن ھىرات يولى بىلەن مېڭىپ، مولتاننى ئىشغال قىلدى. لەشكەرلەر بۇ سەپەرگە تېمۇرنىڭ ئۆز قوماندانلىقى ئاستىدا بەكمۇ كەڭ كۆلەملىك ۋە دەھشەتلىك ھالدا ئاتلاندى. ئۆزى بەلخ ئارقىلىق ھىندىقۇشنىڭ قارلىق چوققىلىرىنى بويلاپ ماڭدى. ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىدىغان سوغۇقلار، تاغلىقلار بىلەن شىددەتلىك توقۇنۇشلارنىڭ ھېچقايسىسى تېمۇرنىڭ سەپىرىگە دەخلى قىلالمىدى. ئۇ ئېگىز قىيالاردىن ئارغامچىغا ئېسىلىپ چۈشۈشكە بۇيرۇق قىلدى. ئۆزىمۇ شۇنداق چۈشۈپ، دۈشمەنلىرىگە دەھشەت سالدى. تېمۇر كابۇل ئارقىلىق ھىندىستانغا كىرىپ كەلدى. ئارىدىن قىرىق يىل ئۆتكەندە ئۇ يۈرگەن تاغ قاپتاللىرىغا ياۋروپانىڭ چوڭ دۆلىتىنىڭ ئەسكەرلىرى كېلىپ، ئۇ جايدىكى قەبىلىلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ، قانلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ھىجرىيە IX ئەسىرنىڭ ھارپىسىدا ھىندى دەرياسىنى كېچىپ ئۆتتى. تېمۇرنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇن سىتلىج ساھىللىرىدا ئوغلىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، دېھلىگە، سۇلتان مۇھەممەدنىڭ پايتەختىگە سەپەر قىلدى. قولغا چۈشكەن ئەسىرلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكى سەپەرنىڭ سۈرئىتىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ يۈز مىڭلاپ ئەسىرلەرنى قەتل قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. بۇ ئىنتايىن يامان بۇيرۇق ئىدى. ھەر - بىر ئەسكەر مۇشۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا ئىشتىراك قىلدى. تارىخچىلار ناھايىتى يۇمشاق كۆڭۈللۈك ئەللامە نەسرىددىنىنىڭ 15 نەپەر ھىندى قۇلنى ئۆز خوجايىنىغا نىسبەتەن نەقەدەر نەپرەتلىك كۆز قارىشى بىلەن دەھشەتلىك ھالدا قەتل قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. تېمۇر ئىلگىرى ئۆز دۈشمەنلىرىنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ كۈچسىزلىكىنىڭ بىشارىتى دەپ ھېسابلايتتى. بۇ ئىستراتېگىيە ھىيلىسىگە بۇ يەردىمۇ ئەمەل قىلدى. ھىندىستانلىقلار ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قوزغىغان بولسىمۇ لېكىن ئۇلار پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ھىندىستاننىڭ بايلىق ۋە سانائەت مەركىزى

ھېسابلانغان دېھلى شەھرى ئۆزىنىڭ غەزىنىلىرى ۋە ھۈنەرۋەن ئاھالىسى بىلەن بىرلىكتە تۈرك ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشتى. مۇقەددەس شەھەر ھېسابلانغان مىترانىڭ قىسمىتىمۇ شۇنداق بولدى. دەھشەتلىك قورقۇنچ كىشىلەرنى ئۈمىدسىزلىككە چۈمدۈردى. ئۇلارغا قىلچىمۇ نىجاتلىق بېرىلمىدى. ئۇلارنىڭ مۇقەددەس سەنئەتلىرى خاراب قىلىندى، بۇتلىرى چېقىلدى. تېمۇر گانگ دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىغىچە بېرىپ، ھەر - بىر جايدا ئۆلۈم ۋە خارابە ئىزلىرىنى قالدۇردى. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 801 (مىلادىيىنىڭ 1399) - يىلىنىڭ ئاپرىل ئېيىدا سەمەرقەنتكە قايتتى. ئۆزى بىلەن بىرگە كۆپلىگەن ھىندىستان پىللىرى، رەسساملىرى ۋە باشقا ئەسىرلەرنى بىرگە ئېلىپ كەتتى.

تېمۇرنىڭ ھىندىستانغا سەپىرى، ئۇنىڭغا ئىلگىرى ئۆتكەن موغۇل جاھانگىرلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن نادىر شاھنىڭ ھىندىگە يۈرۈشلىرىگە ئوخشاش ئىنتايىن تەنتەنىلىك ھەربى قەھرىمانلىق ۋە ئولجىغا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت بولدى. ئەمما ھىندى ۋە گانگ بويلىرىدا تېمۇرىيلەر بايرىقىنى تىكلەش يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن داھى بابۇر مىرزىغا نېسىپ بولدى. بۇنىڭغا قارىماي ۋاقىتلىق بولسىمۇ غەلىبە تېمۇرنىڭ ئابرۇيىنى يەنىمۇ كۆتەردى. ئۇنىڭدا كۈچلۈك روم پادىشاھلىقى بىلەن جەڭ قىلىش ھەۋىسىنى ئويغاتتى. گەرچە ئۇنىڭ غەربتىكى ئىلگىرىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ تەسىرى ھامان مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئىستىلاچىلىق زېمىنىگە قۇرۇلغان پادىشاھلىق بىناسى نۇرغۇن جايلاردا ناھايىتى زەئىپلەشكەن ۋە قاششاقلىققا چۈشۈپ قالغان ئىدى. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ئۇنىڭ ئوغلى مىرانشاھنىڭ ئاجىز باشقۇرۇشى ئەزەربەيجاندا ھەقلىق نارازىلىق ۋە ئىسيانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. قىسقىسى تېمۇر ئۆزىنىڭ پايتەختىدە قىسقا مۇددەت دەم ئېلىپ، غەربىي ئاسىياغا قارىشى يېڭى سەپەرگە ھازىرلىق كۆرۈشكە باشلىدى. تېمۇر گۇناھكار ئوغلىغا شەپقەت قىلىپ، ئۇنىڭ دوست ۋە مەسلىھەتچىلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ھىرات ۋە قەزۋىن ئارقىلىق ئەرەكىسگە يۈرۈش قىلدى. ئەڭ ئالدى بىلەن گورجىستاننىڭ ئاسىي كىنەزى مالىك گىئورگىي بىلەن ھېسابلىشىشنى نىيەت قىلدى. بۇ بىچارە تېمۇردىن قېچىپ، ماڭغىلى بولمايدىغان تاغ كامارلىرىدىن ۋە قەلئەلەردىن پاناھلىق ئىزدىدى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ھەممىلا يەردە دەككىگە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ قەلئەلىرى ۋە پايتەختى تىفلىس ئىشغال قىلىندى. تېمۇر قىسقا لېكىن مۇشەققەتلىك سەپەردىن كېيىن ئۆزىنىڭ لەشكەرگاھىنى قاراباغنىڭ گۈزەل دالاسىغا قۇردى. تۈركىستان چۆلىنىڭ ھەربىيلىرى بۇ مۇشەققەتلىك سەپەردىن كېيىن دەم ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ باشلىقلىرى ئۆزىنىڭ مۇبارەك قېرىندىشى ئوسمانلى سۇلتانىغا، يەنى سۇلتان بايەزىتقا ئۇرۇش ئېلان قىلىپ قويدى. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ئالدى بىلەن شەۋكەتلىك رۇمانىڭ ۋارىسى ھېسابلىنىدىغان بۇ سۇلتاننىڭ ھاكىمىيىتى ئۇنىڭغا توسالغۇ بولىدىغاندەك بىلىنەتتى. يەنە كېلىپ بايەزىت تۈركمەنلەرنىڭ قارا قويۇنلۇق خانىدانى بىلەن ئىتتىپاق ئىدى. ئۇ پۈتۈن تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ مۇستەقىل ھاكىمى بولغانلىقى ئۈچۈن سالجۇقىيلارنىڭ پۈتۈن ئەمىرلىرىنى ئىتائەت قىلدۇرۇشنى ئەمەلدە كۆرسىتىشىم كېرەك، دەپ بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تېمۇرنىڭ ئۇنىڭغا نەپرىتى چەكسىز ئىدى. شۇڭا ئاسىيانىڭ غەربىدىكى ھەم شەرقىدىكى تۈرك ھۆكۈمدارلىرى ئارىسىدا دەھشەتلىك ۋە ۋەھشىيانە ئۇرۇش باشلىدى. ئۇنىڭ تەپسىلاتى توغرىسىدا مۇسۇلمان ھەم ناسرانىي تارىخچىلىرى كىشىلەرنى ئاجايىب دەھشەتكە سالىدىغان ھېكايىلەرنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان. ئاخىرى بۇ ئۇرۇشمۇ تۈرك جاھانگىرىنىڭ پايدىسىغا ھەل بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىلگىرى تېمۇر مىسىر سۇلتانى فىروج بىلەن ھېسابلىشىشنى ئويلىغان ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاتىسى تېمۇرنىڭ ئەلچىسى ئەللامە ساۋەنى قەتل قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ساۋەنىڭ ئوغلىمۇ ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى. تۈركلەر توساتتىن سۇرىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئاۋات شەھەرلىرىنى خاراب قىلدى. سۇرىيىدىكى بۇ غەلىبە تۈركلەر بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدا چوڭ نىزا تۇغدۇردى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا، ھىجرىيىنىڭ 805 (مىلادىيىنىڭ 1403) ـ يىلىنىڭ باھارىدا، بايەزىتكە قارشى يۈرۈش قىلدى. بايەزىت كۈچ ـ قۇدرىتى جەھەتتىن تېمۇردىن ئانچە قېلىشمايتتى. مانا مۇشۇ باراۋەرلىك سەۋەبىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ دۈشمىنىنى يوقىتىشقا تۇتۇش قىلدى. ئۆز ـ ئارا ئىختىلاپنى بىتىم بىلەن ھەل قىلىشنىمۇ ئىستىمىدى، لېكىن تېمۇر ھەم ئۇرۇشنى بەكمۇ ئىلتىماس قىلمىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ سىۋاستىتىن قارا شەھەر ئارقىلىق ئەنقەرەگە يۈردى. دەل شۇ جايدا ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا قانلىق جەڭ بولدى. ئوسمانلىلار پۈتۈنلەي يېڭىلدى. سۇلتان بايەزىت ئۆزىنىڭ ھەرەمى بىلەن غالىب تۈركنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشتى. تېمۇر بۇ شەۋكەتلىك مۇھىم غەلىبە بىلەن كىچىك ئاسىيا (ئاناتولى) نى ئىگىلىدى. شۇ يۈرۈش بىلەن ئىزمىرگە يېتىپ باردى. ئەگەر دېڭىزنىڭ شورلۇق سۈيى توسقۇنلۇق قىلمىغان بولسا، ئۇ ياۋرۇپاغىمۇ بىر زىيارەت قىلغان بولاتتى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئەلنى تالان ـ تاراج قىلىپ، خارابىلىققا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇ ھىجرىيىنىڭ 807 (مىلادىيىنىڭ 1405) ـ يىلىدا سەمەرقەنتكە توققۇزىنچى قېتىملىق تەنتەنە بىلەن قايتىپ كېلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى.

يەنە شىكارلار، تويلار ۋە تەنتەنىلىك يىغىلىشلار باشلاندى. بۇ شادىيانە يىغىلىشقا پۈتۈن ئاسىيا مەملىكەتلىرىنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن بىرگە ياۋرۇپا ھۆكۈمدارلىرىدىن، جۈملىدىن ئەڭ ناسرانىي ھېسابلانغان ئىسپانلار دۆلىتىدىن ۋەكىل بولۇپ دون پىيوئى گونزالىس دې كىلاۋىخو ھەم ئىشتىراك قىلدى. ئۇ ئىسپانىيە كارولى ھىنرىخ II تەرىپىدىن تېمۇرگە دوستلۇق ئىپادە قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىدى. تېمۇرنىڭ بەزمىلەردە، ساراي تەنتەنىسى ئىچىدە ھايات لەززىتىگە شۇ قەدەر ئىشتىياق بىلەن بېرىلگەنلىكىنى كۆرگەن كىشى، بۇ ئادەمنىڭ هارماس ھەربىي ئادەم ئىكەنلىكىنى زادى بىلەلمەس ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ قىسقا ۋاقىتلىق ئىستىراھەتلىرى، ئۇنىڭ قېرىغان چاغلىرىدا ئىستىلاچىلىق ئىشلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشنى ئويلاش ۋە غەلىبە تاجلىرىنى يىغىش مەشغۇلاتىدىن ئىبارەت ئىدى. تۈرلۈك ئەلچىلەرنى رەسمىي قوبۇل قىلىش يىغىلىشىدىمۇ تېمۇر خىتاي ئىمپىراتورىنىڭ ئەلچىسىگە ئۆزىنىڭ قوبۇل قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. چۈنكى، پۈتۈن ئاسىيانىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەن شەۋكەتلىك كەمبالا (خىتاي) ھۆكۈمدارنىڭ ئەلچىسى ئۇنى يىللىق خىراجەت تۆلەپ تۇرۇشقا كۆندۈرمەكچى بولغاندا، تېمۇر غەزەپتىن چىداپ تۇرالماي قالغان ئىدى. ھاقارەتلەنگەن ئىززەت ھۆرمىتى ئۇنىڭغا ھېچبىر ئاراملىق بەرمىدى. ئۇرۇش بولىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى. ماھىر ھەربىي قاتتىق قىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ياخشى قوراللانغان كۆپ لەشكەر بىلەن «ساماۋى چېچەكلەر پادىشاھلىقى» غا قارشى سەپەرگە چىقتى. سەمەرقەنت ئارقىدا قالدى. ھىجرىيىنىڭ 807 (مىلادىيىنىڭ 1405) ـ يىلى 4 ـ يانۋاردا، يامان ھاۋانىڭ سەۋەبىدىن، ئۇنىڭغا قاتتىق سوغۇق تېگىپ قالدى. ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي سىر دەرياسىنى كېچىپ ئۆتتى. فېۋرالدا ئوترارغا يېقىن جايدا ئوردۇگاھ قۇردى، بۇ جايدا ئۇنىڭ كېسىلى شۇ قەدەر ئېغىرلاشتى، ساراي تىۋىپى مەۋلانا پەزلۇللاھ بىمارنىڭ ئەھۋالى ئۈمىدسىز ئىكەنلىكىنى توختىماي سۆزلەپ تۇردى. ئۆلۈم بىلەن يۈزلەرچە قېتىم يۈزمۇ يۈز تىركىشىپ كېلىۋاتقان تېمۇر ھاياتىنىڭ بۇ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق

ۋەزىپىسىگە سادىق بولۇپ قالدى. ئۇنى قورشىۋالغان بالىلىرى، نەۋرىلىرى ھەم قورالداش دوستلىرى دۇنيادىن كۆز يۇمۇۋاتقان ئالى ھۆكۈمدار ئۈچۈن ئاچچىق كۆز ياشلىرىنى تۆكۈۋاتقان پەيتتە ئۇ ھەممىسىنىڭ كۆز ئارا ئىتتىپاق ۋە دوستانە ھايات كەچۈرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۆزىگە ۋارىس قىلىپ تەيىنلىگەن پىرمۇھەممەدكە ئىتائەت قىلىشنى ۋەسىيەت قىلدى. ئۇنىڭ ھوزۇرىغا نەۋرىسى مىرزا خەلىل سۇلتاننى ۋە باشقىلارنى چاقىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سوراشقان چاغدا، ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ ناھايىتى ئاز قالغانلىقىنى ئېيتىپ بۇنىڭغا سەلبىي جاۋاب بەردى. ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى شاھرۇخ مىرزىنى كۆرۈپ ئالالمىغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى تېز ھالىدىن كەتتى – دە، ئىشارەت بىلەن موللا ھەيبەتۇللاھنىڭ قۇرئاندىن بىرەر سۈرە ئوقۇشىنى ئىلتىماس قىلدى. ھىجرىيىنىڭ 807 (مىلادىيىنىڭ 1405) – يىلى 17 – فېۋرالدا شەئبانىنىڭ 7 – كۈنى كەچقۇرۇن جان تەسلىم قىلدى. ئۇنىڭ جەسىدى سەمەرقەندكە ئېلىپ كېلىنىدى. بۇ يەردە ئۆزى ئىخلاس قىلغان سەئىد بەرەكە ئۈچۈن قۇردۇرغان ھەشەمەتلىك بىنادىكى مەقبەرەگە دەپنە قىلىنىدى. سەئىد بەرەكە تېمۇرگە ئۇنىڭ ئىستىقبالىدىكى شانۇ شەۋكەتنى غايىبتىن خەۋەر بەرگەن كىشى ئىدى. ئەمدىلىكتە بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىر گۈمبەز ئاستىدا مەڭگۈلۈك ئىستىراھەتتە ياتماقتا.

تېمۇر 72 يېشىدا (1333—1405) ۋاپات بولدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ يېرىم مەزگىلىدە ماۋەرائۇننەھردە مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. ئاخىرى پۈتكۈل مۇسۇلمان شەرقىغە ھاكىم بولدى. يېگانە شۆھرەت، ھەربىيلەرگە خاس پەۋقۇلئاددە زېھىن ۋە قەتئىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئۇ ناھايىتى ھەقلىق رەۋىشتە ماكېدونىيەلىك ئىسكەندەر، سىزار، چىڭگىز ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن ناپالىئون بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالايدۇ.

... تېمۇرنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيەتلىرى، قىلغان ئىشلىرىنى تارىخ تەرتىپى بويىچە، كىتابنىڭ ھەجمى كۆتەرگىنىچە ھېكايە قىلىپ، كېيىنكى بابتا قىسقىچە بولسىمۇ ئۇنىڭ سارايلىرىنى، پايتەختىنى تەسۋىرلەپ ئۆتىمىز. چۈنكى، تېمۇرنىڭ تۇزۇمى ماۋەرائۇننەھر ئۈچۈن ئەڭ دەبدەبىلىك دەۋر بولۇپ، تۈرك خەلقى ئۈچۈن شۇنداق نۇر بېغىشلىدىكى بەزى قەۋملەر ۋە ئەللەر ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭدىن ھارارەت ئالماقتا. جەيھۇن ۋە سەيھۇن دەريالىرىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى يەرلەر تېمۇرنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن جاھان ئۈچۈن ئەھمىيىتىنى يوقاتتى. يۈز مىڭلىغان تۈرك ھەربىيلىرى ئۈچۈن، ئىنسانىيەت بۆشۈكى سانالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىن غەربىي ئاسىياغىچە سوزۇلغان ئۆلكىلەر ۋايىغا يەتكۈزگەن قەھرىمانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى تېمۇردۇر. ئۇنىڭ بەختىلىك تەلىيى بىلەن ئالدىنىپ، كېيىن ئىستىلاچىلىق قىلىچ ئارقىلىق جەيھۇننى كېچىپ ئۆتكەنلەرنىڭ ھېچبىرى ئىنسانىيەتنىڭ بۇ جەڭگىۋار ۋەتىنىدە ئۇنىڭدەك ئۇرۇش مەبۇدىسىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى.

دەرۋەقە، ئەمدى ئىران ۋە ئاسىيانىڭ جاھانگىر ساھىبقىرانلىرى ئۈچۈن ئاۋالقىدەك قولايلىق يوق ئىدى. چۈنكى، شايبانىي ۋە نادىر شاھ بۇ مەملىكەتنىڭ غەربىي چېگرالىرىنى تار دەپ بىلەتتى. ياۋرۇپانىڭ كۈچلۈك دولقۇنلۇق ئوتتۇرا ئەسىرلىرى ئەمدى تۈگىگەن ئىدى. ئۇندىكى يورۇق زامانىنىڭ زىيالىرى گەرچە باشقىچە يول بىلەن بولسىمۇ، يىراق شەرققە كېلىپ يەتتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قەدىمكى جۇغراپىيىلىك تارىخىي ئەسەر
## — «ھۇدۇدۇلئالەم»

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلەت نۇردۇن

1892 - يىلى روسىيىلىك شەرقشۇناس تومانسكىغا ئۇنىڭ پېرسىيىلىك دوستى گۇلپاياگانى بۇخارادىكى كىتابپۇرۇشلاردىن سېتىۋالغان «ھۇدۇدۇلئالەم» («دۇنيادىكى چېگرا - پاسىللار تەپسىراتى») ناملىق پارس تىلىدا يېزىلغان بىر قوليازما كىتابنى تەقدىم قىلغان. بۇ كىتاب تومانسكى تەرىپىدىن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە رۇسچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن ئىنگلىزچىغا ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

«ھۇدۇدۇلئالەم» ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى گۇزگان دېگەن جايدىكى نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن ھىجرىيە 372 - يىلى (مىلادىيە 994 - يىلى) يېزىلىپ، شۇ جايدا قۇرۇلغان پارگون خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئەبۇھارىس مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەدكە تەقدىم قىلىنغان.

تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، «ھۇدۇدۇلئالەم» ئەسلىدە ئىزاھلىق خەرىتىلەر توپلىمى بولۇپ، خەرىتىلىرى يوقىلىپ كېتىپ، ئىزاھلىرىلا ساقلىنىپ قالغان. ئاپتور بۇ كىتابتا، ئالدى بىلەن، ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرىگە ئاساسەن، دۇنيانى دېڭىز - ئوكيان، ئارال، تاغ تىزمىسى، دەريا ۋە قۇملۇقلارغا ئايرىغان. ئۇ ئەينى زاماندا ئامېرىكا قىتئەسى ۋە ئاتلانتىك ئوكياننى بىلمىگەچكە، بۇ ھەقتە توختالمىغان. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن، دۇنيادىكى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئەھۋالىنى شەرقتىن غەربكە رەتكە تۇرغۇزۇپ بايان قىلغان. مەسىلەن، 9 - بابتىن 11 - بابقىچە شەرقىي جەنۇبتىكى تۈرك قەبىلىلىرى (توققۇز ئوغۇز، ياغما، قارلۇق، چىگىل، تۈرگەش) گە دائىر ئەھۋاللار؛ 18 - بابتىن 22 - بابقىچە غەربىي جەنۇبتىكى تۈرك قەبىلىلىرى (ئىچكىن، غۇز، پېچەنەك، قىپچاق، ماجار) گە دائىر ئەھۋاللار؛ 23 - بابتىن 26 - بابقىچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋەرائۇننەھر (ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى جايلار)، خۇراسان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا دائىر ئەھۋاللار ھەققىدە توختالغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بابلاردا پېرسىيە (ئىران) نىڭ ھەر قايسى ئۆلكىلىرى، ئىراق، ئەزەربەيجان، ئەرمىنىيە، ئەرەبىستان، سۇرىيە، شىمالىي ئافرىقا، ئىسپانىيە ۋە ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى) ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. ئاخىرىدا شەرقىي ئافرىقا بىلەن سۇدانغا ئائىت ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. ئاپتور ھەر بىر دۆلەت ياكى رايون ھەققىدە توختالغاندا، ئۇنىڭ تۆت تەرىپىدىكى چېگرىسى ۋە ئومۇمىي ئەھۋالى، ئۇنىڭدىكى ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، مىللەتلىرى، بايلىقى، مەنزىرىسى ھەم شۇ جايدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرغان.

ئاپتور بۇ كىتابنى «ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن دانىشمەنلەرنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئەسلىمىلىرىگە ئاساسەن يازغان» لىقىنى ئەسكەرتكەن. ئەمما ئۇ ئۆز كىتابىدا يۇنان ئالىملىرىدىن ئارستوتېل بىلەن پتولمىيلا تىلغا ئېلىپ، باشقا ئالىملار ۋە پايدىلانغان

ماتېرىيال مەنبەسى ئۈستىدە ئېغىز ئاچمىغان. ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، ئاپتور بۇ كىتابنى ئاساسەن IX، X ئەسىرلەردىكى ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرى ۋە سەيياھلىرىنىڭ نەتىجىلىرى ھەم ساياھەت خاتىرىلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان.

بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى X ئەسىردە ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز كىتابىدا شۇ چاغدىكى جۇغراپىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىتاب شىنجاڭ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخ ـ جۇغراپىيىسىگە ئائىت ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاپتور خۇراساندىكى گۈزگان دېگەن جايدىن بولغاچقا، كىتابتا خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرگە دائىر ئەھۋاللار بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئاپتور سامانىيلار خانلىقى (999 ـ يىلى قاراخانلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان) نىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياشىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خانلىققا ئائىت ئەھۋاللارنى بايان قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن، شۇ چاغدا بۇ خانلىقنىڭ پايتەختى بۇخارا ئىكەنلىكى، بۇ خانلىقنىڭ خان جەمەتى پىرسىيىدىكى سامانىيلار خانلىقىنىڭ بۈيۈك سەركەردىسى بەھرام چۇساينىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكى، پەرغانە، ئىلاق، تاشكەنت، خۇشكەنت قاتارلىق جايلارنىڭ ئۆزىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانلىرى (چېگرا رايون ۋالىيسى) بارلىقى؛ ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىي، ھەتتا كابۇل دەرياسى بويلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ تېخى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغانلىقى؛ كابۇلنىڭ ئاھالىسى مۇسۇلمانلار ۋە ھىندىلاردىن تەركىب تاپقانلىقى، ھىندىلارنىڭ ئىبادەتخانىسى بارلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن، ھەمدە ماۋەرائۇننەھرنىڭ مەركىزىي رايونى بولغان سەمەرقەنت شەھىرىدە نۇرغۇن مانى مۇخلىسلىرى ۋە مانى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىكىلەرنىڭ بارلىقى ئېيتىلغان.

بۇ كىتابتا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپاندىن ئىسسىق كۆلگىچە بولغان جايلاردا ياشايدىغانلىقى، قەشقەردىن خوتەنگىچە بولغان جايلاردا توققۇز ئوغۇزلار (ئۇيغۇرلار) نىڭ ياشايدىغانلىقى، كىنگىت (قارا شەھەر) دىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئۆز باشلىقىنى يابغۇ دەپ ئاتايدىغانلىقى، ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىدىمۇ ياغما قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ بارلىقى ئېيتىلغان.

«ھۇدۇدۇلئالەم» دىكى خۇراسان، ماۋەرائۇننەھرگە دائىر خاتىرىلەردە يالغۇز سامانىيلار خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى بايان قىلىنىپلا قالماي، بەلكى بۇ خانلىقنىڭ قوشنا رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. سامانىيلار خانلىقى پارس تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغان ئاخىرقى خانلىق بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە قوشنا بولغان رايونلارغا سودا ۋە ئۇرۇش يولى بىلەن ئىسلام دىنىنى تارقاتقان. بۇ خانلىق 999 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىرىدىن ئارسلان ئىلىك ناسىر ئىبنى ئېلى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى ئافغانىستاندا قۇرۇلغان غەزنە خانلىقى بىلەن بىرلىكتە، ئامۇ دەرياسىنى پاسىل قىلىپ، سامانىيلار خانلىقىنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشۈۋالغان.

«ھۇدۇدۇلئالەم» دە بېرىلگەن مەلۇماتلارنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، بىز ئۇنى ئېلىمىزنىڭ تارىخنامىلىرى ۋە غەرب سەيياھلىرىنىڭ ساياھەتنامىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل تەتقىق قىلساق، سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرى (يەنى VII ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە) دىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ۋە ئۇ يەردە ياشىغان مىللەت، قەبىلىلەرنىڭ تارىخىغا دائىر ئەھۋاللارنى تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشىنەلەيمىز.

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب
## مۇقەددىمە

بىز بەختىيارلىق، خۇرسەنلىك ئىلكىدە ئاللا تائالاغا ھەمدۇ سانا ئوقۇيمىز، ھەممىگە قابىل، مەڭگۈلۈك، دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسىغا رەھمەت ئېيتىمىز. ئاللا تائالا بولسا بارلىق مۇشكۇلاتلارنىڭ ئاسان قىلغۇچىسىدۇر. ئاللا ئىگەم بەندىلىرىنى توغرا يولغا باشلايدۇ. ئۇ ھەر خىل ھېكمەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنى بىلدۈرىدۇ[1]. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە مەدھىيە ئوقۇيمىز!

ئادىل ھۆكۈمدار، مۆمىنلەرنىڭ يولباشچىسى خەلىپە (ئاللا ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلسۇن)نىڭ تەۋسىيىسى بىلەن دۇنيادىكى كىشىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان پادىشاھ ئوبۇل خارىس مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد[2] نىڭ شۆھرىتى، غەلىبىسى ۋە قۇدرىتى بىلەن، شۇنداقلا ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە خەلق پاراۋان بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز پەيغەمبىرىمىز (ئاللا ئۇنىڭغا بەخت ئاتا قىلسۇن) ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنكى 372 - يىلدىن[3] باشلاپ بۇ جۇغراپىيە كىتابىنى يېزىشقا كىرىشتۇق. مەزكۇر كىتابتا، بىز يەر شارىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە چەك - چېگرالىرى، تېرىلغۇ يەر ۋە چۆل - جەزىرىلەرنىڭ كۆلىمىنى تونۇشتۇرىمىز ھەم شۇنداقلا ئىلگىرى كىشىلەرگە مەلۇم بولغان دۇنيادىكى بارلىق رايونلار ۋە خانلىقلار، بۇ خانلىقلاردىكى ھەر بىر مىللەتنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ ھازىرقى خانلىرىنىڭ مىجەز - خۇلقى ۋە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىمۇ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

بىز دۇنيادىكى بارلىق رايونلار توغرىسىدا توختىلىمىز. بۇ رايونلار توغرىسىدىكى ماتېرىياللار ئىلگىرىكى پېشقەدەملەرنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ئەسلىمىلىرىدىن ئېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە بۇ رايونلارنىڭ كۆلىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، مەنزىرىلىك جايلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، بايلىقى ۋە ئاھالىسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى، ھەم ھەر بىر رايوننىڭ تاغ - ئېدىرلىرى، دەريا - ئېقىنلىرى، دېڭىز - ئوكيانلىرى، قۇملۇقلىرىنىڭ جايلىشىشى ۋە ماددىي مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق تەپسىلاتلار بار.

بىز پۈتۈن دۇنيادىكى دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ جايلىشىشى، كەڭ - تارلىقى، دېڭىز قولتۇقى، كۆللەر ۋە دېڭىزلاردىكى ماددىي مەھسۇلاتلارنى؛ بارلىق چوڭ ئاراللارنى، ئېتىزلىق ۋە باياۋانلارنى، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە باشقا ماددىي مەھسۇلاتلىرىنى ھەم شۇنداقلا دۇنيادىكى بارلىق مۇھىم تاغ - ئېدىرلارنى ۋە خىلمۇ خىل مەدەنلەرنى، ھايۋاناتىنىمۇ تونۇشتۇرىمىز.

بىز يەنە دۇنيادىكى بارلىق چوڭ دەريالارنى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى ھەم دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىنى، دېھقانچىلىق قىلىشتا دەريا سۈيىنىڭ رولى، بولۇپمۇ ئۇنىڭدا كېمە بىلەن قاتنىغىلى بولىدىغانلىقىنى (بىز چوڭ دەريالارنى دېمەكچى، چۈنكى كىچىك دەريا - ئېقىنلارنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس) تونۇشتۇرىمىز.

بىز يەنە دۇنيادىكى داڭلىق قۇملۇقلارنى ھەم ئۇنىڭ كۆلىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنىمۇ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## ئىككىنچى باب

# يەر شارىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى ۋە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى

1. يەر شارى بىر شار جىسىم، ئەتراپىنى ئاسمان ئوراپ تۇرىدۇ، ئىككى قۇتۇپى بولۇپ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدۇ، بىرى شىمالىي قۇتۇپ، بىرى جەنۇبىي قۇتۇپ.

2. ئەگەر ھەر قانداق شار جىسىمدا، توغرا بولغان بۆلۈك گرادۇسى بولسىلا ئىككى چەمبەرگە ئايرىلىدۇ ۋە بۇ شار جىسىمنى تۆت بۆلەككە بۆلگىلى بولىدۇ، يەر شارىنىمۇ ئوخشاشلا ئىككى چەمبەر تۆت قىسىمغا ئايرىيدۇ. بىر چەمبەر ئۇپۇق سىزىقى، يەنە بىرى ئېكۋاتور دېيىلىدۇ. ئۇپۇق سىزىقى شەرقىي قىسىمدىن باشلىنىپ، جەنۇبىي قۇتۇپتىكى ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ يېنىدىن ئۆتىدۇ؛ كېيىن غەربىي قىسىم ئارقىلىق يەنە شەرققە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇپۇق سىزىقى يەر شارىنى كۆرگىلى بولىدىغان ئادەم ئولتۇراقلاشقان يېرىمى بىلەن، كۆرگىلى بولمايدىغان يەنە بىر يېرىمغا بۆلىدۇ. ئېكۋاتور بويلاپ ئىككى قۇتۇپ (ئارىلىقى ئوخشاش) قا ئەڭ يىراق بولغان بىر سىزىق، يەر شارىنىڭ ئوتتۇرىسى ئارقىلىق، شەرقىي قىسىم يېنىدىكى رايوندىن بىۋاستە غەربكە كېلىپ، داۋاملىق ئالغا قاراپ سوزۇلۇپ، يەنە شەرقىي قىسىمغا قايتىپ كېلىدۇ.

3. شىمالىي يېرىم شارىنىڭ بۇ بىر تەرىپىدە، ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان رايون ئېكۋاتور بىلەن تۇتاشقان رايونلارغا جايلاشقان. جەنۇبىي يېرىم شارىنىڭ بۇ بىر تەرىپىدىمۇ، ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان رايون ئېكۋاتور بىلەن تۇتاشقان رايونلارغا جايلاشقان. شىمالىي قىسىمدىكى ئادەم ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ كۆلىمى كەڭلىكى 63°، ئۇزۇنلۇقى 180°، چۈنكى يەر شارىنىڭ بىر قېتىم ئايلىنىشى 360°. جەنۇبىي قىسىمدىكى ئادەم ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ كۆلىمى كەڭلىكى 17°، ئۇزۇنلۇقى 180°. بۇ ئىككى رايوننىڭ ئومۇمىي كۆلىمى يەر شارى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ توققۇزدىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. دۇنيادىكى بارلىق شەھەرلەر، ھەر قايسى خانىدانلىقلار، دېڭىز - ئوكيان، تاغ - داللار، دەريا ئېقىنلار ھەم ھايۋانات ۋە بېلىقلارنىڭ ھەممىسى بىز كۆرسەتكەن يۇقىرىقى توققۇزدىن بىر قىسىم رايونلارغا جايلاشقان.

4. شەرقىي قىسىمدىكى ئەڭ يىراق شەھەر جۇڭگو پايتەختى خۇمدان (khumdan) [4]، يېشىل دېڭىزنىڭ ياقىسىغا[5] جايلاشقان. يۇنانلىقلار يېشىل دېڭىزنى شەرقىي ئوكيان[6] دەپ ئاتايدۇ، ئەرەبلەر بولسا يېشىل دېڭىز دەپ ئاتايدۇ. ئارستوتېل «ھاۋارايى ئىلمى» دېگەن كىتابىدا، شىمالىي دېڭىز ئۇپۇق سىزىقىغا ئوخشاش يەر شارىنى ئايلىنىدۇ، بۇ دېڭىزدا كېمىلەر قاتنىمايدۇ، ھېچكىم بۇ دېڭىزنى كېسىپ ئۆتۈپ باقمىغان ھەم بۇ دېڭىزنىڭ قىرغىقىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ھەر بىر ئاھالە رايونلىرىنىڭ چېتىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ دېڭىزنى كۆرەلەيدۇ، لېكىن كېمە بىلەن كېسىپ ئۆتەلمەيدۇ، پەقەت ئاھالە رايونلىرىغا يىراق بولمىغان دېڭىز ۋادىلىرىدىلا قاتنىغىلى بولىدۇ، دېيىلگەن.

غەربتىكى ئەڭ يىراق جاي سۇسەل ئەقسا (Sus al—Agsa)، يىراقتىكى سۇس) [7] دېيىلىدۇ، غەربىي ئوكياننىڭ دېڭىز ياقىسىغا جايلاشقان. بۇ دېڭىزنىڭ سۈيى بىلەن شەرقىي ئوكياننىڭ سۈيىنىڭ رەڭگى، تەمى ئىنتايىن ئوخشىشىدۇ. ئوخشاشلا، غەربىي قىسىمدىكى ھەر بىر ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان رايونلار، شىمال ۋە جەنۇب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ دېڭىز بىلەن قوشنا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانلار بۇ دېڭىزدا كېمە

www.uyghurkitap.com

بىلەن قاتنايدۇ.
شۇڭلاشقا، كىشىلەر بۇ ئىككى دېڭىزنىڭ ئوخشاشلىقىغا ئاساسەن، بۇ ئىككى دېڭىز ئەمەلىيەتتە بىر گەۋدە، ئىككى قۇتۇپ ئارقىلىق شەرق ۋە غەربتىن يەر شارىنى ئايلىنىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دېڭىزنىڭ ئايرىپ تۇرۇشى سەۋەبىدىن، كىشىلەر يەر شارىنىڭ يەنەبىر تەرىپىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قالغان.

5. يەر شارىنىڭ بۇ بىر تەرىپىدىكى ئېكۋاتور دائىرىسىدىن «چوڭ دېڭىز»[8] ئۆتىدۇ، ئېكۋاتورنىڭ شىمالىدا، ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان رايونلار °63 قىچە سوزۇلۇپ، يەنە شىمالغا قاراپ بىۋاسىتە شىمالىي قۇتۇپقا تۇتىشىدۇ. قاتتىق سوغۇق بولغانلىقتىن، ھايۋانات ھەرگىز ياشىيالمايدۇ.

ئېكۋاتورنىڭ جەنۇبىنىڭ كۆپ قىسمى دېڭىز بولۇپلا قالماي، يەنە ھاۋاسىمۇ ئىنتايىن ئىسسىق. بۇ يەرلەردىكى ئاھالىلەر مەسىلەن، زەنگىلەر، (赞格人) ھەبەشلەر (阿比西尼亚人)نىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ياۋايى. يەنە جەنۇبقا قاراپ بىۋاسىتە جەنۇبىي قۇتۇپ رايونىغا بارغىلى بولىدۇ. بۇ يەرلەر پۈژقىرىم ئىسسىق بولۇپ، ئىنسانلار ئولتۇراقلاشمىغان.

## ئۈچىنچى باب
# دېڭىز - ئوكيانلار ۋە دېڭىز قولتۇقلىرىنىڭ ئورنى

1. يېشىل دېڭىز، بىز شەرقىي دېڭىز دەپ ئاتىغان، ئىلگىرى بىلىدىغان دېڭىز. بۇ دېڭىز جەنۇبتىكى دېھقانچىلىق ئېتىزلىقلىرىدىن ئەڭ يىراق بولغان ئېكۋاتورغا قەدەر سوزۇلۇپ، ۋاقۋاق ئارىلى (Waqwaq)[9] ۋە ۋاقۋاقلىقلار رايونى ئارقىلىق جۇڭگو (Chinistan)، خاككاس ۋە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ چېگرىسىغا قەدەر يېتىپ بارىدۇ. بۇ دېڭىزدا دېڭىز قولتۇقى يوق.

2. غەربىي ئوكيان[10]، ئىلگىرى بىز بىلىدىغان بۇ دېڭىزنىڭ دېڭىز قىرغاق لىنىيىسى سۇدان دۆلىتى ــ ماگلاب (马格里布)[11] ۋە سۇسەل ئەقسا دۆلىتىنىڭ ئەڭ يىراق چېگرىلىرىدىن باشلىنىپ، رۇم[12] دېڭىز بوغۇزى ئارقىلىق، رۇم (Rum)[13] ۋە ساكلاب (Saqlab)[14] دۆلىتىنىڭ چېگرىسىغىچە ۋە تولى[15] ئارىلىغىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ دېڭىزدىكى دېڭىز بوغۇزى[16] بىلەن رۇم دېڭىزى تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

3. يەنە بىر ئوكيان «ئۇلۇغ دېڭىز»[17] دېيىلىدۇ. بۇ دېڭىزنىڭ شەرق تەرىپى شەرقىي ئوكيان بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، ئېكۋاتورنىڭ ئۆتۈشتىن بىر قىسمى مۇشۇ دېڭىزنى ئوراپ تۇرىدۇ. باشقا شىمالىي دېڭىزنىڭ قىرغاقلىرى جۇڭگو (تايلاند) دۆلىتىدىن باشلىنىپ، ھىندىستان ۋە سىندى، چىرمان، پارس، كۇچىستان، سايمارا (Saymara) (ئەسلى مەنبەدىمۇ مۇشۇنداق) قاتارلىق جايلاردىن ئايلىنىپ ئۆتىدۇ[18]. ئۇنىڭدىن باشقا جەنۇبىي دېڭىز قىرغاقلىرى جەبەل ئەل - تائىن (jabal al—ta'in)[19] دىن باشلىنىپ، زەبەج (Zabaj)[20] دۆلىتىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، زەڭگىستان[21] ۋە ھەبەشكە يېتىپ بارىدۇ. بۇ دېڭىزنىڭ غەربىي ئۇچى ھەر بىر ئەرەب دۆلىتىنىڭ دېڭىز قولتۇقىنى ئايلىنىپ ئۆتىدۇ.

بۇ دېڭىزدا بەش دېڭىز قولتۇقى بار: بىرىنچىسى، بەربەر (Barbari)[22] دېڭىز قولتۇقى ــ بۇ دېڭىز قولتۇقى ھەبەشتىن باشلىنىپ، غەربتە سۇدانغا يېتىپ بارىدۇ. ئىككىنچى، ئەرەب قولتۇقى[23] ــ بەربەر قولتۇقى بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، شىمالغا قاراپ

مىسىر چېگرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، بارغانسېرى تارىيىپ، ئەڭ ئاخىرى بىر ئىنگلىز مىلى كەڭلىكتە قالىدۇ. بۇ يەنە ئەيلا (Ayla ياكى Ila) ياكى قۇلزۇم (QULZUM) مۇ دېيىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئىراق[24] قولتۇقى - بۇ قولتۇق پارس چېگرىسىدىن باشلىنىپ، غەربىي شىمالغا قاراپ مېڭىپ، بىۋاستە ئۇنىڭ بىلەن ئەيلا قولتۇقى ئارىلىقىدىكى تېز ماڭار تۆگىگە مىنىپ 60 مەنزىل يىراقلىقىچە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئەرەب زېمىنىنىڭ ھەممىسى ئەيلا قولتۇقى بىلەن ئىراق قولتۇقى ئارىسىغا جايلاشقان. تۆتىنچىسى، پارس قولتۇقى[25] - پارس چېگرىسىدىن باشلىنىپ، دېڭىز قولتۇقىنىڭ نىسبەتەن تار جايىدىن ئۆتۈپ سىندى (信德) چېگرىسىغىچە يېتىپ بارىدۇ. بەشىنچى، ھىندى قولتۇقى[26] - ئۇ ھىندىستاندىن باشلىنىپ، شىمالغا قاراپ مېڭىپ يەنە بىر دېڭىز قولتۇقىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

«ئۇلۇغ دېڭىز» نىڭ ھەر قايسى قىسىملىرى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان شەھەر - بازارلار بىلەن دۆلەتلەرنىڭ ناملىرى، مەسىلەن، پارس دېڭىزى، بەسرە (Basra) دېڭىزى، ئۇممان دېڭىزى، زەڭگىستان دېڭىزى، ھىندى دېڭىزى قاتارلىقلار. بۇ دېڭىزلاردىن بىر قاتار قىممەتلىك دېڭىز مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ. ئۇزۇنلۇقى سەككىز مىڭ دېڭىز مىلى، كەڭلىكى ھەر قايسى جايلىرىنىڭ ئوخشاش ئەمەس. قۇلزۇم دېڭىز قىرغاقلىرىدىن جۇڭگو دېڭىز قىرغاقلىرىغا بارغىلى بولىدۇ، بۇ دېڭىزدا ئىككى قېتىم كېچە - كۈندۈز بوران - چاپقۇن بولىدۇ. دولقۇن كۆتۈرۈلگەندە دېڭىز سۈيىنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، دولقۇن پەسەيگەندە سۇ ئورنى تۆۋەنلەيدۇ. باشقا دېڭىزلاردا بوران - چاپقۇن بولمايدۇ.

4. يەنە بىر دېڭىز بولسا غەربتىكى رۇم دېڭىزى[27] بۇ دېڭىزنىڭ شەكلى كونۇسقا ئوخشايدۇ. غەربتە غەربىي ئوكيان بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، شىمالىي قىرغىقىدا ئىسپانىيە (Andalus)، فرانكلار دۆلىتى (Ifranja) ۋە رۇمىيان (Rumiyan)؛ شەرقىي قىرغىقىدا ئەرمىنىيىنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرى[28] ۋە رۇمنىڭ مەلۇم رايونلىرى؛ جەنۇبىي قىرغىقىدا سۈرىيە، مىسىر، ئالجىر (阿非利加) ۋە تەنجىر (Tangier) نىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرى بار. بۇ دېڭىزدا ئىككى دېڭىز بوغۇزى بار، بىرى ئۇلۇغ ئوكيان بىلەن تۇتىشىدۇ، يەنە بىر دېڭىز بوغۇزى خۇددى دەريا ئېقىنىدەك رۇم دۆلىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، كونىستانتىن قەلئەسىنى ئايلىنىپ، كاسپىي دېڭىزى (达格鲁吉海) غا يېتىپ بارىدۇ. باشقا دېڭىزلاردا بۇ دېڭىزغا ئوخشاش بۇنداق ئەتراپى گۈللەنگەن رايونلار يوق. بۇ دېڭىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 مىڭ ئىنگلىز مىلى بولۇپ، كەڭلىكى ئوخشاش ئەمەس. كونىستانتىن قەلئەسى دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى تۆت ئىنگلىز مىلى بولۇپ، غەربتىكى دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئەڭ تار يېرىنىڭ ئۇن ھەسسىسىگە توغرا كەلگىچىكە، بۇ قاتتىن نېرىقى قاتنى[29] كۆرگىلى بولىدۇ.

5. كاسپىي دېڭىزى (可萨海)[30]، شەرقىدە بىر قۇملۇق بار، ئوغۇزلار (Ghuz) ۋە خارەزم بىلەن تۇتىشىدۇ؛ شىمالدا ئوغۇز ۋە بىر قىسىم كاسپىيلىقلار بىلەن قوشنا؛ غەربىدە كاسپىي ۋە ئەزەربەيجاننىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرى بار؛ جەنۇبىدا گىلان (Gilan)، دايلامان (Daylaman)، توباستان ۋە گورگانلارنىڭ ھەر قايسى شەھەر بازارلىرى بار، بۇ دېڭىزدا دېڭىز بوغۇزى يوق، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى ئوخشاشلا 400 يول[31] كېلىدۇ. پەقەت بېلىقلا چىقىدۇ.

6. گرۇزىيە (Gurziyan) دېڭىزى، بونتۇس دېڭىزى (Bontos، قارا دېڭىزنى كۆرسىتىدۇ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شەرقىي قىرغىقى ئالان (Al—Lan) بىلەن چېگرىلىنىدۇ؛

شىمالىي قىرغىقى پېچىنەكلەر، كاسپىلىقلار، مىرۋاتلار[32]، بۇلغارلار، ساجىسلار ئىگىلىگەن رايون؛ غەربىي قىرغىقى بۇرجانلار (Burjan)[33] دۆلىتى؛ جەنۇبىي قىرغىقى رۇم دۆلىتى. بۇ دېڭىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1300 ئىنگلىز مىلى، كەڭلىكى 350 ئىنگلىز مىلى.

7. يەنە بىرى خارەزم دېڭىزى[34]، خارەزم (شەھىرى) نىڭ غەربىي شىمالىدىن 40 يول يىراقلىقتا، ئەتراپىنىڭ ھەممىسى ئوغۇزلارنىڭ يېرى. بۇ دېڭىزنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 300 يول كېلىدۇ.

يۇقىرىقى يەتتە دېڭىزدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان كۆللەر، تاتلىق سۇلۇق كۆللەر ۋە تۇزلۇق كۆللەر بار.

تۇزلۇق كۆلدىن 11ى بار: 8. بىرىنچىسى بولسا مېئوتىس كۆلى (Mawts, maeotis)، ياسۇ دېڭىزنى[35] كۆرسىتىدۇ) بولۇپ، ساجىسلارنىڭ ئەڭ شىمالى تەرىپىدە. ئۇزۇنلۇقى 200 يول، كەڭلىكى 300 يول. گرۇزىيە دېڭىزى بىلەن بىر دېڭىز بوغۇزى ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئارقا تەرەپتە يەنە بىر دېڭىز بوغۇزى ئارقىلىق غەربىي ئوكيان بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ[36]. مېئوتىس كۆلىنىڭ ئەتراپى قاقاسلىق. 9. ئىككىنچى تۇزلۇق كۆل بولسا ئەرمىنىيىنىڭ كابزان (Kabvdhah)[37] كۆلى. ئۇزۇنلۇقى 50 يول، كەڭلىكى 30 يول. كابزان كەنتى مۇشۇ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا، كۆل ئەتراپىدا ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان. كۆل سۈيى تۇزلۇق بولغانلىقتىن كۆلدە، ئۆچەي قۇرت تىپىدىكىلەردىن باشقا جانلىقلار يوق. 10. ئۈچىنچىسى بولسا، سۈرىيىدىكى ئۆلۈك دېڭىز. سۈيى ئاچچىق بولغانلىقتىن، كۆلدە جانلىقلار يوق. كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كۈنلۈك يول، كەڭلىكى ئىككى كۈنلۈك يول. 11. تۆتىنچىسى بولسا رۇمدىكى ناۋتا (Nawyta)[38] كۆلى. كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كۈنلۈك يول، كەڭلىكى ئىككى كۈنلۈك يول، تۆت ئەتراپىدا ئادەم ئولتۇراقلاشقان رايونلار بار. كۆلدە نۇرغۇن بېلىقلار بار. 12. بەشىنچى تۇزلۇق كۆلمۇ رۇمدا بولۇپ، مىماتى (Mymaty, smaty?)[39] كۆلى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كۈنلۈك يول، كەڭلىكى بىر كۈنلۈك يول. ئەتراپىدا ئادەم ئولتۇراقلاشقان. كۆلدە كۆپ مىقداردا بېلىق، يەنە ئېيتىشلارغا قارىغاندا سۇ ئېتىمۇ بار. 13. ئالتىنچىسى بولسا پېرسىيىدىكى يۇن (yun) كۆلى بولۇپ، كارزۇن (Kazrun)[40] غا يېقىن. بۇ كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 يول، كەڭلىكى 8 يول كېلىدۇ. ئەتراپىدا ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان رايون بار. بۇ كۆلدىن نۇرغۇنلىغان مەھسۇلاتلار چىقىدۇ. 14. يەتتىنچىسى بولسا پېرسىيىدىكى بەسفەخرى (Basfahri, basafuya)[41] كۆلى بولۇپ، شىرازغا يېقىن. بۇ كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 يول، كەڭلىكى 7 يول كېلىدۇ. تۆت ئەتراپىدا ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى بار. بىراق، مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى چوڭ ئەمەس. 15. سەككىزىنچى تۇزلۇق كۆل بولسا پېرسىيە چېگرىسى ئىچىدىكى جىكان (J,nkan) كۆلى. بۇ كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12 يول، كەڭلىكى 10 يول كېلىدۇ. بىر قىسىم مەھسۇلاتلار چىقىدۇ. تۆت ئەتراپى ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى. 16. توققۇزىنچىسى بولسا پېرسىيىدىكى بىجگان (Bijgan) كۆلى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 20 يول، كەڭلىكى 15 يول كېلىدۇ. تۇز چىقىدۇ، تۆت ئەتراپى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ماكانى. بۇ كۆلدىن بىر دەريا[42] ئېقىپ چىقىپ، داراگىرد (Daragird) چېگرىسى ئارقىلىق دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. 17. ئونىنچى تۇزلۇق كۆل بولسا تۇزكۆل (Tuz—kul, Tauz—kuk)[43] كۆلى، قارلۇقلار چېگرىسى ئىچىدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 10 يول، كەڭلىكى 9 يول كېلىدۇ. تۇز چىقىدۇ. قارلۇقلارنىڭ يەتتە قەبىلىسى ئاش تۇزىنى مۇشۇ كۆلدىن ئالىدۇ. 18. ئون بىرىنچى تۇزلۇق كۆل بولسا، ئايسكۇك (Ayskuk) كۆلى بولۇپ، چىگىللار بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان.

بۇ كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 يول، كەڭلىكى 20 يول[44] كېلىدۇ. بارخون (بارسقان) شەھىرى مۇشۇ كۆل بويىغا جايلاشقان.

تاتلىق سۇلۇق كۆللەرنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس. بەزىلىرى كۆل دەپ ئاتالسىمۇ، بەزىلىرى سازلىق دېيىلىدۇ. كۆل دەپ ئاتالغانلىرىدىن، داڭلىقى يەتتە: 19. بۇخەيرە. تىننىس (Buhayra tinnis) [45] كۆلى، مىسىر چېگرىسى ئىچىدە بولۇپ، رۇم دېڭىزى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، نىل دەرياسى مۇشۇ كۆلگە[46] قۇيۇلىدۇ. بۇ كۆلنىڭ سۇيى يازلىقى تاتلىق بولۇپ، بىراق قىشلىقى نىل دەرياسىنىڭ سۇيى پەسلىگەن چاغدا، تۇزلىشىپ كېتىدۇ. بۇ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى شەھەر بار: بىرى تىننىس شەھىرى (ياكى Tinais)، بىرى دىميات شەھىرى (Dimyat) [47]. مىسىرنىڭ ئېكسپورت قىلىدىغان قىممەتلىك توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئىككى شەھەردىن چىقىدۇ. بۇ كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 يول، كەڭلىكى 11 يول كېلىدۇ. 20. سۇرىيىدىكى تەبرىيا كۆلى (تايبال ياكى جەلىل دېڭىزى). ئۇزۇنلۇقى 12 يول، كەڭلىكى 7 يول. 21. رۇمدىكى نىسيا كۆلى ياكى (T. ntiya) [48]، بۇ كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 يول، كەڭلىكى 5 يول بولۇپ، كۆل ئەتراپىدا ئاھالىلەر رايونى بار. 22. رۇم چېگرىسى ئىچىدىكى رىياس كۆلى (Riyas، ئەسلى مەنبەدە شۇنداق) [49]، ئەتراپىدا ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى بار. ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى ئوخشاشلا 5 يول كېلىدۇ. 23. پىرسىيىدىكى ئەرجان (Arzhan) كۆلى، شىرازغا يېقىن كېلىدۇ. شىرازنىڭ بېلىقلىرى مۇشۇ كۆلدىن چىقىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 10 يول، كەڭلىكى 8 يول كېلىدۇ. 24. سىيىستان چېگرىسى ئىچىدىكى زاراخ كۆلى (Zarah)، قۇملۇق بىلەن تۇتىشىپ تۇرغان بىر تەرىپىدىن باشقا، كۆل ئەتراپىدىكى يەرلەر ۋە يېزا - كەنتلەردە ئادەم بار. بۇ كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 يول، كەڭلىكى 7 يول كېلىدۇ. زاراخ كۆلىنىڭ سۇ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتتا، بۇ يەردىن بىر دەريا كېرمان ئۆلكىسىگە ئېقىپ كىرىپ، بىر چوڭ كۆلنى شەكىللەندۈرىدۇ. 25. سۇرشانا (Surushana) چېگرىسى ئىچىدىكى دەريازا (Daryazha) [50] كۆلى، بۇ كۆل بۇتتامان (Buttaman) تاغ تىزمىلىرىدىن ئېقىپ چىققان تۆت دانە ئېقىننىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، تاغلار توپى ئارىسىغا جايلاشقان. بۇ كۆلدىن بىر دەريا ئېقىپ چىقىپ، سەمەرقەنت، بۇخارا ۋە سۇت (粟特) لارنىڭ يەرلىرىنى سۇغىرىدۇ. ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى ئوخشاشلا 4 يول كېلىدۇ.

كۆللەر توغرىسىدا، كىشىلەر بىلىدىغانلىرى ۋە كىتابلاردا خاتىرىلەنگىنى مۇشۇنچىلىك.

ئۇنىڭدىن باشقا كىچىك كۆللەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مەسىلەن، 26. مەن تېغى (漫山) چېگرىسىغا، خۇشكەنت تاغلىرى ئىچىگە جايلاشقان بىر كۆل بولۇپ، بەستىراب (Bastarab) [51] قا يېقىن، ئۇزۇنلۇقى بىر يول، كەڭلىكى يېرىم يول كېتىدۇ. 27. تۇس ۋە توباستان تاغلىرى ئارىسىدىكى كۆللەر بولۇپ، بىراق ئۇلارنىڭ نامى چىقمىغان ياكى قەدىمىي ئەمەس. بەزىلىرى ھەتتا قۇرۇپ كەتكەن، شۇڭلاشقا بىز بۇ كۆللەرنى كۆرسىتىپ ئۆتمىدۇق.

يەنە نۇرغۇنلىغان سازلىقلار بار، بىراق داڭلىقلىرى پەقەت توققۇز[52]: 28 - 30. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچى جەنۇبىي نۇبىيە (Nubia, Nuba) دىن باشقا جەبەل. ئەل. كامارغا يېقىن چۆللۈكلەرگە جايلاشقان. بۇ سازلىقلاردىن 10 ئېقىن ئېقىپ چىقىدۇ، ھەر بەش ئېقىن يەنە بىر سازلىقنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھەر ئىككى سازلىقتىن يەنە ئۈچ ئېقىن ئېقىپ چىقىدۇ، بۇ ئالتە ئېقىن يەنە قوشۇلۇپ بىر سازلىقنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ سازلىقتىن ئېقىپ چىققان نىل دەرياسى، نۇبىيە ۋە مىسىرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، بىۋاستە تىننىس

www.uyghurkitap.com

كۆلىگە قۇيۇلىدۇ 31 ـ 32، ئۇنىڭدىن باشقا ئىككىسى بەسرە (巴士拉) دىكى سازلىقلار بولۇپ، ئەتراپىدا نۇرغۇنلىغان ئاھالىلەر رايونلىرى، يېزا ـ كەنت ۋە شەھەر ـ بازارلار بار. 33. ئالتىنچىسى كۇفە (Kufa) دىكى سازلىق بولۇپ، ئەتراپىدا نۇرغۇنلىغان ئاھالىلەر رايونلىرى بار، مەنزىرىسى گۈزەل. 34. يەتتىنچىسى بۇ خارادىكى سازلىق بولۇپ، ئەۋزايى پەيكەند (Avaza—yipaykand) [63] دېيىلىدۇ. قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. 35. سەككىزىنچى سازلىق جۇڭگونىڭ يۇقىرىسىدا[54] بولۇپ، خۇمدان شەھىرى (胡姆丹城) رايونىغا جايلاشقان. 36. توققۇزىنچى سازلىق جۇڭگونىڭ شىمالىدا[55].

بارلىق تاتلىق سۇلۇق كۆللەر ۋە سازلىقلاردا ناھايىتى نۇرغۇن بېلىقلار بار. بۇ كۆللەردە بېلىقچىلار مۇشۇ بېلىقلارغا تايىنىپ ھايات كەچۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قۇرۇپ كەتكەن سازلىقلار بار، بىز بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتىمىدۇق.

## تۆتىنچى باب
## ئاراللار توغرىسىدا

دېڭىز ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ھەم سۇ يۈزىگە چىقىپ قالغان ھەر قانداق يەر ۋە تاغلارنىڭ ھەممىسى ئارال[56] دەپ ئاتىلىدۇ.

1. شەرقىي ئوكياندا كۈمۈش ئارىلى دەپ ئاتىلىدىغان داڭلىق بىر ئارال بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان تېكتون دەرىخى ۋە كۈمۈش كانلىرى بار. يەنە ئارالدىكى يەتتە چوڭ ئېقىن ئوخشاش بولمىغان يەتتە جايدىن باشلىنىپ دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. ئارالدا بىر مەشھۇر چوڭ شەھەر بولۇپ، جۇڭگوغا تەۋە دەپ قارالغاچقا، كۈمۈش ئارىلى شەھىرى دەپ ئاتالغان. بۇ شەھەر ئىنتايىن گۈللەنگەن بولۇپ ئاھالىسى ناھايىتى كۆپ.

2. «بۈيۈك دېڭىز» دا 13 داڭلىق ئارال ۋە ئىككى ئاھالە ئولتۇراقلاشقان تاغ تىزمىسى بولۇپ، بىرى جەنۇبتىن دېڭىزغا سوزۇلۇپ كىرگەن، يەنە بىرى ئالدىنقىسىنىڭ ئەكسىچە، شىمالدىن دېڭىزغا سوزۇلۇپ كىرگەن. بۇ ئىككى تاغ تولىمۇ كىتابلىرىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ ئىككى تاغ تىزمىسىنىڭ بىر قىسمى قۇرۇقلۇقتا، يەنە بىر قىسمى دېڭىزدا. 3. «بۈيۈك دېڭىز» دىكى بىرىنچى ئارال ئالتۇن ئارال[57] دېيىلىدۇ، ئايلانمىسى 300 يول كېلىدۇ. ئالتۇن كانلىرى ۋە نۇرغۇن تېرىلغۇ يەر بار، ئاھالىسى ۋاقۋاقلىق زەنگىلەر دەپ ئاتىلىدۇ. قىپيالىڭاچ يۈرىدۇ، ئادەم يەيدۇ. كۆپلىگەن جۇڭگو سودىگەرلىرى دائىم تۆمۈر ۋە ئاشلىقلارنى بۇ ئارالغا[58] ئاپىرىپ، ئالتۇنغا ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار ئۆز ئارا تىل ئۇقۇشالمىغاندا، قول ئىشارىتى ئارقىلىق سودا قىلىدۇ. 4. بۇ دېڭىزدىكى يەنە بىر ئارال تاپروبانى ئارىلى (Taprobane) [59] دېيىلىدۇ، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 1000 يول كېلىدۇ. بۇ ئارالنىڭ ئەتراپىدا 59 چوڭ ئارال بار، بەزى ئاراللاردا تېرىلغۇ يەر بار، بەزىلىرى قاقاس ئارال. بۇ ئارالدا نۇرغۇنلىغان شەھەر ـ بازار، يېزا ـ كەنت، دەريا ـ ئېقىن ۋە تاغ تىزمىلىرى بار. بۇ ئارال جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ چېگرىسىغا جايلاشقاندىن تاشقىرى، يەنە خىل رەڭدىكى ياقۇت كانلىرى بار. ئارالدا يەنە مۇۋاس (Muwas) دەپ ئاتىلىدىغان بىر چوڭ شەھەر بولۇپ، ئارالنىڭ چېتىگە، ھىندىستان تەرەپكە جايلاشقان. بۇ ئارالدا ئىشلەپ چىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ شەھەرگە توشۇلۇپ، ئاندىن مۇشۇ يەردىن دۇنيادىكى ھەر قايسى شەھەرلەرگە توشۇلىدۇ. 5. ئۈچىنچىسى رامى (Rami)[60] ئارىلى بولۇپ، سەرەندىپ (沙浪迪布) رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. يەرلىك

ئاھالىلەرنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى قاپقارا بولۇپ، ياۋايى، قىپيالىڭاچ يۈرىدۇ. ئۇلار سۇغا شۇڭغۇشقا ئۇستا. بۇ يەردىن مەرۋايىت چىقىدۇ. يەنە مۇشك ـ ئەنبەر، سۇم دەرىخى (苏木树) ھەم كەركىدان دەپ ئاتىلىدىغان ھايۋانمۇ بار. يەرلىك ئاھالىلەر كەھرىۋاغا تۆمۈر تېگىشىدۇ. بۇ ئارالدىن چىقىدىغان سۇم دەرىخى كۈچلۈك زەھەر قايتۇرۇش دورىسىنىڭ ماتېرىيالىدۇر. 6. تۆتىنچىسى سىرىغ ئارىلى (S. rih, zabaj?)، سەرەندىپ (沙浪迪布) نىڭ غەربىدە. ئارالدا كامپورا دەرىخى بار. ئاھالىسى ياۋايى بولۇپ، يىلان[61] كۆپ. 7. بەشىنچىسى جەبە (Jaba) ئارىلى ۋە سالاھىت (Salhit) ئارىلى بولۇپ، بۇ يەردىن كۆپ مىقداردا مۇشك ـ ئەنبەر، پىلپىل، سەندەل ياغىچى، قارىغاي ۋە قەلەمپۇر چىقىدۇ. 8. ئالتىنچىسى بولسا بالۇس[63] (Balus) ئارىلى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن جەبە ئارىلىنىڭ غەربىگە جايلاشقان؛ ئىككى ئارال ئارىلىقى ئىككى يول كېلىدۇ. يەرلىك ئاھالىنىڭ تېرىسى قارا بولۇپ، ئادەم يەيدۇ. بۇ يەردىن ناھايىتى ياخشى كامپورا، كوكۇس، بانان ۋە شېكەر قومۇشى چىقىدۇ. 9. يەتتىنچىسى بولسا كالا (Kala)[64] ئارىلى بولۇپ، بالۇس ئارىلىنىڭ جەنۇبىدا، ھىندىستانلىقلارنىڭ ياۋا خانلىقىدۇر. بالۇس بىلەن كالانىڭ ئارىلىقى ئىككى كۈنلۈك دېڭىز يولى كېلىدۇ. كالا ئارىلىدا كۆپ مىقداردا بامبۇك ۋە كۈمۈش كانلىرى بار. 10. سەككىزىنچىسى بولسا لەنكا بالۇس ئارىلى (Lankabalus)[65] دېيىلىدۇ. كالا ئارىلىنىڭ غەربىدە بولۇپ، ئىككى ئارالنىڭ ئارىلىقى ئالتە كۈنلۈك دېڭىز يولى كېلىدۇ. يەرلىك ئاھالىلەر قىپيالىڭاچ بولۇپ، سودىگەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. تاۋار مەھسۇلاتى تۆمۈر، يېمەكلىك مەھسۇلاتى بانان، بېلىق ۋە كوكۇس قاتارلىقلاردۇر. بۇ ئارال بىلەن مالاي شەھەرلىرىنىڭ ئارىلىقى 20 كۈنلۈك يولدۇر. 11. خارەنج (Haranj) ئارىلى بولۇپ[66]، 新丹 گە يېقىن، كامپورا چىقىدۇ. 12. ئونىنچىسى بولسا لافت (Laft)[67] ئارىلى دېيىلىدۇ، گۈللەنگەن بىر شەھىرى بولۇپ، ئۇمۇ لافت دەپ ئاتىلىدۇ. ئارالدا ئېتىزلار، دەريا ئېقىنلار ھەم نۇرغۇنلىغان يېقىملىق مەنزىرىلىك جايلىرى بار. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئادەملەر كېلىپ بۇ يەردە سودا قىلىدۇ. بۇ ئارال بىلەن پېرسىيە دېڭىز قىرغاقلىرىنىڭ ئارىلىقى يىراق ئەمەس. 13. ئون بىرىنچىسى بولسا نارا (Nara) ئارىلى دېيىلىدۇ. ئېكۋاتور سىزىقىغا، ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. بۇ ئارالنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان مېردىئانى 90° كېلىدۇ. ئاسترونومىيىلىك سانلىق مەلۇماتلار، كۆزىتىش ماتېرىياللىرى ھەم سەييارىلەر ۋە تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ ئورنى توغرىسىدا بۇ ئارالدىكى قەدىمكى ئاسترونومىيە كالېندارلىرىدا ئاللىقاچان ھېسابلاشلار ئېلىپ بېرىلغان. شۇڭلاشقا، بۇ ئارال «ئېكۋاتور ئارىلى» (كېچە ـ كۈندۈز تەڭ بۆلۈنگەن ئارال) دەپ ئاتىلىدۇ. 14. ئون ئىككىنچىسى بولسا ۋال (Wal)[68] ئارىلى بولۇپ، پېرسىيە دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان، نۇرغۇنلىغان گۈزەل يېزا ـ كەنتلەر بار، بۇ يەردە يەنە بىر پورت بولۇپ، ھەر قانداق ۋاقىتتا بېرىپ كېمە ياللىغىلى بولىدۇ. 15. ئون ئۈچىنچىسى بولسا كاراك (Kharak) ئارىلى بولۇپ، بەسرىنىڭ جەنۇبىدىن 50 يول يىراقلىقتا جايلاشقان. ئارالدا غايەت زور ۋە گۈللەنگەن بىر شەھەر بولۇپ، ئىسمى كاراك. ئارالنىڭ يېقىن ئەتراپلىرىدا قىممەتلىك ئەلا سۈپەتلىك مەرۋايىت بار. 16. ئۇنىڭدىن باشقا ئىككىسى ئارىلىقى ئىنتايىن يېقىن بولغان كىچىك ئاراللار بولۇپ، سوكترا (Socotra)[69] دەپ ئاتىلىدۇ. ئومان دۆلىتىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان، ئادەمنى جەلپ قىلغۇدەك يەرلىرى ئىنتايىن ئاز، بىراق ئاھالىسى ئىنتايىن كۆپ.

بۇ دېڭىزدا يەنە نۇرغۇنلىغان ئاراللار بار، بىراق ھەممىسى ئىسمى يوق قاقاس كىچىك ئاراللاردىن ئىبارەت، شۇڭلاشقا توختىلىپ ئۆتمىدۇق.

17. سۈرىيە قۇملۇقىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى دېڭىزدا[70] ئىككى مارجان خادا[71] تاشلىرى

www.uyghurkitap.com

بار: بىرى فەران (Faran)، بىرى جۇبەيلات (Jubaylat)، بۇ يەردىكى دېڭىز سۈيى ئاساسەن دولقۇنلاپ، مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدۇ.

C. غەربىي ئوكياندا 25 داڭلىق ئارال بار بولۇپ، بۇ ئاراللارنىڭ ناملىرى تولىمۇ كىتابلىرىدا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سۇداننىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىغا يېقىن جايلاشقانلىرىدىن ئالتىسى بار. ئۇلار: 18. ئەل ـ جەزائىرەل ھالىيە (Al—jazair—khaliya)[72] تاقىم ئاراللىرى، نۇرغۇن ئالتۇن كانلىرى بار. سۇدان رايونىدىكى ۋەسۇسەل ئەقسانىڭ[73] شەھەر ـ بازارلىرىدىكى كىشىلەر ھەر يىلى بىر قېتىم ئارالغا چىقىپ ئالتۇن يىغىدۇ، بىراق ھاۋاسى ئىنتايىن ئىسسىق بولغانلىقتىن، ئارالدا ھېچكىم ئولتۇراقلاشمىغان.

19. يەتتىنچىسى بولسا خادىرا (ghadira ياكى adira) ئارىلى، رۇم دېڭىزى بىلەن غەربىي ئوكياننىڭ تۇتىشىدىغان جايغا جايلاشقان. بىر چوڭ بۇلاقنىڭ مەنبەسى مۇشۇ ئارالدا، بۇ دېڭىز قولتۇقىدىن رۇم دېڭىزىغا چىققىلى بولىدۇ. سەككىزىنچى ۋە توققۇزىنچى ئاراللارنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يېقىن[74]. 20. بىرى رودىس (Rhodes)[75] ئارىلى، 21. يەنە بىرى بولسا ئەرۋاد (Arwadh) ئارىلى[76] بولۇپ، رۇم دېڭىز قىرغاقلىرىغا يېقىن. يۇنانلىقلار مۇشۇ ئىككى ئارالدا تۇرۇپ يۇلتۇزلارنىڭ ئورنىنى كۆزىتىدۇ. ئونىنچى ۋە ئون بىرىنچى ئاراللارنىڭ ئارىلىقى پەقەت يېرىم يول كېلىدۇ. رۇم دۆلىتىنىڭ شىمالىدىكى ئەڭ يىراق چېگرىسىنىڭ دېڭىزغا يېقىن جايلىرىدا. 22. بىرسى «ئەرلەر ئارىلى» دېيىلىدۇ، 23. يەنە بىرسى «ئاياللار ئارىلى» دېيىلىدۇ. ئالدىنقىنىڭ ئاھالىسى پۈتۈنلەي ئەرلەر، كېيىنكىسىنىڭ بولسا پۈتۈنلەي ئاياللاردۇر. ئەۋلاد قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار ھەر يىلى تۆت كېچە ئۆز ئارا ئۇچرىشىدۇ، ئوغۇل بالا ئۈچ ياشقا تولغاندا، «ئەرلەر ئارىلى»غا ئۆزىتىپ قويۇلىدۇ. «ئەرلەر ئارىلى»دا 36 چوڭ دەريانىڭ مەنبەسى بولۇپ، دېڭىزغا قويۇلىدۇ. «ئاياللار ئارىلى» دىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دەريادىن ئۈچى بار. غەربىي ئوكياننىڭ شىمالىي قىسمىدا بۇ ئاراللاردىن باشقا يەنە 20 ئارال بار. 24. برىتانىيە (Britaniya)[77] ئارىلى، بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ئادەم ئولتۇراقلاشقان ئارال. بەزىلىرى بولسا قاقاس ئاراللاردۇر. بۇ ئاراللاردا نۇرغۇنلىغان تاغ تىزمىلىرى، دەريا ـ ئېقىنلار، يېزا ـ كەنتلەر ۋە ھەر خىل كان بايلىقلىرى بار. 25. يىگىرمە تۆتىنچى ئارال بولسا تۇۋاس (ياكى Tus دەپمۇ يېزىلىدۇ) دېيىلىدۇ، برىتانىيە تاقىم ئاراللىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. بۇ ئارالنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 يول كېلىدۇ. بىر چوڭ دەريا بۇ ئارالدىن ئېقىپ چىقىپ، قۇرغاق جايلاردىن ئۆتۈپ، ساجىلىنىڭ شىمالىدىكى مارتس (marts) دېڭىزغا قويۇلىدۇ، بىز بۇ دېڭىزنى ئىلگىرى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. 26. يىگىرمە بەشىنچىسى بولسا تۇلى ئارىلى[78]. شىمالدىكى بىر قىسىم شەھەر ـ بازارلارنىڭ مېردىئانى مۇشۇ ئارالنىڭ ئۈستىگە (ئەسلى مەنبەدە شىمال) چۈشىدۇ. ئېكۋاتورغا پاراللېل بولغان چەمبەرلەر شىمالدا مۇشۇ ئارالدىن ئۆتۈپ دۇنيادىكى ئاھالىلەر رايونىنىڭ چېتى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىي ئوكياندىكى داڭلىق ئاراللار بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنلەر شۇ.

D. رۇم دېڭىزىدا ئاھالە ئولتۇراقلاشقان ئارالدىن ئالتىسى ۋە ئىككى تاغ بار. 27. بۇ ئىككى تاغنىڭ بىرى جەبىل تارىق. تاغنىڭ بىر بۆلىكى ئىسپانىيەدە، يەنە بىر بۆلىكى رۇم دېڭىزى ۋە ئۇلۇغ ئوكياننىڭ دېڭىز ساھىلى ئىچىگە سوزۇلۇپ كىرگەن. تاغدا كۈمۈش كېنى بار، يەنە بۇ دۆلەتتە دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان دورا بويۇملىرى مەسىلەن، گېنتىئانا ۋە باشقىلار چىقىدۇ. 28. يەنە بىرى جەبىلەل جەلال (Jabal al—qilal)[79] دېيىلىدۇ. رۇم شەھىرىنىڭ يېنىدا. بۇ تاغنىڭ غەربىدە بىر تاغ تىزمىسى[80] بار، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ھېچكىم بۇ تاغنىڭ چوققىسىغا چىقالماپتۇ، چۈنكى ئۇ ئىنتايىن ئېگىز ئىكەن. بۇ تاغدا ئوۋ بويۇملىرى، ياغاچ ماتېرىياللىرى ۋە يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى بار.

ئالتە ئارال: 29. بىرى سىپرۇس (ياكى Qubras) ئارىلى، ئايلانمىسى 350 ئىنگلىز مىلى كېلىدۇ. ئارالدا كۈمۈش كېنى، مىس كېنى ۋە يېشىل قاشتېشى كانلىرى بار. ئۇ قەيسەرىيە (Qaysariya)، ئاكخا (Akha) ۋە سۇر [81] (Sur) لارنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىغا ئانچە يىراق بولمىغان ئەتراپلىرىغا جايلاشقان. 30. ئىككىنچىسى سىپرۇس ئارىلىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، كۇرنۇس (ياكى Qrys) ئارىلى[82] دېيىلىدۇ، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 350 ئىنگلىز مىلى كېلىدۇ. 31. ئۈچىنچىسى بولسا يابىس ئارىلىBalus [83]، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 300 ئىنگلىز مىلى كېلىدۇ. 32. تۆتىنچىسى سىتسىلىيە ئارىلى بولۇپ، Saqliya رۇم دۆلىتىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان، بۇ ئارال بىر تاغنى ئايلىنىدۇ. قەدىمدە بۇ ئارال سىرلىق بولغانلىقتىن، رۇمنىڭ بايلىقلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئارالدا ساقلانغان. بۇ ئارالنىڭ ئۇزۇنلۇقى يەتتە مەنزىل (manzil)، كەڭلىكى بەش مەنزىل كېلىدۇ. 33. بەشىنچىسى بولسا ساردىن Sardaniya ئارىلى بولۇپ، رۇم دۆلىتىنىڭ جەنۇبىغا[84] جايلاشقان، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 300 ئىنگلىز مىلى كېلىدۇ. 34. ئالتىنچىسى كىرىت ئارىلىIqritas [85]، ئەترابۇلۇس (Atrabulus) [86] نىڭ شىمالىغا جايلاشقان، دېڭىز قىرغىقى بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراق ئەمەس. ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 300 ئىنگلىز مىلى كېلىدۇ. بۇ ئالتە ئارالدا تېرىلغۇ يەرلەر ۋە نۇرغۇن مەنزىرىلىك جايلار بار. ئارالدا يەنە نۇرغۇنلىغان شەھەر - بازار ۋە رايونلار بار، ئاھالىسى ئىنتايىن كۆپ. يەنە نۇرغۇن سودىگەرلەر، لەشكەرلەر ۋە بايلىقلار بار. رۇم دېڭىزىدىكى بۇ ئاراللار دۇنيادا ئەڭ كۆپ ئېچىلغان ئاراللاردۇر.

E. 35. ئەرمىنىيە دېڭىزىدا[87] كابزان (Kabudhan) ئارىلى دېيىلىدىغان بىر ئارال بار بولۇپ، ئارالدا بىر قورۇق بار، بايلىق مول، ئاھالىسى ناھايىتى كۆپ.

F. ئىچكى دېڭىزدا ئىككى ئارال بار: بىرى كازارىستان دەربەند (Khazarian Darband) دېڭىز قىرغاقلىرىغا يېقىن جايلاشقان. 36. ئىسمى جەزىرەتەل باب (Jaziratal—bab) [88] ئارىلى، بۇ ئارالدىن چىقىدىغان رويان دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا توشۇلۇپ، نەزىر - چىراغ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. 37. يەنە بىرسى بولسا سىياھ كۇھ (Siyah kuh) [89] ئارىلى، بۇ يەردە ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ بىر قەبىلىسى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، قورۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا بولاڭچىلىق قىلىدۇ. بۇ دېڭىزدا يەنە بىر ئارال بار، بىراق بۇ ئارالنىڭ بىر بۆرجىكى دېھىستان (Dihistan) [89] بىلەن يېقىن بولغان رايونلارغا تۇتىشىدۇ، ئىسمى دېھىستان سۇر (Dihistanan—sur) ئارىلى[91] دېيىلىدۇ، ئارالدا ئاھالە ئاز بولۇپ، قارچىغا - قۇرغۇي ئوۋلىغۇچىلار، ساقاقۇش ئوۋلىغۇچىلار ۋە بېلىقچىلاردىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكەن ئاراللاردىن باشقا، دۇنيادا يەنە باشقا داڭلىق ئاراللار ۋە ئادەم ئولتۇراقلاشقان چوڭ ئاراللار يوق. بىز يۇقىرىدا كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، خەرىتىدىكى دېڭىز، قولتۇقى ۋە ئاراللار ھەم ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئومۇميۈزلۈك تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق.

## بەشىنچى باب

# تاغ تىزمىلىرى ۋە كان مەھسۇلاتلىرى توغرىسىدا

تاغ تىزمىلىرى ئىككى خىل بولىدۇ: بىرسى ھەقىقىي تاغ تىزمىسى بولۇپ، بىر رايوندىن يەنە بىر رايونغا سوزۇلۇپ كىرگەن. بەزىدە كەڭرى بەزىدە تار، بەزىدە تۈز بەزىدە ئەگرى بولۇپ، تاغنىڭ غول تومۇرى ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىرى بولسا تاغنىڭ شاخچىلىرى

بولۇپ، غول تومۇردىن چىقىپ ھەم بىر ئۇچى يەنە بىر ئۇچىغا ئۇلىشىپ، تارماقلار خۇددى دەرەخنىڭ نۇرغۇن شاخچىلىرى بولغىنىغا ئوخشاش. بەزىدە تارماق شاخچىلارنىڭ يەنە تارماقلىرى بولىدۇ. مانا بۇ تاغلارنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى. غول تومۇر بىر نەچچە دۆلەت ۋە رايونلاردىكى تاغلارنىڭ نۇرغۇنلىغان تارماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. قۇملۇقلاردىكى، دېڭىز ياقىلىرىدىكى ۋە دەريا ساھىللىرىدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ تارماقلىرى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. تاغنىڭ غول تومۇرلىرى دائىم ئۆز ئارا تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

1. بىرىنچى تاغ شەرقتە بولۇپ، بىز ئەل تائىن فىل (Al—tainfil—bahr) [92] بەھر دەپ ئاتىغان ھېلىقى تاغ شۇ. (مەنىسى «دېڭىزغا سوزۇلۇپ كىرگەن تاغ» دېگەنلىك بولىدۇ.) بۇ تاغ تىزمىسىنىڭ يېرىمى قۇرۇقلۇقتا، يېرىمى بولسا دېڭىزدا.

2. يەنە بىر تاغ بولسا سەرەندىپ (莎浪迪布) تېغى[93]. بۇ تاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى يۈز يول بولۇپ، ئىنتايىن ئېگىز، بەزى تاغ چوققىلىرىغا ھېچكىم چىقىپ باقمىغان. تاغ ئېتىكىدىن سەرەندىپ (莎浪迪布) چوققىسىغا قەدەر بولغان ئارىلىق ئىككى كۈنلۈك ۋاقىت كېلىدۇ. تاغدا ئوخشاش بولمىغان رەڭدىكى ياقۇت كانلىرى بار. بۇ تاغنىڭ دەريا قىنىدىن ئالماس تاپقىلى بولۇپلا قالماي، دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىدىنمۇ ئالماس تاپقىلى بولىدۇ. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقىدا كىرمىنىي مول، سەرەندىپ (莎浪迪布) تېغىغا يېقىن دېڭىزدىن قىممەتلىك مەرۋايىت چىقىدۇ. تاغدا قارىغاي، سىپرىن دەرىخى، قىزىل ماش، جوزبۇۋا ۋە ھەر خىل پۇراقلىق ماتېرىياللار بار. يەنە نۇرغۇنلىغان كوكوس دەرىخى، زىسۇ دەرىخى ۋە بامبۇكلار بار. ھايۋانلاردىن تىمساھ، ئىپار مۇشۇك، ۋە كەركىدان قاتارلىقلار بار. تاغدىكى بىر تاشتا مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزى بار، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇ ئادەم ئەلەيھىسسالام (ئاللا ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلغاي) نىڭ ئاياغ ئىزى ئىكەن. سەرەندىپ (莎浪迪布) رايونىدىكى ئاھالىلەر كىيىم كىيمەيدۇ. بۇ تاغ بىرىنچى ئىقلىم بەلۋىغىغا جايلاشقان.

3. ھىندىستان بىلەن جۇڭگو ئارىلىقىدىكى چېگرىدا بۇ تاغ تىزمىسىنىڭ بىر بۇرجىكى بىلەن يەنە بىر تاغ تىزمىسى مانسا (Manisa) [94] تېغى تۇتاشقان. بۇ تاغ شىمالدىن ھىندىستان بىلەن تىبەت چېگرىسىغا سوزۇلۇپ، يەنە شىمال ئارقىلىق تىبەت بىلەن جۇڭگو ئارىلىقىدىن ئۆتۈپ، بىۋاستە تىبەت تەۋەسىدىكى راڭروڭ (Rang — ring) [95] چېگرىسىغا قەدەر يېتىپ بارىدۇ. ئاندىن غەربكە بۇرۇلۇپ، جۇڭگو بىلەن تىبەتنىڭ نازۋان (Nazvan) [96] رايونى ئارقىلىق، غەربىي شىمال تەرەپتىن تىبەتنىڭ ئەڭ يىراق چېگرىسىغا قەدەر سوزۇلىدۇ. ئارقىدىن تۇسمىت (Tus. mt) [97] بىلەن جۇڭگو (ئۇدۇن؟) ئارىلىقىدىن ئۆتۈپ جۇڭگونىڭ چېتىدىكى قۇملۇقنىڭ ئەڭ يىراق جايلىرىغا قەدەر يېتىپ بارىدۇ؛ يەنە ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھەر قايسى شەھەر - بازارلىرى بىلەن تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى شەھەر - بازارلىرى ئارىلىقىدىن تاراس (Taras) ۋە سىلجى (Shlji) [98] نىڭ چېتىگە قەدەر سوزۇلۇپ بېرىپ، مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ.

4. [99] ھىندىستان بىلەن تىبەت چېگرىسىدا (مانسا تېغىنىڭ) بىر تارماق تىزمىسى شەرقتىن جۇڭگو چېگرىسىغا سوزۇلۇپ كىرگەن بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 50 يول كېلىدۇ. تىبەتنىڭ يەنە بىر بۆلەك چېگرىلىرىدا ئوخشاشلا نۇرغۇنلىغان تارماقلار شەرقتىن ياكى غەربتىن تارقالغان بولىدۇ. ماۋەرائۇننەھر رايونىدىمۇ نۇرغۇنلىغان تارماقلار بولۇپ، بۇ تارماقلاردىن يەنە نۇرغۇنلىغان تارماق تىزمىلار چىقىپ ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە سوزۇلغان. بۇ تاغلاردىن ئالتۇن كانلىرى ۋە كۈمۈش كانلىرى ھەم زور مىقداردىكى قوغۇشۇن رۇدىسى، تۆمۈر رۇدىسى ۋە نۇرغۇن دورا ماتېرىياللىرىنى تاپقىلى بولىدۇ.

5. جۇڭگونىڭ ھەر قايسى ئۆلكىلىرىدە چوڭ - كىچىك بولۇپ، ئۆز ئارا تۇتاشمايدىغان

18 تاغ بار. ھەر بىر جايدا بىر تاغ تىزمىسى ئوخشاش بولمىغان يۆنىلىشتە تارقالغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئون تۆتىدە ئالتۇن كېنى بار.

6. توققۇز ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ ئەڭ يىراق چېگرىسىدا، ئۇلار بىلەن جۇڭگو (چىن) نىڭ چېگرىلىنىدىغان جايىدا، ئۇزۇنلۇقى تۆت يول كېلىدىغان بىر تاغ بولۇپ، تافكان ((Tafqan) تېغى[100] دېيىلىدۇ.

7. تافكان تېغىغا يېقىن رايوندا، توققۇز ئوغۇزلار دۆلىتى ئىچىدە بىر تاغ[101] بولۇپ، توققۇز ئوغۇزلار ۋە ياغمىلارنىڭ چېدىرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىن غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ، بىۋاستە مانسا تېغى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇلۇنگوت دەرياسىغا[102] يېقىن رايونلاردا بۇ تاغ ئىگراج. ئارت (Ighraj—art)[103] دېيىلىدۇ. بۇ تاغنىڭ ھەر بىر بۆلىكىنىڭ نامى ئوخشاش ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن بولغان رايون ياكى شەھەر ـ بازارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

8. ئىسسىق كۆلنىڭ يېنىدا، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ چېگرىسىدا يەنە بىر تاغ تىزمىسى[104] بولۇپ، تۈلىش ۋە قارلۇقلارنىڭ چېگرىسىغا قەدەر سوزۇلۇپ، ئاندىن يەنە يۆنىلىشىنى[105] ئۆزگەرتىپ، مۇشۇ يەردىن بىر تارماق تىزمىسى خاككاس قەبىلىلىرى چېگرىسى ئىچىگە قەدەر يېتىپ بارىدۇ. بۇ تاغ تالاس (Tulas) تېغى[106] دېيىلىدۇ، تاغدا نۇرغۇنلىغان قارا بۇلغۇن، تىيىن ۋە ئىپار كىيىكى بار. خاككاس چېگرىسى ئىچىگە سوزۇلۇپ كىرگەن تارماق تىزمىلاردىمۇ ئىپار كىيىكى، كەركىدان (مۈڭگۈزى)، تىيىن ۋە قارا بۇلغۇنلارنى تاپقىلى بولىدۇ.

9. يەنە بىر تاغ تىزمىسى[107] ھىندىستانغا قاراشلىق كانبايانىڭ[108] كۇلى (Kuli) رايونى ئارقىلىق شەرقتىن سامۇر (Samur) غا سوزۇلۇپ كىرىپ ئاندىن شىمالغا بۇرۇلۇپ، داھۇم (Dahum) دۆلىتى ۋە ھىندىستان ئارىلىقىدىن ئۆتۈپ، خىتال (Hital) (ئەسلى مەنبەدە شۇنداق) چېگرىسىغا[109] قەدەر سوزۇلىدۇ، ئاخىرىدا بۇ تاغ ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ.

9. A ، بىر تارمىقى[110] شىمالدىن تىھال (Tithal) ۋە نىتال (نېپال؟ Nital) چېگرىسىغا كىرىپ، ھىندىستان ۋە تىبەتنىڭ ئەڭ يىراق چېگرىسى ئارقىلىق، يەنە بولۇر، سەمەرقەنت (Samavgandaq) ، سىغناق (ئەسلى مەنبەدە شۇنداق) ۋە ۋاخاننىڭ شىمالى ۋە قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتۈپ، ئاخىرىدا زاشت (دەشت؟) چېگرىسىداغەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ؛ ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى بۇتتامان (Buttama) رايونى[111] ئارقىلىق، سۇترۇشانا چېگرىسىغا قەدەر يېتىپ بارىدۇ. بۇ تاغ يەنە سىغناق، ۋاخان ۋە زاشت رايونلىرىدا سانسىزلىغان تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ.

9. A[112] ۋاخان ۋە زاشتتىن باشلانغان نۇرغۇن تاغلار خۇتتاتان (Khuttatan) چېگرىسى ئىچىدە[113] بۆلۈنىدۇ، بۇ تاغلاردا ئالتۇن ـ كۈمۈش كانلىرى بار. خۇتتاتان تاغلىرىنىڭ تارماقلىرى ئىچىدىكى بىر تارمىقى يەككە ـ يېگانە ھالدا، بۇتتامان رايونىدىن كەلگەن يەنە بىر تارماق بىلەن تۇتىشىدۇ[114]. ئۇلار يەنە نۇرغۇن تارماقلارغا بۆلۈنۈپ شىھاننا (石汗那) رايونىغا سوزۇلۇپ كىرىپ، ئۇ يەردە تارقىلىدۇ. يۇقىرىدا توختالغان تاغ تىزمىسىنىڭ غول تومۇرى بۇتتامانغا سوزۇلۇپ يېقىنلاشقاندا ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، بىراق ئۇلار سۇترۇشانا چېگرىسى ئىچىگە كىرگەندە، يەنە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. بۇتتامان چېگرىسى ئىچىدە بۆلۈنۈپ چىققان بىر تارماق تاغ تىزمىسى[115] ، دارياج (Daryazha) ۋە بۇتتامان بىلەن شىھاننا ئارىلىقى ئارقىلىق، سەمەرقەنت ۋە سۇت چېگرىسىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، بىۋاستە بۇخارا رايونىغا يېتىپ بارىدۇ. ئوخشاشلا بۇ تارماق تاغ تىزمىسىنىڭ يەنە بىر مۇنچە تارماقلىرى بولىدۇ.

9. B[116] ، يەنە بىر تارمىقى خىبتال (Hibtal ، ئەسلى مەنبەدە شۇنداق)[117] چېگرىسى ئارقىلىق ھىندىستاندىن ئۆتۈپ، كانائۇج (Kanauj) چېگرىسىغا سوزۇلۇپ كىرىپ، گوۋا

دۆلىتى[118] بىلەن لىخارا (Lhra) دۆلىتى ئارىلىقىدىن ئۆتۈپ، بۇ يەردە Q. S. K? تېغى[119] دەپ ئاتىلىپ، ئاندىن كەشمىر، ۋايخاند (Vahind)[120] دۇنپۇر (Dunpur)[121] ھەم لامغان (Lamghan)[122] رايونىنىڭ شىمالىغا؛ بولۇر، سىغناق، ۋاخان ۋە باداق تېغىنىڭ جەنۇبىغا سوزۇلۇپ كىرىپ، خۇتتاتان رايونىنىڭ جەنۇبى ئارقىلىق ئاخىرىدا توخرى چېگرىسى ئىچىگە كىرىدۇ، تاراكان (Taraqan)[123]، ساقالكەند (SakaL Kand)[124]، خۇلم (Khulm) ۋە چىمكەند ئارىلىقى ھەم بەلخنىڭ جەنۇبىغا سوزۇلۇپ، خۇشكەندكە تەۋە سان (San) ۋە خارياك (Charyak)[125] چېگرىسى ئىچىگە كىرىدۇ.

9. aB، كېيىن[126] بۇ تارماق تاغ تىزمىسى غەربكە بۇرۇلۇپ، غەربىي شىمال ئارقىلىق گۇر Ghur[127] دۆلىتىنى ئايلىنىپ، ئاسپۇزار (Aspuzar)[128]، ھېرات، بۇشاڭ (Bushang)[129] ۋە نىشاپۇرنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتىدۇ. ئاندىن نىشاپۇر بىلەن سەبزىۋار ئارىلىقىدا، مۇشۇ تاغنىڭ شىمالىدىكى بىر يولنى بويلاپ سوزۇلۇپ، ئاخىرىدا يەنە غەربكە بۇرۇلۇپ، سىمنان (Simnn)[130] ۋە راي (Rayy) نىڭ شىمالى ئارقىلىق، دىلان (低廉) رايونىغا بىۋاستە جىران (吉兰) چېگرىسىغا يېتىپ بارىدۇ.

9. bB[131]، بۇ تاغ بەلخ ئۆلكىسىدىن بۇرۇلۇپ كېيىن، توخرى تەۋەسىدىكى مەدر (Madr)[132] چېگرىسىغا قەدەر سوزۇلۇپ، بۇ رايوندا يەنە نۇرغۇنلىغان چوڭ - كىچىك تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ، بۇنىڭ سانىنى پەقەت ئاللا ئىگەم ئۆزى بىلىدۇ. بۇ تارماقلارنىڭ ھەر قايسىسى يەنە توغرى، ئەنجەروب (安照罗缚)، پەنجشىل (喷赤希尔)، جالىيانا (ياكى كارىيانا)، باميان (Bamiyan)[133]، بۇست (不思忒)، رۇكناد (Rukhadh)، زامىنداۋار (Zamindavar)[134] ھەم غەزنە (哥疾宁) رايونىنىڭ بىر قىسىم چېگرا رايونىدا نۇرغۇنلىغان تارماق تىزمىلارغا بۆلۈنۈپ، سىندى چېگرىسىغا قەدەر سوزۇلۇپ بارىدۇ. بۇ تاغ تىزمىلىرىدا ئالتۇن - كۈمۈش كانلىرى بار. بۇ تاغنىڭ غول تومۇرى گۇر رايونىغا سوزۇلۇپ كىرگەندە، بىر تارماق تىزما بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئايلانما تاغنى[135] شەكىللەندۈرىدۇ، ئاندىن بۇ تارماق تىزما يەنە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ ئايلانما تاغدا بىر قەبىلە بار… (بۇ يەردە گەپ چۈشۈپ قالغان). بۇ ئايلانما تاغدىن يەنە بىر چوڭ تارماق تىزما بۆلۈنۈپ چىقىپ، باشقا تارماق تاغ تىزمىلىرى بىلەن بىرلىكتە شەرققە قاراپ سوزۇلۇپ، بۇست (不思忒) ۋە غەزنە (哥疾宁) چېگرىسى ئىچىگە تارقالغان. ئوخشاشلا، ئاسپىزار رايونىدا بۇ تاغنىڭ بىر قىسىم كىچىك تارماقلىرى ئاسپىزارنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىغا تارقالغان.

كۇشىستان ۋە كۈمۈش رايونىدا، دىلان چېگرىسى ئىچىدە بۇ تاغنىڭ يەنە نۇرغۇنلىغان تارماقلىرى[136] بار.

9. cB، بۇ تاغنىڭ غول تومۇرى خۇشكەندكە تەۋە سان ۋە چاھارياك (Chaharyak) رايونىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ: بىر تارمىقى بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ھېلىقى بىر تارمىقى (9.aB) شۇ، يەنە بىر تارمىقى[137] شىمالدا بولۇپ، كۇندارمۇ[138] ۋە ئەنبۇر ئارىلىقىدىن غەربكە سوزۇلۇپ، گۇرزىۋان (Gurzivan) ۋە جاھۇدان ئارىلىقى، باشىن (Bashin) ۋە دىزا (Diza) ئارىلىقى ھەم مەررۇد (Marrudh) بىلەن بەگشۇر (Baghshur) ئارىلىقى ۋە ساراكخس (Sarakhs) نىڭ جەنۇبى ئارقىلىق، ئاندىن شىمالدىن تۇس (Tus)، باۋارد (Bavard) ۋە ناسا (Nasa) چېگرىسى ئىچىگە سوزۇلۇپ كىرىپ، بىۋاستە گۇرگان چېگرىسىغا يېتىپ بارىدۇ. ئارقىدىن ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كۈنلۈك مۇساپە ئارقىلىق تار تاغ جىلغىسىغا كەلگەندە، بۇ تاغ دىنار زارى (Dinar—zari) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تاغ تاغ جىلغىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، سىبارەيىن (Sibarayin) رايونىدىن ئۆتۈپ، گۇرگان چېگرىسى ئىچىگە كىرىدۇ. ئاندىن غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، ئامۇلنىڭ جەنۇبى ۋە توبا ستانىنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرى ئارقىلىق، بىۋاستە 剌夷 رايونىغا يېتىپ بارىدۇ[139]. ئاخىرىدا يۇقىرىدا توختالغان يەنە بىر تارماق تاغ تىزمىسى بىلەن

تۇتىشىدۇ. بىز يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن بۇ ئىككى تارماق تاغ تىزمىسى بىرلىكتە جىلان ئۆلكىسى (吉兰循) چېگرىسىغا قەدەر سوزۇلىدۇ. ھىندىستان چېگرىسىدىن باشلىنىپ، جىلان چېگرىسىدا ئاخىرلىشىدىغان بۇ تاغ «يەر شارىنىڭ بەلۋېغى» دەپ نام ئالغان بولۇپ، ئەرەبچىدە مىنتاجەتەل ئەل ئارد (Mintagat al Ard) دەپ ئاتىلىدۇ.

10. باشقا تاغلار كىرمان ئۆلكىسى (起儿慢) دەپ بولۇپ، مۇستەقىل تاغلار ھېسابلانىسمۇ، بىراق ئومۇملاشتۇرۇلۇپ كىرمان تاغلىرى دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىرى كۇفىج (Kufij) [140] تېغى بولۇپ، قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇ تاغ جىرۇفت (Jiruft) [141] چېگرىسى ئىچىگە سوزۇلۇپ كىرىپ، ئۆزئاراگىرەلىشىپ كەتكەن يەتتە تاغنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تاغلارنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن قەبىلىنىڭ ئاتامانى بولۇپ، ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بۇ تاغلارغا كېلەلمىگەچكە، بۇ ئاتامانلار ھەر يىلى باج ۋە ئولپان يىغىدۇ. بۇ يەتتە تاغ بىر ـ بىرىگە تەۋە بولمىغاچقا، تاغدىكى كىشىلەر كۇفىجلىقلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار بىر خىل ئالاھىدە تىلدا سۆزلىشىدۇ. بۇ جاينىڭ ھاۋاسى يېقىملىق، مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولۇپ، ھەربىي قوشۇن ۋە ئۇرۇش بىلەن بويسۇندۇرغىلى بولمايدۇ. جىرۇفت بىلەن بۇ تاغ ئارىسىدا بىر قىسىم كىچىك تاغلار بولۇپ، بۇ رايون بۇ. خانىم (Bu. ghanim) نىڭ كۇشىستانى[142] دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر تاغ بولسا بەرجان (Barijan) تېغى بولۇپ، بۇ تاغ جىرۇفت چېگرىسىدىن بام (Bam) چېگرىسىغا سوزۇلۇپ كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا قوغۇشۇن، مىس ۋە ماگنىت كانلىرى بار. يەنە كەفتەر (Kaftar) ۋە دىھاك (Dihak) كەنتى دېيىلىدىغان ئىككى كەنت بار. جىرۇفتنىڭ يەنە بىر تاغ تىزمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى كۈنلۈك يول بولۇپ، تاغدا نۇرغۇن كانلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا كۇھى سىم (Ku—hi sim ، «كۇمۇش تېغى»)[143] بولۇپ، ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتكەن ئىككى تاغنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تاغ كابىر (Khabr?) بىلەن جىرۇفت ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدا كۇمۇش كېنى بار.

11. [144] يەنە بىر تاغ پارس ئۆلكىسى ئىچىدە بولۇپ، پاسا (Pasa) بىلەن دالاگىردئارىلىقىدىن باشلىنىپ، شەرقتە كىرمان ئۆلكىسى چېگرىسىغىچە سوزۇلىدۇ. ئاندىن شىمالدا يۇناس (Unas?) ۋە رائۇدخان (Rau dhan) چېگرىسىغا يېتىپ بارىدۇ. يەنە غەربكە بۇرۇلۇپ پارس ۋە كۇچىستان ئارىلىقىدىكى چېگرىغا قەدەر سوزۇلىدۇ. يەنە شىمالغا بۇرۇلۇپ بۇدۇلاف (Bu — Dulf) نىڭ كاراج (Karaj ياكى Kara) بىلەن ئىسپاھان ئارىسى ئارقىلىق، جىبال (Jibal) زېمىنىغا كىرىپ، بىۋاستە ھەمەدان تەۋەسىگە يېتىپ بارىدۇ. ئاندىن ھەمەداننىڭ جەنۇبى ئارقىلىق، غەربىي شىمالنى بويلاپ ئەزەربەيجان تەۋەسىدىكى ماراگا (Maragha) غىچە سوزۇلىدۇ. بۇ تاغ جىبال رايونىدا نۇرغۇنلىغان تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ. بۇ يەردە شەھەر ـ بازارلار يوق بولۇپلا قالماستىن، ئەتراپىدا بۇ تاغنىڭ بىر تارماق تىزمىسى بار.

بۇ تاغنىڭ پارس ئۆلكىسى ئىچىدىمۇ نۇرغۇنلىغان تارماق تىزمىسى بار، بۇ رايوندا يەنە باشقا بىر تاغ تىزمىسى بولۇپ، بەزىلىرى ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتكەن، بەزىلىرى بولسا ئۆز ئالدىغا. شۇڭا، پارس ئۆلكىسىنىڭ ھەر بىر شەھەر ـ بازارلىرىنىڭ ئەتراپىدا بىردىن تاغ بار. بۇ تاغنىڭ ئىسپاھان ئەتراپلىرىدا يەنە تارماق تىزمىلىرى بولۇپ، كۇھىستانغا تارقالغان. ئىسپاھان ئەتراپلىرىدا بۇ تاغ كۇھى جىلۇ (Kuh—jilu) [145] دېيىلىدۇ.

12. يەنە بىر تاغ[146] شىمالغا جايلاشقان بولۇپ، جىماك بىلەن خاككاس چېگرىسىدا. بۇ تاغ جىماكتىن باشلىنىپ، شەرققە بۇرۇلۇپ خاككاس چېگرىسىغا سوزۇلۇپ كىرىدۇ، ئاندىن شىمالغا بۇرۇلۇپ بىۋاستە شىمالدىكى ئاھالىلەر رايونىغا يېتىپ بارىدۇ. شىمالدىكى رايونلاردا، جىماكلىقلار بۇ تاغنى كۇنداۋار تېغى (Kandavar, Kundaur—Taghi) دەپ ئاتايدۇ.

13. يەنە بىر كىچىك تاغ تىزمىسى ئەزەربەيجان ئۆلكىسىنىڭ ئەردەبىل (Ardabl)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەتراپىلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، نامى سابىلان (Sabil) [147] تېغى.

14. يەنە بىر تاغ ئەرمىنىيە رايونىغا جايلاشقان. بۇ تاغ ئىراقنىڭ تەكرىت (Takrit) دېگەن يېرىدىن باشلىنىدىغان بولۇپ، بۇ يەردە كوھى بارىما تېغى(Kuh—ibaimma)[148] دېيىلىدۇ. ئاخىرىدا بۇ تاغ ئەرمىنىيە بىلەن ئەزەربەيجان چېگرىلىنىدىغان ئارىلىقتىن ئۆتۈپ، باردا (Barda) چېگرىسى ئىچىگە كىرىدۇ.

15. مۇشۇ رايوندا يەنە ئۆزئارا تۇتاشمايدىغان ئىككى تاغ بولۇپ، نسىبەتەن ئېگىزرەكى خارىز (Harith) تېغى دېيىلىدۇ. تاغ يولى خەتەرلىك بولغانلىقتىن، كىشىلەر تاغ چوققىسىغا چىقالمايدۇ. بۇ تاغ يىل بويى قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ، كېلىماتى ئىنتايىن سوغۇق. ئەرمىنىيىنىڭ نۇرغۇنلىغان شەھەر - بازارلىرىدىكى ئاھالىلەر تاغدا ئوۋ ئوۋلاپ ئوتتۇن كېسىدۇ. يەنە بىر تاغ خۇۋەيرىز (Huwayrith) [149] تېغى بولۇپ، خارىز تېغى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بىراق ئۇنىڭدىن كىچىكرەك.

16. جەزىرە(Jazira)[150] ئۆلكىسىدە ئىككى تاغ بار، بىرسى جۇدى (Judi) دېيىلىدۇ، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى ( 诺亚方舟 ) مۇشۇ تاغدا توختىغان[151]. يەنە بىر تاغ مەردىن (Mardin) تېغى بولۇپ، ناسىبن (NaSibn) [152] ئەتراپىغا جايلاشقان.

17. ئەرەبىستان تەۋەسىدە نۇرغۇنلىغان كىچىك تاغلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئون ئۈچىنچىسى تىخامى[153] دېيىلىدۇ. مەككە (Mrkka) ئەتراپىدىكى بىر تاغ هازۋان (Ghazwan) تېغى[154] دېيىلىدۇ. سانا (Sana) ئەتراپىدىكى يەنە بىر تاغ شىيام (Shiyam) [155] تېغى دېيىلىدۇ. تاغدا تېرىلغۇ يەرلەر بار. بۇ يەر ئىنتايىن پۇختا بولۇپ، قەدىمكى يەمەن پادىشاھى مۇشۇ تاغدا تۇرغان. بۇ يەردە ئايلانمىسى 20 يول كېلىدىغان يەنە بىر تاغ بولۇپ، تىخامى (Tihama) تېغىنىڭ قوير ۇقىغا جايلاشقان[156]. تاغنىڭ ئۈستى تۈزلەڭ بولۇپ، يېزا - كەنت، ئېتىزلىقلار ۋە ئېقىنلار بار. بۇرۇن مۇھەممەد ئىبن ئەل فادىر، ئەل كارماد بۇ يەرنى بويسۇندۇرغان. يەنە بىر كىچىك تاغ رادۇئا (Radua) تېغى بولۇپ، مەدىنە (Madina) ئەتراپىغا جايلاشقان. بۇ تاغدىن گىرانىت تېشى ( 麦加磨刀石 ) چىقىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئىككى كىچىك تاغدا فايد (Fayd) ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىككى تاغنىڭ ئارىلىقى ئىككى كونلۇك كېلىدۇ؛ بۇ ئىككى تاغ ئىككى تاي تېغى (Jabalay Tayy) [157] دەپ ئاتىلىدۇ.

18[158]. سۇرىيە ئۆلكىسىدە، سۇرىيە - مىسىر چېگرىسىدىن باشلىنىدىغان بىر تاغ بولۇپ، ئەتراپتا تۇرسىنا (Tur sina) دېيىلىدىغان بىر ئېگىز تاغ بىلەن ئۆزئارا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بۇ تاغ بىۋاسىتە سۇرىيە ئارقىلىق، شەرقىي شىمالغا بۇرۇلۇپ زۇھار (Zughar) رايونىغا سوزۇلىدۇ، ئاندىن دەمەشىق، بەلبەك (Baablakh) ۋە خەمس (Hims) رايونىغا سوزۇلۇپ كىرىپ، بۇ شەھەر - بازارلار ۋە بەگراس (Baghras) نىڭ شىمالى ئارقىلىق، ئەرمىنىيە بىلەن رۇم ئارىلىقىدىكى جەيھۇن (Jayhun) دەرياسىدىن ئۆتىدۇ. ئاندىن ئەرمىنىيە بىلەن رۇم ئارىلىقىدا شىمالغا بۇرۇلۇپ رۇم تەۋەسىدىكى سارىر چېگرىسىغا قەدەر سوزۇلىدۇ. ئاندىن شەرققە بۇرۇلۇپ، سارىر (sarir) بىلەن ئەرمىنىيە ئارىلىقىدىن ھەم ئارران (Arran) بىلەن چابىگ (Qabg)[159] ئارىلىقىدىن ئۆتۈپ، بىۋاسىتە ھالدا كاس دېڭىزى ( 可萨海 ) غا قەدەر يېتىپ بارىدۇ. بۇ يەردىن يەنە يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، غەربكە بۇرۇلۇپ، سارىر بىلەن كاس ئارىلىقىدىن ئالان چېگرىسىغا يېتىپ كېلىدۇ. يەنە بىۋاسىتە شىمالدىن كاس رايونىنىڭ ئاخىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ. ئاندىن پېچىنەك دۆلىتى، بۇلغارلار بىلەن رۇسلارنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، ساجلى چېگرىسىغا يېتىپ بارىدۇ. ئاندىن شىمالغا بۇرۇلۇپ ساجلى دۆلىتىدىن ئۆتۈپ، ساجلىنىڭ خورداب شەھىرىدىن ئايلىنىپ، ساجلى رايونىنىڭ ئاخىرىغىچە يېتىپ كېلىپ، مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ.

تۇرسىنادىن زۇگخار رايونىغىچە، كىشىلەر بۇ تاغنى خارجىت (kharjites) تېغى دەپ ئاتايدۇ، تاغدا نۇرغۇنلىغان يېزا - كەنتلەر بار، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى خارجىت

مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرى. زۇگخاردىن دەمەشىق رايونىغىچە كىشىلەر بۇ تاغنى بالكا (Balqa) تىغى دەپ ئاتايدۇ. دەمەشقتىن شىمىس رايونىغىچە كىشىلەر بۇ تاغنى لۇبنان (Lubuan)، شىمىستىن باگلاس رايونىغىچە بەكرا (ياكى Dahra) ۋە تانۇك (Tanukh) تىغى باگلاشتىن سارىر چىگرىسىغىچە لۇكام (Lukkam) تىغى دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەردىن بىۋاستە هالدا يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن لىنىيىنى ئايلىنىپ ئالان چىگرىسىغا يېتىپ بارىدۇ. كىشىلەر بۇ بۆلەك تاغ تىزمىسىنى چابۇك تىغى دەپ ئاتايدۇ. ئاندىن بۇ تاغنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرى قوشنا رايون ياكى شەھەر - بازارلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ، باشقا تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

18A[160]، بۇ تاغ سۈرىيە بىلەن ئەرمىنىيە ئارىسىغا سوزۇلۇپ كىرگەن چاغدا، بىر چوڭ تارماق تاغ تىزمىسى بۆلۈنۈپ چىقىپ، رۇم رايونىغا تارقىلىدۇ. بۇ تارماق تاغ تىزمىسىنىڭمۇ نۇرغۇن تارماقلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان ئالتۇن كانلىرى بار.

18B[161]، سارىر چىگرىسى ئەتراپىدابۇ تاغنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، گروزىيە دېڭىز ياقىلىرىغا سوزۇلۇپ بارىدۇ.

18C[162]، سارىر رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بىر چوڭ تارماق بولۇپ، غەربكە قاراپ بۇ ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ، بىر قەلئەگىچە سوزۇلىدۇ. بۇ قەلئە تاغ چوققىسىدىكى بىر شەھەر بولۇپ، شەھەر سېپىلىنى ھەر كۈنى مىڭ ئەسكەر نۆۋەتلىشىپ قوغدايدۇ. بۇ يەردە ئالتۇن ۋە قوغۇشۇن كانلىرى بار.

18D[163]، ئالان (ALans) چىگرىسىدا بۇ تاغنىڭ ناھايىتى زور بولغان بىر تارمىقى غەربتىن ئالانغا سوزۇلۇپ كىرىدۇ. بۇ يەردە تاغ چوققىسىدا بىر شەھەر[164] بولۇپ، ئالاندىكى ئەڭ گۈللەنگەن شەھەرلەرنىڭ بىرى. بۇ تارماق تاغ تىزمىسى مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ.

19[165]، رۇسلار بىلەن جىماك چىگرىسىنىڭ ئارىلىقىدا بىر كىچىك تاغ تىزمىسى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بەش كۈنلۈك يول كېلىدۇ.

20. رۇم دۆلىتىنىڭ رۇستايى ئاساۋا (ئېپىسۇس ?Ephesus) ئۆلكىسىدە بىر تاغ بولۇپ، ئۇنىڭدا قورقۇنچلۇق بىر چوڭ ئۆڭكۈر بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ ئۆڭكۈر «ئۆڭكۈردىكى ھەمراھلار» (قاتتىق ئۇخلاۋاتقان يەتتە كىشى) نىڭ قونالغۇسى ئىكەن[166].

21. يەنە بىر تاغ[167] بولسا رۇم چىگرىسى ئىچىدە بولۇپ، ئەفراخۇن (Afrakhnu) شەھىرىگە يېقىن، ئۇزۇنلۇقى ئالتە كۈنلۈك يول كېلىدۇ.

22. يەنە بىر تاغ بولسا گروزىيىگە يېقىن جايلاشقان بولۇپ، تاغدا كۈمۈش ۋە مىس كانلىرى بار.

23. مىسىر ئۆلكىسىدە ئىككى تاغ بار: بىرى نىل دەرياسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، ئاسۋان (Uswan) ۋە نۇبىيە چىگرىسىدىن باشلىنىپ، ئۇدۇل شىمالغا قاراپ سوزۇلىدۇ. مىسىر چىگرىسى ئىچىدە ئۇ يەنە بۇسىر (ياكى Tawsir) ۋە (مىسىرنىڭ پايتەختى) فۇستات (Fustat) نى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، خاف (مەنىسى «شەرقىي قىرغاق» Khauf) ۋە جىغار قۇملۇقىغا سوزۇلۇپ مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ. بۇ تاغنىڭ ئىسمى مۇكاتتام (MUQUTTAM) تىغى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالتۇن ۋە كۈمۈش كانلىرى بار.

24. يەنە بىرى نىل دەرياسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، بۇ تاغمۇ نۇبىيە چىگرىسىدىن باشلىنىپ، شىمالغا قاراپ فەييۇم (Fayyum) رايونىدىكى ئىبرىك (Ibriq, Abwait?) گىچە سوزۇلىدۇ. ئاندىن غەربكە قاراپ بىر تارمىقى بۆلۈنۈپ چىقىپ، بارا - بارا يوقايدۇ. بۇ تاغدا ياقۇت، يېشىل ياقۇت، ۋە فىروزە قاتارلىق كان بايلىقلىرى بار. تاغدا قارا ھەم سېرىق يوللۇق سىزىقى بار ياۋا ئېشەكلەر بار بولۇپ، ناۋادا ئۇ ياشاۋاتقان بۇ شارائىتىدىن ئايرىلسىلا ئۆلىدۇ. بۇ تاغنى يېشىللىقتىكى تاغ دەيدۇ.

25. رۇم چىگرىسى ئىچىدە، سىتسىلىيە (seleucia) ئەتراپىدىكى دېڭىز قولتۇقىدا بىر

www.uyghurkitap.com

كىچىك تاغ[168] بار. 26. يەنە بىر تاغ[169] ئىسپانىيە چېگرىسى ئىچىدە بولۇپ، بۇ تاغ مالىقا (Maliqa) دىن باشلىنىپ، غەربتە سانتارىيە (Shantariya) گىچە سوزۇلىدۇ، ئاندىن شىمالغا بۇرۇلۇپ لېرىدا (Lerida) ئۆلكىسىگە كىرىدۇ، ئۇنىڭ ئاخىرىدا غەربتە تۇلايىت (Tulaytih) ئۆلكىسىگىچە سوزۇلىدۇ. تولايىت شەھىرى مۇشۇ تاغنىڭ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ تاغ مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ.

27. ئىسپانىيە چېگرىسى ئىچىدە، كورىيە (Coria) بىلەن ترۇشىللو (Truxillo) چېگرىسىدا يەنە بىر تاغ[170] بار، بۇ تاغدىن نۇرغۇن دورا ماتېرىياللىرى چىقىدۇ.

28. يەنە بىر تاغ رۇمنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇلغار تېغى (Bulghari)[171] دېيىلىدۇ. تاغدا ئاھالە بار، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان جايلىرى ئىنتايىن كۆپ.

يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن تاغلارنىڭ ھەممىسى دۇنيادىكى ئاھالە ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. جەنۇبىي قىسمىدىكى ئاھالە ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ۋە كىشىلەر بوگۇنگىچە يېتىپ بارغان رايونلاردا پەقەت توققۇز تاغ بار.

29. جەبەلەل كامار ئىسىملىك بىر تاغ[172] بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالتۇن ۋە كۈمۈش كانلىرى بار. نىل دەرياسىنىڭ مەنبەسى مۇشۇ يەردە. بۇ تاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى 500 يول كېلىدۇ.

30. باشقا سەككىز تاغنىڭ ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكى ھەم سوزۇلۇش دائىرىسى ئوخشاش ئەمەس؛ ئۇلارنىڭ ئورنى ۋە كۆلىمىنى بىز ئىلگىرى خەرىتىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

ئىزاھاتلار:

[1] M. سۇتۇدېخ (M. sotudeh) دوكتور بۇ يەردە «ئاللاتائاللا ھەر خىل ھېكمەتلەر ئارقىلىق بەندىلىرىنى توغرا يولغا باشلايدۇ» دېيىش كېرەك دەپ قارايدۇ.

[2] ئوبۇل ھارىس مۇھەممەدئىبنى ئەھمەد — گوزگان (خوشكەنت) دېگەن جاينىڭ پادشاھى، ئاپتورنىڭ شاپائەتچىسى.

[3] ھىجرىيە 372 ـ يىلى مىلادىيە 982 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

[4] يەنى چاڭئەن بوگۇنكى شىئەن.

[5] بۇ يەردە ئاپتور خاتالاشقاندەك قىلىدۇ.

[6] يەنى تىنچ ئوكيان.

[7] 40 ـ بابقا قاراڭ.

[8] ھىندى ئوكيانىنى كۆرسىتىدۇ.

[9] سۇماترانى كۆرسىتىدۇ.

[10] ئاتلانتىك ئوكيانىنى كۆرسىتىدۇ.

[11] سۇلتان توغرىسىدا 60 ـ بابقا؛ مەغرىب توغرىسىدا 40 ـ بابقا قاراڭ.

[12] جىبىرالتار بوغۇزىنى كۆرسىتىدۇ.

[13] ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنى كۆرسىتىدۇ، 42 ـ بابقا قاراڭ.

[14] ساكلاب توغرىسىدا 43 ـ بابقا قاراڭ، لېكىن بۇ دۆلەتنىڭ دائىرىسى ئەينى چاغدا غەربىي ئوكيانغا تۇتاشقان ـ تۇتاشمىغانلىقى گۇمانلىق.

[15] شىدران تاقىم ئاراللىرى (ئەنگلىيىدە) نى كۆرسىتىدۇ، نورۋېگىيە ياكى ئىسلاندىيىنى كۆرسىتىدۇ، دەيدىغانلارمۇ بار.

[16] جىبىرالتار بوغىزىنى كۆرسىتىدۇ.

[17] ھىندى ئوكيانىنى كۆرسىتىدۇ.

[18] 13 ـ 14 ـ بابنىڭ بۆلۈمىگە قاراڭ.

[19] جايلاشقان ئورنى ئېنىق ئەمەس.

[20] ياۋا ئەتراپلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

[21] 55 ـ بابقا قاراڭ.

[22] يەنى، ئادىن قولتۇقى.

[23] قىزىل دېڭىز سۇۋەيش قولتۇقى بىلەن ياكبار قولتۇقى.

[24] پارس قولتۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

[25] ئومان قولتۇقى بىلەن بىر قىسىم ئەرەب دېڭىزىنى كۆرسىتىدۇ.

[26] بېنگال قولتۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

[27] ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنى كۆرسىتىدۇ.

[28] بۇ يەردە ئاپتور خاتالاشقاندەك قىلىدۇ، ئەينى چاغدا ئەرمىنىيىنىڭ دائىرىسى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى قىرغاقلىرىغا تۇتاشمىغان.

[29] دوكتور. م. سۇتۇدېخ بۇ «بۇ قىرغاقتىن يەنە قارشى قىرغاقنى كۆرگىلى بولمايدۇ» دېگەن سۆز بولسا كېرەك، دەپ قارايدۇ.

[30] يەنى كاسپى دېڭىزى.

[31] مۇساپە، ئەسلى تېكىستتە پەرسەخ، قەدىمكى پېرسىيىنىڭ مۇساپە ھېسابلاش بىرلىكى، بىر پەرسەخ تەخمىنەن ئالتە كىلومېتىرغا تەڭ، تەخمىنەن سەككىز پەرسەخ، دېگۈچىلەرمۇ بار.

[32] 46 ـ بابقا قاراڭ.

[33] دوناي دەرياسى بويلىرىدىكى بۇلغارلارنى كۆرسىتىدۇ، 42 ـ بابنىڭ 16 ـ بۆلۈمىگە قاراڭ.

[34] ئىسسىقكۆلنى كۆرسىتىدۇ.

[35] مېنورسكىي ئاپتور ئاسۇر دېڭىزى بىلەن بالتىق دېڭىزىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن، دەپ قارايدۇ.

[36] بۇ يەردە خاتالىق بار، بۇ دېڭىزدىكى بىر قولتۇق ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بىلەن تۇتاشقان بولۇشى مۇمكىن، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن تۇتىشىدۇ.

[37] ئۇمىيە كۆلىنى — بۈگۈنكى لىزەيىي (雷辛那湖) كۆلىنى كۆرسىتىدۇ.

[38] بۇ كۆل بۈگۈنكى تۈركىيە دائىرىسىدىكى تۇز كۆلىنىڭ جەنۇبىدا، قەدىمكى زاماندا سىتسىلىيىدىن ئامۇرۇمغا بارىدىغان يول ئۇستىدە.

[39] تۇز كۆل ئەتراپلىرىنى كۆرسەتسە كېرەك، كونيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر كۆل، بۈگۈنكى مۇراد كۆلى.

[40] 29 ـ بابنىڭ 12 ـ بۆلۈمىگە قاراڭ.

[41] تاشت كۆلىنى كۆرسەتسە كېرەك. بۈگۈنكى باختاخان (巴赫塔甘湖) كۆلىنىڭ شىمالىي قىسمىدا.

[42] لاجىرىد دەرياسى (拉吉尔德河) دەرياسىنى كۆرسەتسە كېرەك. بۇ دەريا باختا قاتارلىق كۆللەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن باشلىنىدۇ.

[43] بايان قىلىنغان تەرتىپكە ئاساسلانغاندا، بۇ كۆل ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىدە بولۇشى كېرەك. تۇزان بۇلاغ ۋە تۇزان ئارجىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا. Z . A. ۋالىدى (Validi) بۇ كۆل ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىدىكى تېكەس دەرياسى بىلەن كېگەن دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى بورو ـ داباسۇن (Boro—dabasun) كۆلىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق، بۇ كۆلنى قارلۇقلار چېگرىسى ئىچىدە دەپ ئېيتىش تەس دەپ قارايدۇ. مېنورسكىي تۇز كۆلنى خۇنتىڭتوننىڭ ئېيتقىنىدەك شور كۆلى دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى تۇز كۆلنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۇز كۆل دېڭىز يۈزىدىن 5،000 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە بولۇپ، توشقان (陶什干) نىڭ جەنۇبىدا، قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىغا 140 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا خۇنتىڭتون (R. Pumpelly, Huntington «تۈركىستاننى قىدىرىپ تەكشۈرۈكتىن دوكلات» ۋاشىنگتون. 1905. P.202 گە قاراڭ) نىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، «بۇ كۆل ئەمەلىيەتتە ئېيتماققا كۆل بولسىمۇ، يەنە بىر ئېيتماققا بىر پارچە تۇز ئىدى... كىشىلەر بۇ يەردىن تۇز يىغىپ قەشقەرگە ئاپىرىپ، بۇ تۇزلارنى تازىلىغاندىن كېيىن يېمەكلىككە ئىشلىتەتتى».

[44] بۇ يەردىكى كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بىلەن «غەربىي يۇرتنىڭ سۇ يوللىرى خاتىرىسى» دىكى بايانلار يېقىن بولۇپ، شۇ سۇڭ «غەربىي يۇرت سۇ يوللىرى خاتىرىسى» نىڭ بەشىنچى جىلدىدا:

«تۆمۈرتى نۇر (يەنى ئىسسىقكۆل) يەنە تۇز كۆل دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شەرق غەربىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 چاقىرىمدىن ئارتۇق. جەنۇب ـ شىمال كەڭلىكى 120 چاقىرىمدىن ئارتۇق. تار جايلىرى 80

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



چاقىرىمدىن ئارتۇق» دېيىلگەن.

[45] يەنى بۈگۈنكى مانزالا (Manzala) كۆلى.

[46] مىنورسكىي نىل دەرياسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تارماق ئېقىن مۇشۇ كۆلگە قۇيۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

[47] بۇ ئىككى شەھەر ھەققىدە، 39 ـ باب 4 ـ پاراگرافتىكى بېرىلگەن ئىزاھاتقا قاراڭ.

[48] يەنى بۈگۈنكى ئىزنىك كۆلى (Iznik). ھازىرقى تۈركىيىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان.

[49] ئېھتىمال بۈگۈنكى باسلىيۇن كۆلى (Basiliyun)نى كۆرسەتسە كېرەك. لى، سترانگې (Le. Strange) باسلىيۇن كۆلىنىڭ ئاق شېشى كۆلى بولۇپ، تۈركىيىنىڭ ئوتتۇرا غەربىي قىسمىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققى. (Le. Strange The Lands Of Eastern Caliphate p. 135)گە قاراڭ

[50] ئالتىنچى باب، 23 ـ پاراگرافتا تىلغا ئېلىنغان دارياجا بىر سازلىق.

[51] باستىرابنىڭ ئاستىراب (Astarab) بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

[52] ئالتىنچى باب. 62 ـ پاراگرافقا قاراڭ.

[53] يەنى قارا كۆل (Qara——kul)، سەمەرقەنت دەرياسى (زەرەپشان دەرياسى) غا جايلاشقان. يېقىن ئەتراپىدا يوقاپ كېتىدۇ.

[54] ئېھتىمال لوپنۇر كۆلى بولۇشى مۇمكىن.

[55] مىنورسكىي ئېھتىمال بايقال كۆلىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ.

[56] يېرىم ئارال بۇ كىتابتا ئارال دەپ ئاتالغان.

[57] ئۈچىنچى، بەشىنچى پاراگرافلاردىن باشلاپ سەككىزىنچى پاراگرافقىچە، مۇسۇلمان ئاپتورلىرىنىڭ سۇماترا ۋە ياۋا ئارىلىنى پەرقلەندۈرەلمىگەنلىكىگە دىققەت قىلىنغان بولۇپ، بەزىدە بىر ئارالنىڭ ئوخشىمىغان جايدىكى ئاتىلىشىنى بىر قانچە ئارالنىڭ نامى قىلغان. بۇ يەردىكى ئالتۇن ئارال بولسا سۇماترا ئارىلىنى كۆرسىتىدۇ.

[58] M . سۇتۇدېخ دوكتور بۇ يەردە تەرجىمە قىلىپ:

«جۇڭگو سودىگەرلىرى دائىم بۇ يەرگە كېلەتتى...» دەپ قارىغان.

[59] بۇ ئارالنىڭ ئورنى ئېنىق ئەمەس، بىراق سۇماترا ئارىلى ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

[60] سۇماترانى كۆرسەتسە كېرەك.

[61] 56 ـ بابقا قاراڭ، بۇ يەردىكى بايانلار بىلەن 56 ـ بابتىكى بايانلار ماس كېلىدۇ.

[62] بۇ ئىككى ئارال ئېھتىمال بىر ئارال بولۇشى مۇمكىن.

[63] سۇماترادىكى غەربىي جەنۇبىي دېڭىز قىرغاقلىرىغا جايلاشقان.

[64] دې. خويې (De Goeje) نىڭ كارا ئارىلى ئېھتىمال كۋا (Kva) ئارىلىنى كۆرسىتىدۇ. مالاي يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان، دېگىنىگە ئاساسلىنىپ، مىنورسكىي كارا ئارىلى بالۇسنىڭ شىمالىغا (شەرقىي شىمالىغا) جايلاشقان. بالۇسنىڭ جەنۇبىدا ئەمەس دەپ ھېسابلايدۇ.

[65] ئېھتىمال نىكوبار (Nicobar) تاقىم ئارىلىنى كۆرسەتسە كېرەك.

[66] 10 ـ بابنىڭ 74 ـ پاراگرافىغا قاراڭ.

[67] ئېھتىمال كىشم ئارىلى (Qishm) بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ شىمالى قىسمىدىكى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان قىسمىدا لافت (Laft) دېيىلىدىغان بىر كەنت بار. بۇ ئارال پارس قولتۇقىغا جايلاشقان.

[68] يەنى ئۇۋال ئارىلى (Uwal) بولۇپ، بەھرەين تاقىم ئاراللىرىنىڭ بىرى.

[69] ياگۇت (Yagut) بۇ ئىسمىنى قوشۇپ يازغاندا Suqutra 和 suqatra، يەنى ئەرەبىستاننىڭ جەنۇبىدىكى سوكوترا ئارىلىنى كۆرسىتىدۇ.

[70] بۇ دېڭىزدىكى بىر قولتۇق (ئەرەب قولتۇقى) بولۇپ، ئۈچىنچى باب. ئۈچىنچى پاراگرافقا قاراڭ (2)

[71] فالەن، يەنى تاراب ئارىلى بولۇپ، ئىستاھر تاران سۇۋەيش قولتۇقى ۋە ياگىبا قولتۇقى ئارىلىقىدا، جۇبايلات تاران ئەتراپىدا دەپ قارايدۇ. ياگۇت بۇ ئىككى ئارالنى ھىجاز ئەتراپىدا دەپ

ھېسابلايدۇ.

[71] ئىبن رۇشاھ (伊本.鲁斯塔) تولومېيىنىڭ كىتابىدىكى «بەخت ئارىلى» نى كانارىي تاقىم ئارىلى (Canary Islands)، ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان، ئافرىقىنىڭ غەربىي شىمالىي دېڭىز قىرغىقىدا دەپ قارايدۇ.

[73] 40 ـ باب 18 ـ پاراگرافقا قاراڭ.

[74] 20 ـ پاراگرافتىن 21 ـ پاراگرافقىچە تىلغا ئېلىنغان ئاراللار ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا جايلاشقان.

[75] جەنۇبىي سپورات تاقىم ئاراللىرىنىڭ بىرى. ئېگەي دېڭىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. تۈركىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى دېڭىز تەۋەسىگە جايلاشقان.

[76] بۇ ئارال بۈگۈنكى سۈرىيە راتاكىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ئەتراپىدىكى دېڭىز تەۋەسىگە جايلاشقان. تەرتۇس شەھىرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا.

[77] بۈيۈك بىرىتانىيە تاقىم ئاراللىرىنى كۆرسىتىدۇ. 42 ـ باب 22 ـ پاراگرافقا قاراڭ.

[78] ئۈچىنچى باب سەككىزىنچى پاراگرافقا قاراڭ .

[79] مىنورسكىي بۇ يەرنى ئىسپانىيىگە تەۋە جاي دەپ قارىغان.

[80] ئېھتىمال ئالپس تاغ تىزمىسىنى كۆرسەتسە كېرەك؟

[81] 38 ـ باب 15 ـ پاراگرافقا قاراڭ.

[82] كورسكا (科西嘉) ئارىلى مىنورسكىي بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى (ئاپتور) كورسكانىڭ ئورنى بىلەن كىرىت ئارىلىنىڭ ئورنىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن دەپ قارايدۇ.

[83] بۈگۈنكى ئىۋانرا ئارىلى، بالېئارتاقىم ئاراللىرىنىڭ بىرى. ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ غەربىي قىسمىغا، ئىسپانىيىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان.

[84] بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئېنىقكى ساردىنىيە ئارىلى بىلەن سىتسىلىيە ئارىلىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. ساردىنىيە ئارىلى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىدە بولۇشى كېرەك. ئاپتور بۇ ئارالنى ئۇنىڭ جەنۇبىدا قىلىپ قويغان.

[85] بۇ ئارالنىڭ ئورنى بىلەن سىپىرۇسنىڭ ئورنى ئارىلىشىپ كەتكەن.

[86] 38 ـ باب 15 ـ پاراگرافقا قاراڭ.

[87] يەنى ئۇمىيە كۆلى (乌 米 亚 湖).

[88] بايانلارغا ئاساسلانغاندا ئېھتىمال مادىر ئارىلىنى كۆرسەتسە كېرەك. خانىكوف مادىر ئارىلى يەنى سارا ئارىلى بولۇپ لانكۇران (Lankuran) نىڭ يېقىن ئەتراپىدا دەپ قارايدۇ.

[89] مانگىشلاغ (Manghishlag) ئارىلى، يەنى كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىرغىقىدا.

[90] (يۈەن سۇلالىسى تارىخى، غەربىي شىمالدىكى يۇرتلارغا ئىلاۋە. . . نىڭ ئاپتورى شىپىستان، (希 思 丹)، 32 ـ باب ئىككىنچى پاراگرافتىكى ئىزاھاتقا قاراڭ.

[91] مىنورسكىي ئېھتىمال ئاستىراباد (Astarabad) دېڭىز قولتۇقىدىكى تۇمشۇق بولۇپ، يەنى ھامان كۆلى دېڭىز قولتۇقى ئاتلا دەرياسى قۇيۇلىدىغان جايدىكى تۇمشۇق.

[92] ئۈچىنچى باب ئۈچىنچى پاراگرافقا قاراڭ.

[93] ئاپتورى سەيلون جۇڭگوغا تەۋە دەپ قارىغان. بۇ يەردىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، سەيلوندىكى تاغ تىزمىلىرىنى كۆرسەتكەن.

[94] بۇ يەردە خاتالىق بار. چۈنكى، بۇ تاغ تىزمىلىرى بىلەن سەيلوندىكى تاغ تىزمىلىرى چېگرىداش ئەمەس. مانسا تېغى بىرقانچە تاغ تىزمىلىرىغا ئايرىلىدۇ. بىرىنچى، باشلانغان جايىدىن باشلاپ ھىندىستان بىلەن جۇڭگو چېگرىسىغىچە، بۇ بۆلەك مالاي يېرىم ئارىلىدىكى بوي بۆلۈنۈشىدىكى تاغ تىزمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى، تىبەتنىڭ شەرقىي چېگرىسىدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ راڭرۇڭ (Rang—rong) بۆلىكىگىچە، تىبەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېگرىسىدىكى تاغ تىزمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى، بۇ يەردىن نازۋەنگىچە غەربىي شىمالغا سوزۇلۇپ ياتقان بىر قىسمى، گەنسۇ بىلەن چىڭخەي ۋە سەيدامدىكى سۇ بۆلگۈچى داۋان بولغان جەنۇبىي تاغ چىلانتاغ (چىلىيەنشەن تېغى) نى كۆرسەتسە كېرەك. تۆتىنچى، بۇ يەردىن جۇڭگو چېگرىسىدىكى قۇملۇقنىڭ ئەڭ يىراق بولغان قىسمىغىچە، تىبەتنىڭ شىمالىي قىسمى

بىلەن تەكلىماكانقۇملۇقى ئارىسىدىكى كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى بىلەن ئالتاي تېغىنى كۆرسىتىدۇ. بەشىنچى، ئەڭ ئاخىرقى بىر بۆلىكى تەڭرى تېغىنىڭ غەربىي بىلەن ياكسارت دەرياسى ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تىزمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

[95] 11 ـ باب، بىرىنچى پاراگرافقا قاراڭ.

[96] 11 ـ باب، ئۈچىنچى پاراگرافقا قاراڭ.

[97] Tamat، 11 ـ باب، 9 ـ پاراگرافقا قاراڭ.

[98]

[99] مانسا تاغ تىزمىسىنىڭ تارمىقى. چاڭجياڭ ئويمانلىقى بىلەن خۇاڭخې ئويمانلىقىنىڭ سۇ بۆلگۈچى داۋىنى، تىبەت مەركىزى ئېگىزلىكى تاغ تىزمىلىرى بىلەن ئالېكساندىر تاغ تىزمىسىنىڭ تارمىقى (قىرغىزنىڭ شىمالىدىكى تاغ تىزمىسى).

[100] تاۋكان تۇرپاننىڭ (Turfan) خاتا يېزىلىشى بولسا كېرەك. تەڭرى تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكى بولغان بوغدانى كۆرسىتىدۇ. توت مۇساپە (پەرسەخ) ئېھتىمال ئۇنىڭ ئاساسىي چوققىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى كۆرسەتسە كېرەك.

[101] كۇچا ۋە ئاقسۇنىڭ شىمالىدىكى تەڭرى تېغىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكى.

[102] يەنى ئاقسۇ دەرياسى.

[103] قۇلانگۇن دەرياسى (胡兰功河) ئەتراپىدىكى ئىگراج ئارت تېغىغا جايلاشقان ياكى مۇزئارت تاغ ئېغىزىنى كۆرسىتىدۇ، ياكى بولمىسا، ئۇنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى سەل پەسرەك بولغان بېشىلى تاغ ئېغىزىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن مۇزئارت تاغ ئېغىزى ئېھتىمال ناھايىتى چوڭ بولۇشى مۇمكىن.

[104] توققۇز ئوغۇزلارنىڭ غەربىي شىمالىي ئىسسىقكۆلنىڭ شىمالىدىكى تاشقى ئىلى تاغ تىزمىسى.

[105] ئايلىنىپ قايتىپ كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

[106] ئېھتىمال ئالتاي تاغ تىزمىسى بولسا كېرەك؟

[107] ئاپتورى بۇ يەردە ئاساسلىقى ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمى، نېپال، شىزاڭ، شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى، كەشمىر، پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسمى، ئافغانىستان، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە ئىراننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغ تىزمىلىرىنى بايان قىلغان. مۇئەللىپ (ئاپتور) بۇ تاغ تىزمىلىرىنى بىر كېمە شەكلىدىكى تاغ تىزمىلىرى (بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن) سۈپىتىدە بايان قىلغان. (مۇھاكىمە قىلغان).

[108] 10 ـ باب 14 ـ پاراگرافقا قاراڭ. توققۇزىنچى ۋە توققۇزىنچى A پاراگرافتىكى بىر قىسىم يەر ناملىرىنى 10 ـ بابتىن كۆرۈڭ.

[109] بۇ بۆلەكتە ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تاغ تىزمىلىرى بىلەن ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىي چېگرىسىدىكى تاغ تىزمىسى بايان قىلىنغان.

[110] بۇ بۆلەكتە ئاساسلىقى ھىمالايا تېغى، قارا قورۇم تېغى، پامىر ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ تاغ تىزمىلىرى سۆزلەنگەن.

[111] بۇتتامان رايونى يەنى ئامۇ ۋە سىر دەريالىرى باشلىنىدىغان تاغلىق رايون، باتولدنىڭ «موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ. 1928 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 82 ـ بەت.

[112] بۇ پاراگرافتا بايان قىلىنغانلار 92 ـ پاراگرافتىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ تارمىقى.

[113] بۇ رايون پەنجى دەرياسى بىلەن ۋاخشۇ دەرياسى ئارىسىغا جايلاشقان.

[114] تاشقى ئالاي تاغ تىزمىسى ۋە ئالاي تاغ تىزمىسىنى كۆرسەتسە كېرەك.

[115] زەرەپشان تاغ تىزمىسىنى كۆرسەتسە كېرەك.

[116] بۇ بۆلەكتە ئاساسلىقى بىر قىسىم ھىمالايا تېغى، كەشمىرنىڭ دەل شىمالىي قىسمى ۋە ھىندىقۇش تېغى سۆزلەنگەن.

[117] 10 ـ بابقا قاراڭ.

[118] ياكى «ياۋا دۆلىتىدىكى قورغاق رايون» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ.

[119] قوشۇپ يازغاندا Qasak. بۇ تافسىلاڭ گورىنىنى ئالتىنچى باب 15 ـ پاراگرافتىن كۆرۈڭ.

[120]، [121]، [122]؛ 10 ـ بابقا قاراڭ.

[123]، [124]: 23 ـ باب 71 ـ 76 ـ، پاراگرافلارغا قاراڭ.

[125] 23 ـ باب 62 ـ پاراگرافقا قاراڭ.

[126] بۇ يەردىكى مەنىسى: [غەربىي شىمالغىچە سوزۇلغان تارمىقى گور ئېلىدىن ئۆتىدۇ] دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردە ھىرات دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى سىئاغ ۋە ئېربۇش تاغ تىزمىسى بايان قىلىنغان.

[127] 29 ـ باب ئالتىنچى پاراگرافقا قاراڭ.

[128]، [129]: 23 ـ باب 21 ـ 29 ـ، پاراگرافلارغا قاراڭ.

[130] 32 ـ باب 19 ـ پاراگرافقا قاراڭ.

[131] بۇ بۆلەكتە ئاساسلىقى ھىندىقۇش ۋە ئۇنىڭ تارمىقى بابا تاغ تىزمىسى ۋە ئۇلاردىكى كابۇل ۋە ھىرماند دەريالىرى باشلىنىدىغان تارمىقى بايان قىلىنغان.

[132] 23 ـ باب 80 ـ پاراگرافقا قاراڭ.

[133]M . سۇتۇدىغ دوكتور بۇ يەردە «خۇشكەنتتىكى بىر قىسىم چەت جايلار» قوشۇلۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ.

[134] ئەنجەروپ ۋە پەنجشىل ھەققىدە 23 ـ بابقا قاراڭ. زامىنداۋار، 24 ـ باب 12 ـ پاراگرافقا قاراڭ.

[135] بۇ ھالقا شەكىللىك تاغ دەشت ئىناۋۇر (Dasht—i Inrar) تېغىنى كۆرسىتىدۇ. غەزنىنىڭ غەربىتىن تەخمىنەن 50 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا.

[136] بۇ جۈملە 9Ba پاراگرافتا.

[137] كۆپىت تاغ تىزمىسىنى كۆرسەتسە كېرەك (تۈركمەنىستان چېگرىسىدا).

[138] بۇ بۆلەكتە يەر ناملىرى توغرىسىدا 23 ـ بابقا قاراڭ.

[139] بۇ يەردە ئاپتور شەرق تەرەپتىكى ئېلبورس تاغ تىزمىسىدىن باشلاپ تەسۋىرلىگەن.

[140] 28 ـ باب يەتتىنچى پاراگرافقا قاراڭ.

[141] جىروفت كېرماننىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 120 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. خالىبى ۋە شور دەريالىرىنىڭ قوشۇلىدىغان جايى.

[142] ئىستاھىر بۇ يەر كۇفىجىنىڭ شىمالىدا دەپ قارايدۇ. 28 ـ بابقا قاراڭ.

[143] ئېھتىمال سىئاغ تېغى بولۇشى مۇمكىن.

[144] ئاپتور بۇ پاراگرافتا پارسنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئىچكى تارماقلىرىنى بايان قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باققان، بىراق بايانلىرىدا بىر قىسىم خاتا قاراشلار كېلىپ چىققان.

[145] بۇگۈنكى كۇخ، جىلۇ باشت ۋە بىختىخاننىڭ ئارىلىقىدا.

[146] ئېھتىمال ئالتاي تېغى بولۇشى مۇمكىن.

[147] يەنى ساۋلان تېغى (Savalan)، ئېگىزلىكى 16,800 فۇت (ئىنگلىزچىسى) تىن ئاشىدۇ.

[148] بۇگۈنكى خامرىن (Hamrin) تاغ تىزمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

[149] خارىز چوڭ ئارارات تېغىنى كۆرسىتىدۇ. خوۋەيرىز تېغى كىچىك ئارارات تېغىنى كۆرسىتىدۇ.

[150] 34 ـ بابقا قاراڭ.

[151] «ماركو پولو ساياھەت خاتىرىسى» . 21 ـ بابتا تىلغا ئېلىنغان نوھ ئەلايھىسسالامنىڭ كېمىسى توختىغان تاغ، چوڭ ئەرمىنىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى رايونىغا جايلاشقان.

[152] 34 ـ باب 4ـ پاراگرافقا قاراڭ.

[153] ئەرەب يېرىم ئارىلى، قىزىل دېڭىز ئەتراپىدىكى تاغ تىزمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

[154] تائىف شەھىرى مۇشۇ تاغ ئۈستىگە جايلاشقان.

[155] شىنئام تېغى سانانىڭ غەربىي جەنۇبىغا ئىككى كۈنلۈك يول كېلىدىغان جايغا جايلاشقان.

[156] مىنورسكىي مۇدخەيفىرا تېغى (Mudhaikhira) دەپ قارىغان.

[157] بۇ ئىككى تاغ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاجا تېغى (Aja) ۋە سالما تېغى (Salma) دىن

www.uyghurkitap.com



ئىبارەت.

[158] بۇ بۆلەكتە بايان قىلىنغان تاغ تىزمىسىنى سىنايدىكى تاغ تىزمىسى، سۇرىيىدىكى تاغ تىزمىسى، ئەرمىنىيىدىكى تارۇس تاغ تىزمىسى، كىچىك كاپكاز تاغ تىزمىسى ۋە شەرقىي كاپكاز تاغ تىزمىسى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىراق، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان تەرتىپتە مەلۇم ئارىلىشىپ كېتىش بار. سىنايدىن تارتىپ كاسپىي دېڭىزىغىچە ئاپتور ئومۇمەن غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغىچە بولغان تەرتىپ بويىچە بايان قىلغان بولسىمۇ، بىراق كاسپىي دېڭىزىنى سۆزلىگەندىن كېيىن، تۇيۇقسىزلا شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا بايان قىلىشقا ئۆزگىرىپ كەتكەن.

[159] داغىستانىش سۇيۇرغاللىق يەر.

[160] كىچىك ئاسىيادىكى قاۋۇس تاغ تىزمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

[161] چوڭ كاپكاز تاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمى. ئاپتور بۇ يەردە كاپكازدىكى ئاساسلىق تاغ تىزمىسىنى ئۇنىڭ تارمىقى قىلىپ قويغان.

[162] جىلىك ئويمانلىقى ۋە قويسۇ (Qoy—Su) ئويمانلىقىدىكى ئېگىز تاغ تىزمىسى.

[163] كازبېك تېغىنى كۆرسەتسە كېرەك.

[164] بۇ يەردىكى قورغان بىلەن 48 ـ باب 3 ـ پاراگرافتىكى قورغان يېقىن كېلىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. شۇنداقلا C18 دىكى قورغان بىلەن 49 ـ باب بىرىنچى پاراگرافتىكى قورغان يېقىن كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

[165] بۇ يەردە چوقۇم ئۇلار تاغ تىزمىسىنى كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

[166] بۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى خىرىستىئان ئەللىرى بىلەن مۇسۇلمان دۇنياسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان بىر ھېكايە، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە رىم ئىمپېراتورى دېشىئۇس فىرىنبىئان مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلغان ۋاقىتتا (مىلادى 250 ـ يىلى) ، يەتتە خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياش پېسئۇس (Fphesus) ، كىچىك ئاسىيادىكى بىر قەدىمىي شەھەر (ھازىرقى تۈركىيىنىڭ ئىزمىر ئۆلكىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە) ئەتراپىدىكى بىر تاغ ئۆڭكۈرىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. ئۆڭكۈر سېزىلىپ قالغاندىن كېيىن ئۇلار چىقسىلا ئۆلتۈرۈلىدىغان بولغاچقا بۇ يەتتە كىشى قامىلىپ قاپتۇ. ياكى رىم ئىمپېراتورى سئوۋئىئوس I ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىگە كەلگەندە (408 ـ 450 ـ يىل) ، تاغ ئۆڭكۈرىنى بىر پادىچى بايقاپ ئېچىپتۇ. بۇ يەتتە كىشى مۆجىزىلىك ھالدا قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ھوشىغا كەپتۇ. ئۇلار بايقىغان كىشىلەرگە قاتتىق ھەيران بولغان ھالدا خىرىستوسىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈپتۇ. بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان سئودوشىئوس I دەرھال نەق مەيدانغا بېرىپ ، ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭلاپتۇ. سۆزلىرىنى دەپ بولغاندىن كېيىن، بۇ يەتتە كىشى يەنە قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. سئودېشىئوس I چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، خىرىستىئان دىنىغا تېخىمۇ ئىشىنىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ ھەم بارلىق ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدىغان مۇرىتلارنى كەچۈرۈم قىلىپتۇ ھەم زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى مۇرىتلارنى قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشتۈرۈپتۇ.

[167] پانتىن (庞 廷) تاغ تىزمىسىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

[168] ئەگەر ئاپتور بۇ يەردە ئىسكەندەر قولتۇقىدىكى سېلۇسىيازنى كۆرسەتكەن بولسا، بۇ يەردىكى كىچىك تاغ سىپلىزىيەدىكى تاۋرۇس تېغىنى كۆرسىتىدۇ.

[169] گۋا داجۇر دەرياسى، گىۋادىئانا دەرياسى بىلەن تاھۇ دەرياسى ئويمانلىقى ۋە شەرققە ئېقىپ ئوتتۇرا دېڭىزغا كىرىدىغان ئېقىن ئايرىدىغان سۇ بۆلگۈچى داۋاننى كۆرسىتىدۇ.

[170] ئىسپانىيىدىكى تاھۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى گۋا دالاما تاغ تىزمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

[171] بۇگۇنكى بۇلغارىيىنى كېسىپ ئۆتىدىغان بالقان تاغ تىزمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

[172] مېنورسكىي بۇ يەر خۋاڭخې دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى ساراڭدېپۇ تېغى مانىسا تېغىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىغان.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# چۆچەكلەر

## نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھۆسەيىن كېرىم

فرانسۇز ئالىم ي • ل • دۇترېيۇئىل دې رىنس (J • L • DUTREUIL DE RHINS) يازغان «ئىلمىي تەكشۈرۈش — ئۆمىكى ئاسىيا ئېگىزلىكىدە» («MISSION SCIENTIFIQUE LA HAUTE ASIE») ناملىق كىتاب مىلادىيە 1890 – يىلىدىن 1895 – يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان. بۇ كىتاب ف • گرېنارد (F • GRENARD) نىڭ تولۇقلاپ تەييارلىشى بىلەن 1898 – يىلى پارىژ شەھىرىدە فرانسۇز تىلىدا نەشر قىلىنغان. دۇترېيۇئىلنىڭ كىتابىدا ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى، تىلى، ئېغىز ئىجادىيىتى شۇنىڭدەك مۇزىكا مەدەنىيىتى، ئارخېئولوگىيە ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئاپتۇر بۇ مەلۇماتلارنى XIX ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرى خوتەنگە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئىشلىرى بىلەن بارغاندا توپلىغان. ئاپتور ئەينى زاماندا خوتەندە بىر مەزگىل تۇرغان.

كىتابنىڭ «خەلق ئارىسىدىكى چۆچەكلەر» قىسمىدا ئەينى دەۋردە ئاپتۇر خوتەندىن يېزىپ توپلىغان ئالتە خەلق چۆچىكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىل – يېزىقىدا بېرىلگەن بولۇپ، ئاستىغا فرانسۇزچە تەرجىمىسى بېرىلگەن. بۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ۋە چۆچەكلىرىنىڭ تۇنجى فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ماڭا دۇترېيۇئىلنىڭ «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاسىيا ئېگىزلىكىدە» ناملىق كىتابىنى ئامېرىكىنىڭ ئىندىيانا شىتاتىنىڭ بلۇمىڭتون شەھىرىدە تۇرۇشلۇق فولكلورىست نىسىن لايت (Nathan light) 1994 – يىلى ئىيوندا، ن • ن • پانتۇسوۋنىڭ «تارانچى ناخشىلىرى» ناملىق كىتابى بىلەن بىرلىكتە ئەۋەتكەن ئىدى. ئەۋەتىلگەن بۇ ئىككى كىتاب دۇبلىكات (فۇيىڭ) نۇسخىدىن ئىبارەت. مەن ئىمكانىيەت يار بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدىكىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن دۇترېيۇئىلنىڭ «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاسىيا ئېگىزلىكىدە» دېگەن كىتابىدىكى ئالتە چۆچەكنى نەشرگە تەييارلىدىم.

## بىرىنچى چۆچەك

قەدىمىي خوتەننىڭ تاغلىق كەنتلىرىدە بىر ئادەم ئۆلۈپ قاپتۇ. بارلىق كەنت خەلقى جەم بولۇپ ئۇ ئادەمگە ھازا تۇتۇپتۇ. ئۇلار ئۆلۈكنى يۇيۇپ، كېپەنلەپ جىنازىغا سېلىپ، گۆرستانلىققا ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ جامائەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى مېيىت نامىزىنى ئوقۇشنى بىلمەيدىكەن. كىشىلەر نېمە قىلىشنى بىلمەي ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، خوتەن شەھەر تەرىپىدىن ئېشەك مىنگەن بىر ئادەم كېلىپ، گۆرستانلىقنىڭ ئالدى بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقۇدەك. كىشىلەر ئۇ ئادەمنى كۆرۈپ، يۈگۈرۈشۈپ بۇ كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە:

— ھەي خوتەنلىك بۇرادەر، بۈگۈن بىر ئادىمىمىز ۋاپات بولدى. بىزلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئارىمىزدا مېيىت نامىزىغا ئىمام بولغىدەك ئادەم يوق. شۇڭا سىز بۇ ئۆلۈكنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ بېرىڭ، — دەپ ھېلىقى يولۇچىنى توسۇۋاپتۇ. بۇ خوتەنلىك ئادەممۇ مېيىت نامىزىنى ئوقۇشنى بىلمەيدىكەن. شۇڭا ئۇ:

— ئەي بۇرادەرلەر، مەن ساۋاتسىز ئادەممەن، مېيىت نامىزىنى ئوقۇشنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ. كىشىلەر:

— ئەگەر سەن بۇ ئۆلۈكنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ بېرىپ كەتمىسەڭ بىز سېنى ئۆلتۈرىمىز، — دېيىشىپتۇ. خوتەنلىك ئادەم قورقىنىدىن:

— بولىدۇ، ئوقۇي، — دەپ جىنازا ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە جىنازىغا قاراپ ئۆرە تۇرۇپتۇ. خەلق ئۇنىڭ ئارقىسىدا سەپ بولۇپ تىزىلىپتۇ. خوتەنلىك ئادەم جىنازىغا قاراپ قولاقلىرىنى تۇتۇپ:

— كېتۇر ئىدىم مەن، ئۆلۈپ قاپسەن سەن، ئاللاھۇ ئەكبەر! نېمىشقا ئۆلدۈڭ سەن، بالاغا قالدىم مەن، ئاللاھۇ ئەكبەر، — دەپتۇ. جامائەتنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان بىر ئادەم مېيىت نامىزىنى ئوقۇغاننى ئاڭلىغان ئىكەن. شۇڭا ئۇ خوتەنلىك ئادەمنىڭ خاتا ئوقۇغانلىقىنى بىلىپ: «ھەي» دەپتۇ. خوتەنلىك ئادەم دەرھاللا:

— ھەي دېمىگىن سەن، بىلىپ ئوقۇدۇم مەن، ئاللاھۇ ئەكبەر. جىنازىغا ئالتە قوي بېرۇر، ئۈچى ساڭا، ئۈچى ماڭا، ئاللاھۇ ئەكبەر، — دەپتۇ ۋە ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللا دەپ سالام بېرىپتۇ. ئۈچ قوينى خوتەنلىك ئاپتۇ. ئۈچ قوينى ھېلىقى ئادەم ئاپتۇ.

## ئىككىنچى چۆچەك

قەدىم خوتەن ۋىلايىتىدە بىر ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى موللا توختى مۇغەمبەر دەپ ئاتايدىكەن. ئۇنىڭ بىر بۆزچى قوشنىسى بار ئىكەن. بىر كۈنى موللا توختى مۇغەمبەر بۆزچى قوشنىسىدىن قازان ئارىيەت ئاپتۇ. موللا توختى قازاننى ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ، ئەتىسى قازاننىڭ ئىچىگە يەنە بىر كىچىك قازاننى سېلىپ بۆزچىگە ئەپچىقىپ بېرىپتۇ. بۆزچى بۇنى كۆرۈپ:

— ئەي بۇرادەر، مېنىڭ قازىنىم بىر ئىدى، سىز ئىككى قازاننى ئېلىپ چىقىپسىزغۇ؟ — دەپتۇ. موللا توختى:

— ئەي دوستۇم، قازىنىڭىز ئەسلىدە بوغاز ئىكەندۇق. بىزنىڭ ئۆيىمىزگە چىقىپ تۇغۇپ قويدى، — دەپتۇ. بۆزچى بۇ ئىشقا ھەيران بولغىنىچە كۈلۈپتۇ ۋە ئىككى قازاننى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ موللا توختى يەنە بۆزچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، قازان سوراپتۇ. بۆزچى ساددا ئادەم ئىكەن. ئۇ يەنە قازان بەرسەم تۇغارمىكىن دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئەگەر تۇغسا چوڭراق تۇغسۇن، دەپ يوغان بىر قازاننى بېرىپتۇ. موللا توختى قازاننى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتسىمۇ موللا توختى بۆزچىگە قازاننى قايتۇرۇپ بەرمەپتۇ. بۆزچى خاپا بولۇپ، موللا توختىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ ۋە:

— ئەي بۇرادەر، ماڭا قازان لازىم بولۇۋاتىدۇ. قازىنىمنى قايتۇرۇپ بېرىڭ، — دەپتۇ. موللا توختى:

— ۋاي ئىست، بۈگۈن تۆت كۈن بولدى، قازىنىڭىز كېسەل بولۇپ ئۆلگىلى، نامىزىنى چۈشۈرۈپ كۆمۈپ قويدۇق، — دەپتۇ. بۆزچى يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي بۇرادەر، يالغان سۆزنى قىلمالىڭ، يېشىم يەتمىش سەككىزگە كىرىپتۇ، قازاننىڭ كېسەل بولۇپ ئۆلگىنىنى، نامىزىنى چۈشۈرۈپ كۆمگىنىنى كۆرگەن ۋە ياكى ئىشىتكەن ئەمەسمەن، موللا توختى، قازىنىمنى قايتۇرۇپ بەر، — دەپتۇ. موللا توختى:
— ئەي بۆزچى قوشنام، قازان تۇغقانغا ئىشىنىسەنۇ، ئۆلگىنىگە ئىشەنمەمسەن؟
— دەپتۇ. بۆزچى ئاھ - ۋاھ دېگىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ موللا توختى كىچىك قازىنىنى چوڭ قازان قىلىۋاپتۇ.

## ئۈچىنچى چۆچەك

ھېكايەت قىلىپتۇرلەركى، بىر شەھەردە باي بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇ سودىگەرچىلىك بىلەن باشقا شەھەرگە بارماقچى بوپتۇ ۋە مىڭ چارەك تۆمۈرنى بىر دوستىغا ئامانەت قويۇپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن سودىگەر ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئامانەت قويغان دوستى بىلەن كۆرۈشۈپ:
— مەن سىزگە ئامانەت قويغان تۆمۈرلەر بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ دوستى:
— ئەي دوستۇم، مەن تۆمۈرىڭىزنى بىر ئۆيگە قويۇپ قويغان ئىدىم. بۇ يىل چاشقان بەك تولا بولۇپ، تۆمۈرنى ئازراقمۇ قويماي يەپ كېتىپتۇ، بىر چارەكمۇ قالماپتۇ.
— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سودىگەر:
— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، — دەپلا ئۆيىگە يېنىپ كېتىپتۇ. تۆمۈر ئامانەت ساقلىغان كىشىنىڭ ئون بەش ياشقا كىرگەن ئوغلى بار ئىكەن. ئارىدىن ئون بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، سودىگەر دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ:
— ئەي بۇرادەر، بۇ ئوغۇلنى بۈگۈن ماڭا بىر كۈن ھەمرا قىلسىڭىز، — دەپ سوراپتۇ. دوستى:
— ئەي ئوغلۇم تېزرەك قايتىپ كېلىڭ، — دەپ ئوغلىنى سودىگەرگە قوشۇپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. باي بۇ بالىنى ئۆيگە ئېلىپ بېرىپ، ئاياغ — قوللىرىغا زەنجىر سېلىپ بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ. تۆت كۈن ئۆتۈپتۇ. ئوغلىنىڭ تېخىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىگە ئىچى پۇشقان دوستى باينىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇ:
— ئەي ئاغىنە، مېنىڭ ئوغلۇم قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ. باي:
— ئۈنۈگۈن ئوغلىڭىز ئۆگزىگە چىققان ئىدى. ھاۋادىن بىر قۇشقاچ ئۇچۇپ كېلىپلا بالىنى ئېلىپ كېتىپتۇ، — دەپتۇ. دوستى:
— ئەي ئاداش، مېنىڭ بالام ئون بەش ياشتا تۇرسا، بىر قۇشقاچنىڭ ئېلىپ كەتكىنى يالغاندۇر، — دەپتۇ. باي:
— ئەي دوستۇم سىز مىڭ چارەك تۆمۈرنى چاشقان يېدى دېگىنىڭىز راست بولسا، مېنىڭ بۇ سۆزۈم ئەلۋەتتە راستتە، — دەپتۇ. دوستى مىڭ چارەك تۆمۈرنى ئەپكېلىپ بېرىپ، ئوغلىنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

## تۆتىنچى چۆچەك

قەدىم خوتەندە بىر ئەخمەق ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ «ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويماي» دەپ دائىم بوينىغا بىر يوغان قاپاقنى ئېسىپ يۈرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ بىر تاغار بۇغدايىنى ئىشەككە

www.uyghurkitap.com

ئارتىپ تۇگمەنگە بېرىپتۇ. بۇغداينى تۇگمەنگە چۇشۇرۇپ قويۇپ، تاغارغا يۆلەنگىنىچە ئۇخلاپ قاپتۇ. تۇگمەنچى ئۇنىڭ بويىندىكى قاپاقنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، ئۆز - ئۆزىگە:

— بۇ قانداق ئادەمدۇر، بويىنغا نېمە سەۋەبتىن قاپاق ئېسىۋالغاندۇر؟ بۇنىڭ بويىندىن قاپاقنى ئېلىۋەتسەم قانداق قىلار، — دەپتۇ ۋە ئاستا بېرىپ ئۇنىڭ بويىندىن قاپاقنى يېشىۋېلىپ بىر جايغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن قارىسا بويىندا قاپاق يوق. ئۇ ئەخمەق:

— ۋاي ئاللا، مەن قېنى؟ ئۆزۈم يوق بولۇپتىمەن. ئەي تۇگمەنچى ئاغىنە، مەن قېنى؟ دەرھال مېنى تېپىپ بەرمىسەڭ، مېنىڭ خوتۇنۇم ئۆيگە بارسام كىرگۈزمەيدۇ، مېنى خوتۇنۇم ئۇرىدۇ، — دەپ تۇگمەنچىگە مەھكەم يېپىشىپتۇ. تۇگمەنچى كۈلگىنىچە:

— ئەي بۇرادەر، مەن سېنى تېپىپ بەرسەم ماڭا نېمە بېرىسەن؟ — دەپتۇ. سادda ئادەم ئېيتىپتۇكى:

— ئەي جان بۇرادەر تۇگمەنچى، سەن مېنى تېپىپ بەرسەڭ، ساڭا مۇشۇ تاغاردىكى بۇغداينى بېرەي ...

تۇگمەنچى دەرھال قاپاقنى قويغان يېرىدىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇ ئادەمنىڭ بويىنغا ئېسىپ قويۇپتۇ. ئۇ ئادەم خۇرسەن بولۇپ، نەچچە ئايلىنىپ، تۇگمەنچىگە ھەشقاللا، دەپ تەزىم قىلىپ، ئۆز رازىلىقى بىلەن تۇگمەنچىگە بىر تاغار بۇغداينى بېرىپ، ئېشىكىنى ھەيدەپ غەزەل ئوقۇغىنىچە ئۆيى تەرەپكە قاراپ راۋان بوپتۇ.

## بەشىنچى چۆچەك

قەدىم زاماندا خوتەن ۋىلايىتىدە پالتۇ لاپ دەپ بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەمىشە كىشىلەرگە لاپ سۆزلەرنى قىلىدىكەن. ئۇنىڭ لاپلىرى نۇرغۇن شەھەرلەرگە تارقىلىپتۇ. پالتۇ لاپنىڭ ئون تۆت ياشلىق بىر قىزى بار ئىكەن. بۇخارائى شېرىپنا ئۇستا ھېيت ئىسىملىك بىر ئادەم بار ئىكەن. بۇ ئادەممۇ داڭقى چىققان لاپچى ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇستا ھېيت «خوتەن ۋىلايىتىدە پالتۇ لاپ دەپ بىر ئادەم بار ئىمىش، لاپ سۆز ئېيتىشقا ناھايىتى ئۇستا ئىمىش» دەپ ئاڭلاپتۇ. ئۇستا ھېيت خوتەنگە بېرىپ، پالتۇ لاپ بىلەن سۆزلىشىپ كېلىمەن، دەپ بۇخارادىن يولغا چىقىپ، بىر نەچچە كۈن يول مېڭىپ خوتەنگە يېتىپ كەپتۇ ۋە پالتۇ لاپنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ، سوراپ تېپىپتۇ. ئۇ پالتۇ لاپنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ تۆت قېتىم «پالتۇ لاپ ئاكا» دەپ چاقىرىپتۇ. بۇ چاغدا پالتۇ لاپ ئۆيىدە يوق ئىكەندۇق. قىزى ئۇستا ھېيتنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— ھەي ئاكا، سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇستا ھېيت:

— يېقىن بۇخارادىن كەلدىم، دادىڭىز بارمۇ؟ — دەپتۇ. پالتۇ لاپنىڭ قىزى:

— ئاتام ئۆيدە يوق، ئۇ سەھەردە ئاسمانغا چىقىپ كەتكەنىدى، تېخى قايتىپ چۈشمىدى. ئەي ئاكا، سۆزىڭىز بولسا ماڭا دەڭ، ئاتام كەلگەندە مەن دەپ قوياي، — دەپتۇ. ئۇستا ھېيت:

— مەن ئاتىڭىزنىڭ دوستى بولىمەن. ئاتىڭىزغا بۇخارادىن بىر گىلەم سوۋغا ئېلىپ كەلگەن ئىدىم. گىلەمنىڭ بىر ئۇچى خوتەنگە كەلدى، ئايىقى تېخى بۇخارادىن چىققىنى يوق، — دەپتۇ. قىز:

— ئەي ئاكا، سىزگە ھەشقاللا رەھمەت، ناھايىتى ياخشى گىلەم ئېلىپ كەپسىز،

بىزگە ئاشۇنداق گىلەم لازىم ئىدى. تۈنۈگۈن ئاخشام دادام چىلىم چېكىپ ئولتۇرۇپ، چىلىمنىڭ ئوتى چۈشۈپ كېتىپ، بىزنىڭ ئۆيدىكى گىلەمنىڭ كىچىك بىر پارچىسى كۆيۈپ قالغانىدى. ئېلىپ كەلگەن گىلىمىڭىز بىزنىڭ ئۆيدىكى كۆيگەن گىلەمگە ياماق بولغىدەك ئەمىسە، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قىزنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۇستا ھېيت ناھايىتى ئىزا تارتىپ. پالتۇ لاپىنىڭ قىزى مۇنداق ئۇستا لاپچى بولسا، ئاتىسى يۈز ھەسسە ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن، ــ دەپ ئويلاپتۇ ۋە پالتۇ لاپ بىلەن كۆرۈشمەي، بۇخاراغا قايتىپ كېتىپتۇ.

## ئالتىنچى چۆچەك

ھېكايە قىلىپتۇرۇلەركى، ئۆتكەن زاماندا، ئادەم ئايىقى يېتىپ بارمىغان بىر سەھرادا بىر جامائەت خەلق ياشىغانىكەن. ئۇلارنىڭ چوڭ بايلىرى بىر جايغا جەم بولۇپ:

ــ شەھەرلىكلەرنىڭ ئىچىدە ناماز دېگەن بىر ياخشى نەرسە بار ئىمىش، ھەر كۈنى بەش ۋاقىت ئوقۇر ئىمىش، بىز ھەم ھەر بىرىمىز بىردىن يامبۇ چىقىرىپ، بەش ـ ئالتە ئادەمنى شەھەرگە ئەۋەتەيلى، ئۇلار ناماز ئېلىپ كەلسە بىزمۇ بەش ۋاق ئوقۇساق. ــ دېيىشىپتۇ. بۇ سۆزگە ھەممەيلەن قوشۇلۇپتۇ. ھەر بىرى بىردىن يامبۇ يىغىپتىكەن جەمئىي ئىككى يۈز يامبۇ بولۇپتۇ. ئاندىن ھەر قايسى بايلار بىردىن ئادەم، بىردىن ئات چىقىرىپتۇ. ئىككى يۈز يامبۇنى بۇ ئادەملەرگە بېرىپ، ئۇلارنى شەھەرگە ئەۋەتىپتۇ. بۇ ئادەملەر بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ شەھەر كۆرمىگەن بىچارىلەر بىر نەچچە كۈنگىچە قونىدىغان يەر تاپالماي، كونا، ۋەيرانە يەرلەردە قونۇپ يۈرۈپتۇ. ئاخىر بىر كۈنى بىر كوچا بىلەن كېتىۋاتسا بىر چوڭ مەدرىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بىر قىزىلكۆز موللا ئۇلارنى كۆرۈپ قاپتۇ. قارىسا شەھەر كۆرمىگەن بىر نەچچە سەھرالىق ئاتلارغا مىنىشىپ، ئاتلىرىغا ئېغىر خورجۇنلارنى ئارتىشىپ كېلىۋاتقان. موللا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەي باتۇر يىگىتلەر، يول بولسۇن، قەيەردىن كەلدىڭىزلەر؟ قەيەرگە بارىسىزلەر؟ نېمە ئالىسىزلەر؟ نېمە ساتىسىزلەر؟ ــ دەپ سوراپتۇ. سەھرالىقلار دەرھال:

ــ سالام، سالام موللا ئاكا، بىزنى سورىسىڭىز پالانى يەردىن كەلدۇق. يۇرتىمىزنىڭ چوڭلىرى بىزگە ئىككى يۈز يامبۇ بېرىپ، «شەھەرگە بېرىپ بىزگە ناماز ئەپكېلىپ بېرىڭلار» دەپ ئەۋەتتى. بىزلەر شەھەرگە كىرگىلى تۆت كۈن بولدى. نەدە ياتىدىغان، نەدە تۇرىدىغىنىمىزنى بىلمەيمىز. كوچىلاردا ناماز بار دۇكانلارنى تاپالماي ئىزدەپ يۈرۈۋاتىمىز. ئەي موللا ئاكا، بىزگە ناماز بار جاينى كۆرسىتىپ قويسىڭىز، سىزدىن ئاللا رازى بولسۇن، ــ دەپ يالۋۇرۇپتۇ. موللا ئۇلارغا:

ــ مانا بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، ئاتتىن چۈشىڭىزلەر، ــ دەپتۇ. سەھرالىق بىچارىلەر خاتىرجەم بولۇپ، ئاتتىن چۈشۈپ، خورجۇنلىرىنى ئېلىپ، موللىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپتۇ. موللا دەرھال بىر چۆگۈن چاينى قايناتىپ، سەھرالىقلارنىڭ ئالدىغا دەستىخان سېپتۇ ۋە توققۇز ناننى كەلتۈرۈپتۇ. موللا:

ــ ئەي يىگىتلەر، نان يەپ، چاينى ئىچىڭىزلەر، ــ دەپتۇ ۋە ئۆزى بازارغا چىقىپ، تۆت تەڭگىگە گۆش، ئىككى تەڭگىگە نان ئېلىپ كىرىپ بىر چوڭ قازانغا گۆشنى سېلىپ شورپا قىلىپ پىشۇرۇپتۇ ۋە بۇ ئاچ قالغان سەھرالىقلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ بېرىپتۇ.

بۇ بىچارىلەر گۆشنى يەپ، شورپىنى ئىچىپتۇ. قوساقلىرى ئوبدان تويۇپتۇ. ئاندىن موللا ئۇلارغا:

— ئەي يىگىتلەر، ئېلىپ كەلگەن يامبۇلىرىڭىزلارنى ماڭا بېرىڭىزلەر، مەن بازاردىن سىزلەرگە ناماز ئەپكېلىپ بېرەي، — دەپتۇ. بۇ ساددا سەھرالىقلار ئىككى يۈز يامبۇنى بۇ موللىغا بېرىپتۇ ۋە «بىزگە نامازنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئەپكېلىپ بېرىڭ» دېيىشىپتۇ. موللا «خوپ بولىدۇ» دەپ ئىككى يۈز يامبۇنى ئېلىپ چىقىپ، بىر جايغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن بازارغا بېرىپ، بىر چوڭ قاپاقنى ئوتتۇز پۇلغا سېتىۋاپتۇ. بىر جىڭ ھەسەلنى قاپاقنىڭ ئىچىگە قۇيۇپ، قاسساپنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئېسىپ قويۇپتۇ. يازنىڭ دىمىق كۈنلىرى ئىكەن. بۇ پەسىلدە قاسساپنىڭ دۇكىنىدا ھەرە ناھايىتى كۆپ بولىدىكەن. ئۇ چاغلاردا شۇ ئەتراپتىكى شەھەرلەردە چوڭ قىزىل ھەرە بار بولۇپ، ئەگەر ئادەمنى چېقىۋالسا نەچچە كۈن ئاغرىيدىكەن. قىزىلكۆز موللا قاپاققا قاراپ ئىككى سائەت ئولتۇرۇپتۇ. ئىككى سائەتتە بۇ قاپاقنىڭ ئىچىگە ئىككى مىڭ ھەرە كىرىپ چاپلىشىپ قاپتۇ. موللا دەرھال قاپاقنىڭ ئاغزىنى قارا مومدا مەھكەم ئېتىپ، سەھرالىقلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. سەھرادىن كەلگەن بۇ ساددىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، موللىغا تازىم قىلىپ رەھمەت ئېيتىپتۇ. موللا بۇلارغا:

— ئەي ئىنىلار، بۇ ناماز بار قاپاقنىڭ يولدا ئاغزىنى ئاچماي، يۇرتۇڭلارغا ئېلىپ بېرىڭلار. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، چوڭ زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، ئون تۆگە، ئون ئات، ئون قوتاز، يۈز قوي ئۆلتۈرۈپ، مېھمان قىلىڭلار، ئاندىن بۇ نامازنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇڭلار. ئاندىن كېيىن كىم سېمىز بولسا، كىم چوڭ بولسا ئاۋۋال ئۇ ئۆيگە كىرسۇن. ئۆينىڭ تۈڭلۈك، ئىشىكلىرىنى مەھكەم ئېتىڭلار. بۇ نامازنى قولىدا قامچىسى بار، ئاچچىقى يامان، ناماز بىلمەيدىغان بىرسى قامچا بىلەن ئۇرىدۇ. كىمدە كىم «ۋاي ئاللا» دەپ نالە قىلسا، ھەرگىز ئىشىكنى ئاچماڭلار. ئۆينىڭ ئالدىدا يۈز ئادەم قاراۋۇل بولۇپ تۇرسۇن، — دېگەنلەرنى تاپىلاپتۇ. ئاندىن سەھرالىقلارنى شەھەردىن چىقىرىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. بىچارە سەھرالىقلار بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ يۇرتىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار موللىنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، ئون تۆگە، ئون ئات، ئون قوتاز، يۈز قوي ئۆلتۈرۈپ، زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. ئاندىن كېيىن ناھايىتى چوڭ بىر چىدىرنى تىكتۈرۈپ، يۇرتنىڭ چوڭلىرىنى، بايلىرىنى ئىشتان - كۆڭلەكلىرىنى سالدۇرۇپ، ئۆيگە ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇلار نامازنى بالدۇرراق كۆرۈشكە ئالدىراپ، بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ بىر يۈز ئادەم ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ ۋە ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ، ناماز بار قاپاقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. نەچچە كۈندىن بېرى ئاچ قالغان ھەرىلەر قاپاقنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ، سەھرالىق بودەكلەرنى چېقىشقا باشلاپتۇ. بۇ بىچارىلەر «ۋاي ئاللا» دەپ ۋارقىرىشىپ ئىشىككە بېرىپتۇ. تالادىكىلەر مۇستەھكەم ھالەتتە تۇرۇپتۇ. سەھرالىقلار ھەرىنىڭ چاققان ئازابىغا چىدىيالماي چىدىرنى بۇزۇپ سىرتقا قېچىپتۇ. ھەر قايسىسىنىڭ بويىنىغا بىرەر يۈزدىن ھەرە قونۇۋاپتۇ ۋە بەزى ھەرىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. بىچارە سەھرالىقلار تەرەپ - تەرەپكە قېچىپتۇ. ئۇلار شۇ قاچقىنىچە نەدە توختىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. قەدىم زاماندا ئەنە شۇنداق ساددا، ئەخمەقلەر ئۆتكەنىكەن.

# لوپنور خەلق قوشاقلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مويدىن سايىت

مەن كۆزلەككە بارادىمەن پىيادە،
سېنى ئۇتۇڭ ماڭا بولدۇ زىيادە.
ساقاللىمغا ئاق كىرمەي تۇرۇۋالدى،
قېرى بىلەن تەڭ بولمادىم، ئىرادە.

ئاتنى قاتىپ بارادىمەن ئورماغا،
بوغۇز سالىپ كەلتۇرەرمەن تورۋاغا.
موسائاكە ماڭا تولا گەپ قىلما،
ئاتىم چۇشمەس سەن تاشلاغان سالماغا.

سەھەردە گۇل ئاچىلغاننى كۆردۇڭمۇ،
تورغاي خانىم، مەندىن كۆڭۈل بۆلدۇڭمۇ؟
مەندىن كۆڭۈل بۆلگەنىڭگە ئاغرىنمايمەن،
ئۆز خىلىڭنى تاپىۋالىپ سۆيدۇڭمۇ؟

بانە قىلىپ بارادىمەن ئارىگە،
گەپىڭ بولسا ئايتىپ قويغىن قارىگە.
ئۇتۇڭدا مەن غارىب بولۇپ يۇرۇيمەن،
رەھمىڭ كېلىپ چىقار بولساڭ سايىگە.

*

ئەللەر دەيدۇ تولا ماڭدىڭ چاراغا،
قارامادىڭ پۇتۇڭدىكى ياراغا.
شۇنچە ماڭىپ يېتالمادىم يارىمغا،
نېمە گۇناھ قىلىۋېدىم خۇداغا.

تولا ماڭسام نېمە بوپتۇ، ئۆز يۇرتۇم،
يول ماڭىشقا يارىتىلغان بۇ پۇتۇم.

قاغا بولۇپ ئىشىكىڭدە غاقتادىم،
كېلەرمىكىن دەپ يولۇڭدا ساقتادىم.
سەن كىچىك نادان بالا بىلمەيمۇسەن،
يامان گەپتە ئۇستىخانىمنى ئاقتادىم[1].

ئوڭ يۈزۈڭگە چاقى پەلەك چۆرۈلۈپ،
توختامايدۇ مېنىڭ كۆڭلۇم ئۆرۈلۈپ.
ئارىغا ئىككى دۇشمەن پەيدا بولدى،
ئۆتۈپ كەتتى ئۇقار ئوخشاش سوزۇلۇپ.

چاقى پەلەك ياراشىپتۇ خىلىدە،
قويۇۋىدىم يار مەيلىنى ئۆزىدە،
يايلانغىلى تاققا چىقىپ كېتىپتۇ،
ئۆزى ئىزلەپ كېلەر تۇرسا سۆزىدە.

شامال كەلسە ئىرغانادۇ كامپاشى[2]،
يارىم كەلسە ئېتىلدۇ ئوڭ قاشى.
ئاستا ئولتۇرۇپ ئۆزۈننۇ خىيال قىلسام،
سەندىن بۆلەك يوقتۇر كۆڭلۇم قاياشى.

*

خۇدا ئىگەم ئاسان قىلار يولۇمنۇ،
مەنمۇ ئەمدى بەدگۇيانى ئۇنۇتتۇم.

تولا ماڭدىم ئىشەككە خۇرجۇن ئارتىپ،
ئۇزۇن يولدا دەردىمدىن قوشۇق قاتىپ.
قوشۇقۇمدا ئەرزىمنى بايان قىلاي،
دەرد ـ ھالىمدىن دوستلارىم بولسۇن ۋاقىپ.

www.uyghurkitap.com



قوشۇلادۇ قويلار كەتسە تارىلىپ،
غېرىپ بولدۇم مەن يارىمدىن ئايرىلىپ.

*

قۇندۇز ئوخشاش قاشىڭىزنىڭ قاراسى،
قۇرغۇي ئوخشاش بويۇڭىزنىڭ تاناسى.
تىل تورغۇيۇم، بىزنى شۇنچە كۆيدۈرۈپ،
لىققادايدۇ[3] قوش ئالماڭىز ئاراسى.

يار، چېلەكنىڭ تۈرىدۇ قوزۇقۇڭدا[4]،
ساڭا ئېيتار سۆزۈم كۆپ قوسۇقۇمدا.
ئەي خالايىق، كۆپ دەرد كۆردۇم مەن ياردىن،
ھەسرەت - ئەلەم، پۇشمانلارىم قوشۇقۇمدا[5].

ئەللەر دەيدۇ سارغايىپتۇ چىرايىڭ،
شامال ئوخشاش ئۇچۇپ يۈرەر خىيالىڭ.
ئارامىزدا دۈشمەننىڭ گېپى تولا،
جەمەلەرگە[6] كۆڭۈل بۆلمە گۈل ئايىم.

شۇ ئاشىڭنىڭ تەمى قاپتۇ تىلىمدا،
سەن يارنى دەپ ئوت كۆيەدۇ دىلىمدا.

*

قاشى قارا، ساچى سۇمبۇل، ئانار يۈز،
كىيىك كۆزلۈك مېھرىبانىم خۇش ئەمدى.
جۇدالىقتا يۈرەك - باغرى داغلانغان،
خۇش كۆڭۈللۈك ۋاپادارىم خۇش ئەمدى.

تېخى يولغا چىقماي باغرىم ئېزىلدى،
غۇنچە بويلۇق زىلۋا يارىم خۇش ئەمدى.

*

غېرىپ بولۇپ چىقىپ كەتتىم مەن سايغا،
سالامىمنى ئالىپ بارامسەن قاغا.
بارغانڭلار دۇئايى سالام دەڭلار،
سۆزى تاتلىق تورغاي خان گۈزەل يارغا.

شەيتان دېگەن ئالا باغىر بەدگۇيا،
كۆرگەنگىلا كۆز ئاتىدۇ نازلىنىپ.

*

دەردتە سىزىپ بولۇپ قالدىم ئۇستىخان،
كۆرسەڭ مېنى جان قالمادى قېنىمدا.

ئۆلۈپ كەتمەي كۆيۈپ سېنىڭ ئوتۇڭدا،
ئۆلسەم رازى پىلا[7] بويلۇق قوينۇڭدا.
ئۆگال قىلماي ئارا تۈرگىن جانىمغا،
ئۇ ئالەملىك قەرز قالماسۇن بوينۇڭدا.

يارىم، مېنىڭ ھايداشىم ياغاچ پەيپەي[8]،
قىزىلگۈلۈم دەردىڭدە قانداق ئېتەي.
ئوت - كۆيۈكىنىڭ دەردلىرى شۇنداق بولسا،
تەركىن ئەيلەپ يۇرتۇڭدىن چىقىپ كېتەي.

چىقىپ كېتەي يۇرتۇڭنى تەركىن قىلىپ،
مۇساپىرلىق توختاپتۇ ماڭا كېلىپ.
چىقىپ قالار ماڭا باشقا ھەمراھلىق،
يا ئاكام يوق، يا ئانام، مەن بىر غېرىپ.

*

يالغۇز يېتىم باشىم سىلاپ جۇپ قىلغان،
جان جىگەرىم، دىل خۇمارىم خۇش ئەمدى.

دەرد بىلەن نالە قىلدىم، چۆلگە ئاتلاندىم،
تىلى تاتلىق تىل تورغۇيۇم خۇش ئەمدى.
بۇلبۇل ئوخشاش سايراپ دىلىم خۇشلىغان،
جۇپتىگارىم، جان قۇرغۇيۇم خۇش ئەمدى.

*

قاغا بارساڭ ئالىپ بار سالامىمنى،
خۇدايتالا قىلىپتۇ ئامانىمنى.
كۆنچۈنۈ توقايدا قوي باقىپ،
قۇڭۇرچاق[9] يىرتىۋالدى چاپانىمنى.

تاغ تەرەپتىن شامال كەلدى بىز سايان،
تورغايىمغا مەن كۆيۈپ بولدۇم سامان.
قاشىڭىزغا باراي دەپ ئارمان قىلسام،
يوللۇرۇمغا ئۇنۇپ توستى تاغ - داۋان.

ئۇنۇنچۇ ئايدا ئۈيۈيدۇ⑩ ئاققان تارىم،
بۇ يىلقىلدا بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم يارىم.
چەككەن جاپا، دەردىمنى بىلمەيمۇسەن،
نەدە قالدى شۇنچە يول ماڭغانلارىم.

ماڭىپ كەتتى دەپ ئاڭلاپ كەلدىم كېيىن،
بىزگە ئاياپ دېمەپسەن ئاغىز يېلىڭ.
شۇنچە يىل كۆڭۈل بېرىپ كەلگەنىمگە،
سۆزلەپ قويساڭ ئېقىپ كەتمەس ئىدى تىلىڭ.

ئەمدى قوپاي توخۇ چىللاپ تاڭ ئاتتى،
قىزىلگۈلۈم غاپىل ئۇيقۇدا ياتتى.

*

قۇزا بولۇپ جاڭمللەردە⑪ ئازىسام⑫،
توشقان بولۇپ پۇتا، قامۇش غاجىسام.
ئايغا ئوخشاپ چۇشۇمدە ئۆتۈپ كەتتى،
قۇشۇمىكىن بارىپ ئۇنى تانىسام.

ئاسمانداقى تولۇن ئاينى ئېتى بار،
تورغاي خانىڭ ماڭا قاتتىق گېپى بار.
ياغلىقلارى قۇۋەت قىلادۇ بەلگە،
تىلى تاتلىق نەۋجۇۋاننىڭ نېپى بار.

نەۋجۇۋاننىڭ نەپى تېگەدۇ ئەلگە،
ياغلىقلاردى قۇۋەت قىلادۇ بەلگە.
مەن بۇندا چىراي ئاچىپ كۇلمەدىم،
تېرەم قالدى يېگەن ئاش سىڭمەي تەنگە.

ياغقا ئوخشاش سولۇۋالاي تۇلۇمغا،
ئاخىر يۇرۇپ بىر چۇشۇرسەن قولۇمغا.
ئۆز دېمەتلىك باللار قەستلىشەدۇ،
قۇڭۇرچاق بولۇپ ئۇنۇپ يولۇمغا.

كۇنۇم ئۆتتى گۇپالىقتا يار - يار دەپ،
يارىم ئۇگال قىلىپ ماڭا تاش ئاتتى.

كېچە - كۇندۇز خىيالىم سىنىڭ بىلەن،
تۇزاق يوقلاي بارامسەن مېنىڭ بىلەن.
تۇگۇرمەندە يالغۇز قالدى دەيدۇلا،
يۇرۇيسەندۇ ئۇنداسەن كىمىڭ بىلەن.

كۆڭلۇڭدىكى گەپنى قىلساڭ كېتەتتىم،
سىنى ئالسام مۇرادىمغا يېتەتتىم.
تورغاي خانىم باغرىم كۆيۈپ قالمادى،
داۋاسىغا زەھەر بەرسەڭ ئىچەتتىم.

بات قىلماغىن دۆڭدە تۇرغان مالەڭنى،
نېمە قىلاي يېمىشى يوق سايەڭنى.
دۇشمەنلەرىم يۇرەر ئىكەن تالاشىپ،
بېرىۋەتتىم گۇپاسى يوق ئالەمنى.

*

ئاق ئىگىنلەر قارا بولدى كىر بىلەن،
يۇرىكىمگە پەداز بەرمە تىل بىلەن.
ئاناڭ سىنى تۇغقان بولسا «نوچى» دەپ،
ئۆلگۇچەڭدە ئويناپ ئۆتكىن بىر بىلەن.

قارايىپتۇ يۇرەكىمنى كاۋابى،
قانچە باردۇ يار سۆيگەننى ساۋابى.
شۇ يەرلەردىن سەن يارنى دەپ كەلمەسەم،
تاشتىن قاتتىق بۇ يوللارنىڭ ئازابى.

ئاق يۇزۇڭنى بىۋاپاغا ساتماغىن،
چۇشەدەپلا بىر نادانغا قاتماغىن.
سىنى كۆڭلۇك يۇلتۇزدەك تاراپ كەتكەن،
باشقىلارغا ئۆزۇڭنى ئوخشاتماغىن.

ئون بەش كۇن دەپ قارار قويماڭ ئۇزاققا،
ئورماچىلار يانىپ بوپتۇ قۇۋۇزاققا⑬.
قوغۇشۇننى ئېرىتىپ قۇيۇۋېتەي،
قاتقۇزماغان دۇشمەنلەرنى ئاغزىغا.

ئۇچۇپ بارىپ تاپىپ ئالايمۇ سېنى،
دىمەتلىكتە تاشلاۋەتمەگىن مېنى.
مېنى كۆڭلۈم ھەرگىز سەندىن كەتمەيدۇ،
بىرەر ۋاقلىق ئۇنايمۇسەن⑭ ئايت قېنى.

قاغا، بارساڭ سالام دەگىن يارىمغا،
مۇزنى تاڭىپ ياتادىمەن باغرىمغا.
خۇدايتالا كۆيۈك ئوتنى سالماسۇن،
بۇ يىلقىلدا كەلدى مېنى باشىمغا.

تورغاي خانىم سۇمبۇل ساچىنى تاراپ،
زۇگال بولدۇ بۇ مېنى ھالىم خاراپ.
بىزنى سايان تىللارى ئىرىمەيدۇ،
تورغاي خاننى دەردىدە جىگەر كاۋاپ.

---

ئىزاھاتلار:

① بەزىلەرنىڭ كەينىدىن سۆز - چۆچەك قىلىپ غاجاشلىرىدىن جۇدەپ ئۇستىخان بولۇپ قالدىم، دېمەكچى. — رەتلىگۈچىدىن.
② كامپاشى — قۇمۇش پۆپۈكى.
③ لىققادايدۇ — لىغىرلايدۇ.
④ لوپنۇرلۇقلار چىلەكنى يەردە قويماي قوزۇققا ئاغامچا ياكى سىم ئارقىلىق ئېسىپ قويىدۇ.
⑤ قوشۇق — قوشاق.
⑥ جەمە — پىتنە - پاسات، تاپا - تەنە.
⑦ پىلا — پىلە.
⑧ پەيپەي — يارىيارغا ئوخشايدىغان ياغاچ هارۋا.
⑨ قۇڭۇرچاق — ئاق تىكەن.
⑪ ئۇيۇيدۇ — مۇز قاتىدۇ.
⑫ جاڭىل — جاڭگال.
⑬ ئازسام — يايلىسام.
⑭ قۇۋزاق — جاي ئىسمى.
⑮ ئۇنايمۇسەن — ئويلامسەن، يار ئىستەمسەن، ئەسلەمسەن.

---

(بېشى 112 - بەتتە)

ۋە نېگىرلار»، شى شۇاڭفاڭ (ئۇيغۇرچە).
«يىپەك يولى ۋە كوسەن تارىخىي مەدەنىيىتى»، سۇ بىخەي (خەنزۇچە).
«قەدىمكى جەمئىيەت»، مورگان (ئۇيغۇرچە).
«خەننامە»، بەن گو (ئۇيغۇرچە).
«كېيىنكى خەننامە»، فەن يې، سىما بىياۋ (ئۇيغۇرچە).
«بۇلاق» 1999 - يىللىق 4 - سان.
«غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش - يۆتكىلىشلىرىدىن ئەينى چاغدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە نەزەر»، ئابلەت نۇردۇن «جۇڭگو ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىي تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» ناملىق ئەسەردە ئېلان قىلىنغان ماقالە.

# هايات بېغى

## ل. بات

(ئەلىشىر نەۋائى توغرىسىدا پوۋېست)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جېلىل مۇھەممەت

## هۇسەيىنىنىڭ مەرۋىگە كېلىشى

بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە سۇلتان هۇسەيىن پۈتۈنلەي باشقىچە ياشىدى. ئۇ هاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىشقا ئىنتىلىۋاتاتتى.

بابۇر ۋاپات بولۇپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەرۋە شەھىرىنىڭ ئاھالىسى كوچىلاردىن چېپىپ ئۆتۈپ، مىرزا سەنجەرنىڭ سارىيى ئالدىغا كېلىپ توختىغان بىر توپ ئاتلىقلارنى كۆرۈشتى. ئاتلىقلارنىڭ ئالدىدا چىرايىدىن قەتئىيلىك ۋە جىددىيلىك ئالامىتى چىقىپ تۇرغان ياش يىگىت كېتىپ باراتتى؛ ئۇ، گويا ئۆز قول ئاستىدىكى يەرلەرگە قارىغاندەك، ئەتراپىغا ئاچچىقى بىلەن هۆكۈمرانلارچە قارايتتى. سارايغا كىرىدىغان چوڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئۇ ئاتلىقلاردىن بىرىگە دەرۋازىنى تاقىلدىتىشقا بۇيرۇق بەردى. ئىشىكلەر خېلىــغــىچە ئېچىلمىدى. ئىشىك ئالدىدا ئەگرى قىلىچلار بىلەن قوراللانغان ساقچىلار تۇراتتى. كەلگەن ئادەم غەزەپتىن ئاچچىقلاندى، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇپ، قەتئىيلىك بىلەن:

— مىرزا سەنجەرگە مەلۇم قىلىڭلار، سۇلتان هۇسەيىن ئۇنىڭ ئالدىغا ئاتلىقلار بىلەن كەلدى ۋە ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرماقچى. يەنە شۇنداق دەڭلار: مەن سۇلتان ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ ۋاپات قىلغانلىقى توغرىسىدىكى قايغۇلۇق خەۋەرنى ئېلىپ كەلدىم، — دېدى.

بۇ سۆزلەر سارايغا ھەش - پەش دېگۈچىلا تارقالدى. مىرزا سەنجەر ھەممە ئاتلىقلارنى هۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلىشقا، سۇلتان هۇسەيىننى بولسا ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇق بەردى.

— ئائىلە تاۋابىئاتلىرىڭىز سالامەت بولسۇن! — دەپ هۆرمەت بىلەن، ئەمما ئۆز قەدىر - قىممىتىنى ساقلىغان ھالدا مىرزا سەنجەرگە سالام بەردى سۇلتان هۇسەيىن.

ئۇ ئۈچ قېتىم تىزلىنىپ ئېگىلدى. سەنجەرمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېگىلىپ سالام بەردى. ئادەت بويىچە سۇلتان هۇسەيىن ئارقىغا داجىپ، يەنە تىزلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، مىرزا ئۇنىڭغا قولىنى سۇندى ۋە تۆرگە تەكلىپ قىلدى.

— جايىغا يەتكەن يولۇچى ئالدى بىلەن غىزالىنىۋېلىشى كېرەك، مەشھەتتىن بۇ يەرگىچە بولغان ئارىلىق يېقىن ئەمەس. مەرۋىگە ماڭغانلارنىڭ كۆپلىرى ئۇ يولدىن ئادىشىپ كەتكەن.

— ئالدىغا قويغان مەقسىتى ئۇچۇق ئادەم ئاداشمايدۇ. مەن بۇ يەرگە تاماشا ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

ئات چىپىپ كەلگىنىم يوق. ناھايىتى مۇھىم ئىشلار بار. ھاكىمىيەتنى قولغان مەھكەم ئېلىش كېرەك. رەھمەتلىك سۇلتان، ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن، ئون بىر ياشلىق ئوغلى شاھ مەھمۇتنى ۋارىسلىققا قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ نامىدىن بۇيرۇق بېرىدىغان ئەر كىم بولىدۇ؟

سەنجەرنىڭ تولۇق كەلگەن يۈزىگە قان يۈگۈردى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قارا ساقىلى تېخىمۇ ئېنىقراق بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ قوللىرى بىلەن يۈزى ۋە ساقىلىنى سىلاپ قويىدى - دە، يەنە خاتىرجەم بولۇپ:

ــ مېنىڭ تىرىكلىكىمدە ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مەرۋە، ماكان ۋە جام مېنىڭ يەرلىرىم. مەن ھۆكۈمران، ھېچكىم مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىۋالمايدۇ، - دېدى.

ھۇسەيىنىنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى پەيدا بولدى، ئەمما ئۇ بۇنى دەررۇ يوقاتتى - دە، مەككارلىق بىلەن:

ــ تەخت تالاشقۇچى بار، بۇ ــ بايسۇنخۇرنىڭ نەۋرىسى سۇلتان ئىبراھىم. توغرا، بابۇرنىڭ ۋاقتىدا ئۇ قاماقخانىدا ئىدى، ئەمما ھازىر، ئېھتىمال، قەددىنى راستلىغاندۇر، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ پۈتۈن ئۇرۇق - توغقانلىرىمۇ قوشۇلغاندۇر، چىل بۆرىلەر! ــ دېدى.

سۇلتان ھۇسەيىنىنىڭ كۆزلىرى غەزەپلەنگەنلىكىدىن چاقناپ كەتتى، مىرزا سەنجەر بولسا ئۆز ئىززىتىنى يوقاتقان ھالدا، قوللىرىنى سىلكىدى ــ دە:

ــ قولۇمدا بىر نەپەر ئاتلىق ئادىمىم ۋە بىر دانە قىلىچىم بولىدىكەن ھېچكىمگە بويسۇنمايمەن! - دېدى.

خىزمەتكارلار يوغان بىر تاۋاقتا تاماق ئېلىپ كىرىشتى. سەنجەر ئۆزىنىڭ مېھماندوستلۇقىي بىلەن نام چىقارغانىدى. قولىغا ئۇزۇن تېرە پەلەي كىيىۋالغان داستىخانچى قوي گۆشىنى بۆلۈشكە باشلىدى. تاماق ئۈستىدە ئۆي ئىگىسى ۋە مېھمان ئۆزلىرىنىڭ مەقسەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەشتى. ئۇلارنىڭ پىلانلىرى بىر - بىرىنىڭكىگە توغرا كېلەتتى. سۇلتان ھۇسەيىن ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ شېرىكلىرىنى مىرزا سەنجەرنىڭ ئىختىيارىغا ئىشىنىپ تاپشۇردى. ئۇلار بىرلىشىپ، ھاكىمىيەتنى بىرلىكتە ساقلاپ قېلىشنى قارار قىلىشتى.

ــ بىزنى يېقىنلاشتۇرغۇچى ئالاقىلار قانچىلىك كۆپ بولسا، دوستلىقىمىز شۇنچىلىك مۇستەھكەم بولىدۇ، ــ دېدى بىردىنلا سىرلىق يوسۇندا مىرزا سەنجەر، ــ سەن مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرىسەن. بىزلەر تېمۇر ئەۋلادىدىن چىققان مېھمانغا ھۆرمەت ئېھتىرام بىلەن قارايمىز. ئۆينىڭ ۋە داستىخاننىڭ ئەڭ تۆرى شۇنىڭكى. سەن، ئېھتىمال، ئالدىراشلىقتا يېتەرلىك ئۈستىۋاش ئېلىپ كەلمىگەندۇرسەن.

مىرزا سەنجەر خىزمەتكارىغا يىپەك چاپان ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇق بەردى. بۇيرۇق دەررۇ ئورۇنلاندى. ئېسىل سوۋغىنى كۆرگەندە ھۇسەيىنىنىڭ يۈزىدە باللارغا خاس خۇشاللىق ئالامىتى پەيدا بولدى. ئۇ چاققان ھەرىكەت قىلىپ سوۋغىنى ئالدى ــ دە، ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

ــ ئەمدى بېرىپ دېمىڭنى ئال، خىزمەتكارلار سېنىڭ ياتاقخاناڭنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مىرزا سەنجەر چاۋاك چېلىۋىدى، خۇددى يەرنىڭ تېگىدىن چىققاندەك، دەررۇلا ئېگىز بويلۇق ئىككى يىگىت پەيدا بولدى. ئۇلار ئاۋاز چىقارماستىن مېڭىشقا ھەرىكەت قىلىپ، ھۇسەيىننى ناھايىتى چىرايلىق بېزىتىلگەن نۇرغۇنلىغان خانىلارنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ ئۆتۈشتى. گىلەم بىلەن توسالغان بىر خانىدىن خوتۇنلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بىردىن كىمدۇر ئېغىر گىلەمنى كۆتۈردى ۋە ھاۋارەڭ رومالغا ئورالغان بىر قىزنىڭ بېشى كۆرۈندى. قىز بۇغداي ئۆڭلۈك بولۇپ، قۇلاق ۋە بويۇنلىرىغا قىممەتلىك تاشلارنى ئېسىۋالغانىدى، گۈللۈك بېزەكلەر، مەرۋايىتلار قىزنىڭ مەيدىسىنى توسۇپ تۇراتتى.

سۇلتان ھۇسەيىن بىر مىنۇتچە توختىدى. ئۇنىڭ كىچىك كۆزلىرى قىزنىڭ يوغان كۆك كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

— ۋاي! — دەپ ۋارقىرىدى قىز ۋە گىلەمنى چۆشۈرۈۋەتتى.

## تويي

سۇلتان ھۇسەيىن توغرىسىدا مىرزا سەنجەرنىڭ ئۆز پىلانلىرى بارىدى. بۇ تەجرىبىلىك ئادەم ھۇسەيىننىڭ كەلگۈسىدە چوڭ ھەربىي باشلىق بولۇدىغانلىقىنى بايقىدى. بۇنى ئۇنىڭ قەتئىي ئاۋازى، جۈرئەتلىك نۇتقى، جىسمانىي كۈچلۈكلۈكى ۋە چاققان ھەرىكەتلىرى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇراتتى. «ئۇ ھەقىقىي تىمۇرىي»، — دەپ ئويلىدى مىرزا سەنجەر ۋە ھۇسەيىنگە ئۆزىنىڭ ئون بەش ياشلىق قىزى بىكەنى بېرىشنى قارار قىلدى.

«بۇ نىكاھ بىزنىڭ ئىتتىپاقىمىزنى مۇستەھكەملەيدۇ، — دەپ ئويلىدى سەنجەر — ئۇلارنىڭ تۇنجى بالىسىنى مەن ئۆز ھاكىملىقىمنىڭ ۋارىسى قىلىمەن. پۈتۈن خوراسان يەرلىرى بىزنىڭ قول ئاستىمىزدا بىرلىشىدۇ».

شۆھرەتپەرەس سەنجەر كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغ غەلىبىلەر مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

ئۆيلىنىش توغرىسىدىكى سۆھبەت ھۇسەيىن مەرۋىگە كېلىپ بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بولدى.

ھۇسەيىن ئېگىز جايغا ياسالغان كەپتەر خانىغا چىقىپ، ئۆزۈن قومۇش بىلەن كەپتەرلەرنى ئۇچۇراتتى. ئۇ بۇ ئويۇننى ياخشى كۆرەتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى شۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىناتتى. كۆكۈش، ئاچ قىزىل، ئاپئاق كەپتەرلەر ئوچۇق، ساپ ھاۋادا قانات قېقىپ پەرۋاز قىلاتتى. ئەمما ئۇلار قانچىلىك ئېگىز ئۇچسىمۇن بەربىر دائىم ئۆز جايىغا قايتىپ كېلەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھۇسەيىننىڭ ياخشى كۆرۈدىغان كەپتەرلىرىمۇ بارئىدى. ئۇ پوكىنى ئالا، يوغان بىر كەپتەرنى ھەممىدىن ياخشى كۆرەتتى. ھۇسەيىن ئۇنى مېھرىبانلىق بىلەن قولىغا ئالاتتى، ياكى بولمىسا ئۇنى قولىغا لاچىندەك قوندۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ چىرايلىق بېشىغا ۋە ئاجايىب پەيلىرىگە قىزىقىپ قارايتتى. كېيىن، قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ، كەپتەرنى ئۇچۇرۇۋېتەتتى، كەپتەر بولسا ئىگىسىنىڭ دەل بېشى ئۈستىدە ئايلىنىپ ئۇچاتتى.

مىرزا سەنجەر مېھماننىڭ بۇ ئىشىغا ئۇزاق ۋاقىت دىققەت بىلەن نەزەر سېلىپ يۈردى. ۋە ئاخىر ئۇنى چاقىرتىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

سۇلتان ھۇسەيىن مۇناردىن ئېرىنچەكلىك بىلەن چۈشتى. ئۇ ئۆزى تېخى زېرىكمىگەن ھەر قانداق ئىشنى ئەنە شۇنداق كۆزى قىيىمىغاندەك ئالدىرىماي توختىتاتتى. لېكىن، سۆھبەت ئۇ كۈتكەندىن قىزىقراق بولۇپ چىقتى. ئۇ كەلگەن كۈنى سارايدا كۆرۈنگەن قىز دەررۇ ئۇنىڭ يادىغا چۈشتى، ئەنە شۇنىڭ ئۆزى بىكە بولسا كېرەك. ھۇسەيىن ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئويىنتىپ قارىغانلىقىنى ئەسلىدى ۋە مىرزا سەنجەرنىڭ تەكلىپى ئۇنى ناھايىتى قىزىقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا يېگى قېرىنداشلىق ھەقىقەتەنمۇ ھاكىمىيەت ئۈچۈن كۆرەشتە چوڭ پايدا بېرىشى مۇمكىن ئىدى.

سەنجەر بىلەن ھۇسەيىن دەررۇ كېلىشتى. تويىنى رامىزاندىن كېيىنلا ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلىشتى. بىكەنىڭ ئوبرازى يىگىتنىڭ يۈرىكىگە مۇستەھكەم ئورناشتى. ئەمدى ھۇسەيىن شېئىر يېزىشقا باشلىدى. ئۇ ئەلىشىر بىلەن مۇسابىقە قىلىپ ھەر كۈنى بىر نەچچىدىن بېيىت يازغان چاغلىرىنى ئەسلىدى. ئەلىشىر پات - پاتلا ئۇنىڭ بېيىتلىرىنى ماختايتتى.

«ماڭا ھەممىدىن كۆپرەك مېنىڭ ئەلىشىرىم كەملىك قىلىپ تۇرۇدۇ»، — دەپ ئويلايتتى ھۇسەيىن پات - پاتلا.

ئەمدى ئۇنىڭ كۈنىنىڭ ھەر سائىتى دېگۇدەك بېيىت يېزىش بىلەن ئۆتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كۆپىنچە سۆيۈملۈكىنىڭ كۆزلىرى، ئۇنىڭ نازۇك قوللىرى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش خۇشاللىقى توغرىسىدا يازاتتى. بۇ نەرسە ئۇنىڭ كەپتەرلەرنىڭ ئۇچۇشىغا بۇرۇنقىدەكلا زوقلىنىپ قارىشىغا، قوچقار سوقۇشتۇرۇپ ئوينىشىغا، يىگىتلەر بىلەن

مۇسابىقە قىلىپ ئات چېپىشىغا كاشىلا قىلمايتتى. ياش ھۇسەيىن ھەممىلا نەرسىنى قىلىشقا ئۈلگۈرەتتى.

توي كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى. مەرۋە بۇنداق تەنتەننى تېخى كۆرمىگەنىدى. بۇ تويغا پۈتۈن شەھەر خەلقى قاتناشتى. نويدىن بىر كۈن ئاۋۋال بارلىق ئەمىرلەرگە، قازىلارغا ۋە تۆرىلەرگە ھۆرمەت تونلىرى ئەۋەتىلدى. ئۇلار مانا شۇ كىيىملەرنى كىيىشىپ توي مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ئەتىگەندىلا ساراي خوتۇنلىرىنىڭ ھەممىسى كېلىنىنىڭ خانىسىغا توپلىنىشتى. ئۇلار قايغۇلۇق ناخشىلارنى ئېيتىپ تۇرۇپ بىكەنى ياساندۇرۇشتى. كېلىن خاپا بولغان كىشىدەك ئولتۇراتتى، لېكىن ئىچىدە خۇشال ئىدى. بۈگۈن ئۆزىنىڭ ئېرى بولىدىغان يىگىتكە چالا - بۇلا كۆزى چۈشۈپ قالغانلىقى مىرزا قىزنىڭمۇ ئېسىدە ئىدى. يىگىتنىڭ قارا كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قارىغانلىقىمۇ قىزنىڭ يادىدا ئىدى. قىزنىڭ دائىم ئارزۇ قىلىدىغان ئادىمى خۇددى شۇ يىگىتنىڭ ئۆزى ئىدى. ئەمما ئادەت بويىچە كېلىنىنىڭ قايغۇلۇق كۆرۈنۈشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىكە قايغۇرغاندەك بولۇپ ئولتۇراتتى.

توي مېلى ۋە قىممەتلىك بۇيۇملار كەلتۈرۈلگەن چاغدىلا قىزنىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق ئالامىتى پەيدا بولدى. مەرۋىنىڭ ئەڭ ئۇستا كەشتىچىلىرى قىزغۇچ يىپەك كۆينەككە كەشتە تىكىشكەنىدى. كىچىك تۈفلىلارنىمۇ ئەنە شۇنداق ئۇستا ئاياللار تىككەنىدى. پەي ئىچىگە ئېلىنىپ قىزغۇچ رومالغا قادالغان كۆكۈش ئالماس پىلدىرلاپ تۇراتتى. پارسلارنىڭ سېرىق برونزىسى كېلىنىنىڭ بويىنى بىلەن كۆكرىكىنى بېزەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىلەكلىرىگە ھەر بىرى مىڭ كېپەك دىنار تۇرىدىغان بىلەيزۈكلەر سېلىنغانىدى. بىكەگە كىيگۈزۈلگەن بۇ قىممەتلىك بېزەكلەر ئېغىر بولسىمۇ، ئۇ ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقىنى سەزمەيتتى ۋە ئۆي ئىچىدە ناھايىتى يېنىك مېڭىپ يۈرەتتى.

تەييارلىق ئىشلىرى كۈيئوغۇلنىڭ ئۆيىدىمۇ بولۇۋاتاتتى.

گىلەملەر سېلىنغان چوڭ خانىنىڭ بۇلۇڭىدا، ياستۇقلار ئېگىز قىلىپ تەقلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئۈستىگە ھۇسەيىننى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشقانىدى. سوۋغا بېرىشلەر باشلاندى. مىرزا سەنجەر كۈيئوغلىغا ئەرەب يورغىسى ۋە سېپى ياقۇتلار ھەم برونزىلار بىلەن بېزىتىلگەن، دەمەشق پولاتىدىن قىلىنغان قىلىچنى سوۋغا قىلدى. مىرزىنىڭ يېقىنلىرى ۋە قېرىنداشلىرى نۇرغۇنلىغان كىيىملەر ۋە قاچا - قۇمۇچلارنى ئېلىپ كېلىشتى.

ھۇسەيىن بولسا سەنجەرنىڭ ئالدىغا قۇرۇقلا كەلگەنىدى. ياش كۈچ، جەڭگىۋار روھ ۋە توپ - توپ ئاتلىقلار — ئۇنىڭ مەرۋە ھاكىمىغا قىلغان سوۋغىسى پەقەت مانا شۇلا ئىدى. پەقەت بىردىن بىر قىممەت باھا نەرسە — بىر ۋاقىتلاردا تېمۇر ھىندىستاندىن ئېلىپ كەلگەن قىزغۇچ ياقۇت ھۇسەيىننىڭ پەخرى ئىدى. بۇ تاش ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۆتۈپ تۇراتتى. مانا شۇنى ھۇسەيىن بىكەگە سوۋغا قىلدى. بىكە سوۋغىنى كۆرۈشى بىلەنلا ئاھ دەۋەتتى ۋە ھەيران قالغانلىقىدىن بارمىقىنى چىشلىۋالدى.

بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى چۈشتەك بولۇپ ئۆتتى. بىكە ئۆزىنى چوڭ خانىغا ئېلىپ كىرگەنلىكىنى ۋە ئاق كەشمىر پەرىجە كىيگەن ئېگىز بويلۇق يىگىتنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ ماڭغانلىقىنىلا بىلەتتى. يۈزىنى نېپىز يىپەك رومال بىلەن يېپىۋالغان كېلىن يىگىتنىڭ يۈزىنى ئارانلا كۆرەلىدى، ئەمما ئۇ قىزغا ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈندى. مەرۋىنىڭ چوڭ موللىسى ئۇلارنى نىكاھ قىلدى. كېيىن ئۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا شاپتۇلا، ئەينۇلا ۋە تىيىنلارنى چېچىشقا باشلىدى. بىر ئاز دەم ئالغاندىن كېيىن يەنە شەھەرگىچە داۋام قىلغان توي مۇراسىمى باشلىنىپ كەتتى.

شۇ تەرىقىدە ئۇچ كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا بولدى[1].

① (بۇ پوۋېست يېقىندا نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن كىتاب قىلىنىپ نەشر قىلىنىدىغان بولغاچقا، ژۇرنىلىمىزدا مۇشۇ ساندىن باشلاپ توختىتىلدى).

# «گۈلزارى بىنىش» تىكى ناقىس ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار


## پەخرىددىن ئىمىن


يېقىنقى بىر قانچە مەزگىلدىن بۇيان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئائىت كۆپلىگەن ئەسەرلەر بايقىلىپ، كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بولسىمۇ، بىراق، بۇ ئەسەرلەر ئۈستىدىكى سىستېمىلىق تەتقىقاتنى تېخى يېتەرلىك دەرىجىدە دېگىلى بولمايدۇ. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان ناقىس ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتمۇ ئەنە شۇنداق ھالەتتە تۇرماقتا. ناقىس ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن ئىدىيىۋى ئىزچىللىق ۋە ئالاھىدە سەنئەت ئىزچىللىقىدىن باھالاپ قارىغاندا، ئۇنى (ناقىسنى) ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى پېشۋا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات دەۋرىدىن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى دەۋرىگە ئۆتۈش باسقۇچىدىكى بايراقدار، دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. شۇڭا ناقىس ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم بىر تېما. شۇنداقلا، بۇ يەنە شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئىجتىمائىي - سىياسىي ھاياتنى تەتقىق قىلىشتا، شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئاڭ ھادىسىلىرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ناقىس ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يورۇقلۇققا چىققىنى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز بىر قىسمىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناقىسنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرىلىق مەلۇمات بېرىلگەن ماتېرىياللارمۇ ناقىس ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشقا كۆپايە قىلمايدۇ. بەختكە يارىشا، ناقىسنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى «گۈلزارى بىنىش» بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەرنى مەلۇم دەرىجىدە تولۇقلاشتىكى مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە بىرىنچى قول ماتېرىيالدۇر.

«گۈلزارى بىنىش» داستانى تەبىئىي ھالدا ئىككى بۆلۈمگە ئايرىلغان بولۇپ، 1 - بۆلۈم باشلىنىش قىسمىدىن باشقا 8 ماۋزۇ ئاستىغا تىزىلغان. ئالدىنقى 7 ماۋزۇ ئاستىدا مۇئەييەن بىر خىل ئىدىيە يېتەكچىلىكىدىكى دىنىي، ئىلمىي مەسىلىلەر بايان قىلىنغان. 8 - ماۋزۇ ئاپتورنىڭ ئۆز ھاياتى سەرگۈزەشتىلىرىگە بېغىشلانغان. 2 - بۆلۈمنىڭ مەزمۇنى بولسا پۈتۈنلەي «باھار دانىش» ھېكايىلىرىنى ئاساس قىلغان.

1 - بۆلۈمنىڭ 8 - ماۋزۇسى ئاستىدا شائىر تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى «گۈلزارى بىنىش» نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھايات پائالىيەتلىرىنى بىر قەدەر كونكرېت ۋە ئىخچام تەسۋىرلەر بىلەن بايان قىلغان ھەم ئىجادىي ئىشلىرى ھەققىدە ئومۇملاشتۇرۇپ مەلۇمات بەرگەن. ئۆزىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىگە ياندىشتۇرۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي ھاياتى توغرىلىق خېلى ئىشەنچلىك ماتېرىياللارنى يېزىپ قالدۇرغان. «گۈلزارى بىنىش» نىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا ئائىت تەپسىلاتلارمۇ مۇشۇ ماۋزۇنىڭ ئىچىدە.

شائىر تۆۋەندىكى مىسرالار بىلەن ھايات داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچىدۇ:

كى تا كەلدىم جەھەنغە بەرادەر، دېدىم: «ۋاھەسرەتا!» فەرياد قىلدىم،
كۆرەر مەنكىم ھەمە غەمدۇر سەراسەر. يەراتقان خالىقىمغە داد قىلدىم.

ناقىس سۆزنى ئۆزى دۇنياغا كەلگەن دەۋردىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكلەردىن باشلاپ، بۇ خىل تەڭسىزلىكلەرنىڭ تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزىگە قويۇلغان ئىسمىنىڭ (سابىر ـ تاقەت قىلغۇچى دېگەن مەنىدە) ئۆزىنىڭ ئېسيانكار تەبىئىتىگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى مىسالغا ئېلىش ئارقىلىق، يۇقىرىدىكى سۆزىنىڭ تەسىرىنى ئاشۇرىدۇ ۋە ئۇنى ئىسپاتلايدۇ:

قويۇپ ئىرككەن مەڭا تۇغۇلغاندا ئات، ئاتىمدىن مۇمكىن ئىرمەسدۇر سەرى مو.
نە ئاتكىم مەندىن ئۇل ھەيھاتۇ ھەيھات!! جەھانكى بولسە مۇنداغ جانغە جابىر،
بەلى بولسە جەھاندا ئادەتىم بۇ، نە ئىمكاندۇر بۇ تەن بولماققە سابىر.

ھەقىقەت، شائىر دۇنياغا كەلگەن يىللاردا شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى، بولۇپمۇ قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن تۇراقسىز بولۇپ، 1830 ـ يىلىدىكى مەتيۇسۇپ خوجا يېغىلىقى تىنچىتىلغاندىن كېيىنكى 15 يىللىق مۇقىم ۋەزىيەت خەلققە ياخشىلىق ئېلىپ كەلمىدىلا ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئۇستىدىكى ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاتسىيە ۋە سىياسىي زۇلۇمنى ھەسسىلەپ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى، بولۇپمۇ خەلققە قارىتا باستۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، تۈپىلاڭچى خوجىلاردىن ئالالمىغان دەردىنى گۇناھسىز خەلقتىن ئالدى. نەتىجىدە خەلق بۇ 15 يىلنى ئەنسىزچىلىك ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتكۈزدى. 1847 ـ يىلىدىكى يەتتە خوجا يېغىلىقى بۇ 15 يىللىق مۇقىم ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا يېڭى تىنچسىزلىق ئېلىپ كەلدى. شائىر بۇ ۋاقىتتا تۆت ياشتا بولۇپ، بۇ قېتىمقى يېغىلىقنىڭ نەتىجىسىدە خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈلپەتلەر كىچىك سابىرنىڭ سەبىي قەلبىگە قاتتىق تەسىر قىلدى. چۈنكى يەتتە خوجىغا ئەگىشىپ يۇرت ماكانىنى تاشلاپ ماڭغان ئىككى يۈز مىڭ بىگۇناھ پۇقرا تاغ ـ داۋانلاردا توڭلاپ، پۈتۈنلەي نابۇت بولغان بولسا، چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى خوجىلارنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، خوجىلار تەرىپىدىن مالىماتاڭ قىلىۋېتىلگەن ئىش تەرتىپلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، خەلققە قارىتا ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمنى بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچەيتتى. پۇقرالار قورقۇنچاق خوجىلارنىڭ ئەسكىلىكلىرى ئۈچۈن ئىككى قولىغا ۋە ئاغزىنە مال ـ مۈلكىگە تايىنىپ ئېغىر بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. خەلق جان قايغۇسىدا قاتتىق تېپىرلىدى. مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي مۇھىت شارائىتىدا كەلگۈسى شائىرنىڭ ھايات سەپىرى باشلاندى:

ئەلاھەزا، ئەلاھەزا ئۆتۈپ يىل، تانۇپدۇرمەن ئوقۇپ ئاقۇ قارانى،
مېنى مەكتەپكە بەرمىشدۇر ئىكەۋىل[①]. مۇئەددەبدىن ئاتام ئالىپ دۇئانى.
ئوقۇپمەن ئالتە يىل مەكتەپ ئىچىدە، بۇ زىنداندىن خەلاس ئەيلەپ ئۇشولدەم،
ئىچىپ سۇ بىرلە ئاش، نان يەپ ئىچىدە. بېرىپدۇر مەدرەسەگە ـ مەئدەنى غەم.

كىچىك سابىر يېشىغا يەتكەندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى مەكتەپكە بېرىدۇ، ئالتە يىللىق باشلانغۇچ تەربىيىدىن كېيىن، شۇ زاماننىڭ ئادەت ـ قائىدىسى بويىچە ئاتىسى سابىرنىڭ ئۇستازىدىن دۇئا ئېلىپ، ئۇنى مەدرىسكە ئوقۇشقا بېرىدۇ. كېيىنكى ئىككى

مىسرادا شائىر شۇ دەۋر جەمئىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان مەكتەپ ۋە مەدرىسىنىڭ مۇھىت ـ قىياپىتىنى «زىندان» ۋە «غەم مەنبەسى» دېگەن ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن تولۇق سۈپەتلەپ كۆرسەتكەن. چۈنكى ئەينى ۋاقىتلاردىكى مەكتەپ ۋە مەدرىسلەر شۇ دەۋر جەمئىيىتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى بولۇپ، خۇددى جەمئىيەتتىكىگە ئوخشاش، ئۇ يەرلەردىمۇ «زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ» ئىدى. دېمەك، شائىر بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتنى كۆزىتىشكە باشلىغان ۋە بۇ ھەقتە مۇئەييەن چۈشەنچە ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭدا بىر خىل بۇرۇقتۇملۇق، نارازىلىق كەيپىياتى پەيدا بولۇشقا باشلىغان. بۇ ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىغا ۋە كىشىلىك قارىشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. مۇشۇنداق ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە سابىر ياشلىق دەۋرگە قەدەم قويغان، تەبىئىكى، ئۇنىڭدىمۇ ياشلىقنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان. شۇنداق قىلىپ ئۇ، بىر مەزگىللىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنىمۇ بېشىدىن كەچۈرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، مەدرىستىكى ئابستراكت نەزەرىيىۋى تەلىماتلار ۋە ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان تار رامكىلىق تۇرمۇش، زېھنى ئۆتكۈر ھەم ھەممىگە قىزىقىپ، ھەممىدىن جاۋاب ئىزلەيدىغان ياش سابىرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرالمىدى ۋە ئىزلىگەنلىرىگە جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن دىنىي نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى تەھلىل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن دىنىي ئەھكاملارنىڭ قاتتىق چەكلىمىسىگە خىلاپ بولغان مۇھەببەت بابىدىن «ئەمەلىي مەشغۇلات» ئېلىپ بارىدۇ. ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى كەچۈرمىشلىرىنى شائىر ناھايىتى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇنداق كومىدىيىلىك تۈسكە ئىگە مىسرالار ئارقىلىق بايان قىلىدۇ:

ئوقۇپ «كافىيە» يەتكەچ «شەرھى موللا»،
بولۇپمەن بىر پەرى ھۆسنىگە شەيدا.
بۇ بولغاچ كۆڭلۈمە ئەقىل كېتىپدۇر،
كى يەئنى ئول پەرى تاراج ئېتىپدۇر.
ئۆتۈبدۇر ئالتە يىل بۇ شىۋە بىرلە،
ئاغىز تاتلىق قىلىپ ئول مېۋە بىرلە.

مۇنىڭ كۆڭلىن ئالۇرمەن دەپ مەنى زار،
قىلىپمەن ھۇجرەدە دۇتارۇ سىتار.
گەھى تەييار قىلىپ جىنسىي تەئەننۇم،
گەھى پەيدا قىلىپ نەۋھى تەرەننۇم.
تۈگەپدۇر «شەرھى موللا» بۇ ھەۋەستە،
داغى كۆڭلۈم قۇشى ئېرمىش قەفەستە.

بۇ مىسرالاردا دىققەتكە سازاۋەر مەزمۇنلار شۇكى، شائىر مۇشۇ مۇھەببەت ئەمەلىيىتى جەريانىدىن بىر مۇنچە قىممەتلىك نەرسىلەرگە ئىگە بولغان. ئۇ بولىسىمۇ ئۇنىڭ بىۋاستە مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى شائىرنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدىكى شېئىرلىرىدىكى چىن ھېسسىياتنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالغان. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ جەرياندا شائىر سەنئەت ساھەسىدە، توغرىراقى ناخشا ـ مۇزىكا ساھەسىدە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، بەلكى زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى سەنئەتكارى ۋە مۇقامچىسى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ «دىۋانى ناقىس» دىكى ئون ئىككى مۇقامغا ئائىت غەزەللىرى كۈچلۈك ئەستىقلايدۇ. بۇ غەزەللەردىن ناقىسنىڭ ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. شائىر يۇقىرىدىكى مىسرالارنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق، شۇ دەۋردىكى مەدرىس ھاياتىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى قاراڭغۇ ۋە يوشۇرۇن تەرىپىنىمۇ ئەينەن ئېچىپ كۆرسىتىدۇ.

چىقىپدۇر يەتە، سەكىز، توقۇز ئەھباب[4]،
لىباسى خوبۇ ئەمما غەيرى تۇللاب[5].
قوشۇلمىشمەن بۇلەرگە ئەرتە ـ ئاخشام،
ئۆزۈم نادان، ئوقۇغان ئىلىم ھەم خام.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بۇ خام بولغاچ چىقىپمەن تاشقارىغە،
ئۇلەر بىرلە بارىپمەن ھەر سارىغە.
بارىپ مەيدانغا نەشە چەكسە گاھى،
چېكىپمەن مەنمۇ ھەم بىلمەيكى ماھى [4].
ئۆتۈپدۇر بۇ بىرلە ئۈچ يىل ئارادىن...
..............................................

ھەقىقەتەن بۇنداق مەدرىسلەر گەرچە ئىسلام ئۆلۇمالىرىنى تاۋلاپ چىقىدىغان ئوچاق بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۆلىما ۋە بولغۇسى ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىسلام شەرىئىتىگە مۇخالىپ ئەمەللەرمۇ سادىر بولۇپ تۇراتتى. ئەمما، شائىرنىڭ ئەھبابلىرى بىلەن «تاشقارىغا» چىقىپ «ھەر سارىغە» بېرىپ ئىشتىراك قىلغان بۇ ئىشلىرى ئۇنىڭغا سەلبى ساۋاق بولغان ھەم ئۇنى مول ئەمەلىي بىلىملەر بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن بىر قىسىم بىلىم ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن.
سابىرىنىڭ مەدرىس ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلىرىگە توغرا كەلگەن. شائىر بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ:

ئىكەن ئول چاغ بۇ يەرلەر دارى ئىسلام، ئاتى سۇلتانلەرنىڭ ئېردى يەئقۇپ،
دىيار ئەھلىمۇ ھەم ئىسلامغە رام. شەرىئەت پىشەۋۇ شەھلىققە مەرغۇب.

گەرچە بۇ «ئىسلام دۇنياسى» (دارى ئىسلام) «مۇسۇلمان ئاباد» دەۋرى دېيىلسىمۇ، لېكىن بۇ خىل سۈپەتلەش ياقۇپبەگ جەمئىيىتىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تولۇق سۈرەتلەپ بېرەلمەيتتى. چۈنكى ياقۇپبەگ «يەتتە شەھەر خانلىقى» نى قۇرغاندىن كېيىن خەلقنىڭ رايىنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن، خەلقنىڭ ساددا دىنىي ئېتىقادىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئىشنى ئاۋۋال مۇسۇلمانچىلىقنى «روناق» تاپقۇزۇشتىن باشلىغان ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈرۈنۈشىنى ئىسلام يوسۇنىغا مۇۋاپىق تەرتىپكە سالدى. جەمئىيەتتە ئىسلام شەرىئىتىنى بارلىق ئىشلارنىڭ مىزانى قىلدى. ئاندىن مەسجىت - خانىقاھ، مازارۇ گۈزەرلەرنى رېمونت قىلىپ ۋە قايتا قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ «ئىسلامنىڭ ھامىيسى» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مەكتەپ، مەدرىسە، خانىقا، دەرۋىشخانىلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۆلەك بولۇپ، ئۇ يەردىكىلەرنى ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئالدى. چۈنكى جەمئىيەتنىڭ بۇ تەبىقىسى بىر ئاز سىياسىي تۈس ئالغان ۋە پائالىيەتچان، جەمئىيەتنىڭ باشقا قاتلاملىرىغا ئۆز تەسىرىنى ئاسان ئۆتكۈزەلەيدىغان كىشىلەر ئىدى. نەتىجىدە ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى، شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر مۇنچە كىشىلەر تەرىپىدىن شائىر ئېيتقاندەك «شەرىئەت پىشە» (شەرىئەتپەرۋەر) «شەھلىققە مەرغۇب» (پادىشاھلىققا لايىق) سۇلتان دەپ تەرىپلەندى. بولۇپمۇ مەدرىس، خانىقاھ ئەھلى ياقۇپبەگدىن خېلى مەمنۇن ئىدى. چۈنكى ياقۇپبەگنىڭ «شەرىئەتپەرۋەر» لىكى نەتىجىسىدە بۇ كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشى داستاندا دېيىلگەندەك:

زەمانە كەڭرۇلۇك، نېئمەت فەراۋان،
كىمەرسە يوق ئېردى كۆڭلى فەرىشان.

ھالىتىدە ئۆتەتتى. لېكىن سابىر قانداقلا بولمىسۇن تېخى مەدرىسنىڭ ياش تەلەبىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، پائالىيەت دائىرىسى چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ

ھەققىي ئەھۋالىنى ئېنىق تونۇتۇش، بىلىش ۋە چۈشىنىشنىڭ ئاجىزلىقى. ھالبۇكى، ياقۇپبەگ دەۋرىدىمۇ پۈتكۈل جەمئىيەت بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا قەدەر ھەر خىل ناھەقچىلىق ۋە خىلمۇ - خىل ئىللەتلەر بىلەن تولۇپ - تاشقان ئىدى. يولۇپمۇ ئىجتىمائىي مەنىۋى ھايات ئېنىقمۇ چۈشكۈنلۈككە يۈزلىنىپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىجتىمائىي ئەخلاقمۇ يەتكۈچە بۇزۇلغان ئىدى. مەسىلەن، شائىرنىڭ:

مەگەر چەكمەك تاماكۇ، ناسبۇ ھەم، ئۇلەرغە مەشرەپ ئەيلەپ دەۋر سۈرمەك.
داغى مەئجۇن ئارا ئەفيۇن قىلىپ زەم. داغى شەترەنج ئىلە كاغەز قىمارى،
يەنە خۇشرەۋ ئوغۇللار بىرلە يۈرمەك، چاپىقۇ بۆرى قوي بىرلە قاتارى.

دېگىنىدەك، ئەفيۇنكەشلىك، قىمارۋازلىق، زىناخورلۇق، بەچچىۋازلىققا ئوخشاش پاسىق ئىشلار ھەممە يەردە ئەۋج ئالغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە، ياقۇپبەگنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى قوشۇلۇپ خەلقنىڭ بولۇپمۇ تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىنىڭ دەردى ئېشىپ، ھالى خارابلىشىپ كەتكەن ئىدى. شائىر داستاندا، كىشىلەر تەرىپىدىن «مىرزام» دەپ ئاتىلىدىغان، ياقۇپبەگنىڭ يېڭىساردىكى زالىم ھاكىمى توغرىسىدىكى ئىنچام تەسۋىرلەر ئارقىلىق، ئاۋام خەلقنىڭ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ھەققىدىكى ئومۇمىي ھېسسىياتىنى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ھاكىمىيەتتىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىغا بولغان قارشىنى ئەپچىللىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

سابىر مەدرىستە ئوقۇۋاتقان ۋە بۇرۇختۇملۇقتىن مەستلىكنى ئەۋزەل بىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە دەل ئاشۇ زالىم ھاكىم (مىرزام) تەرىپىدىن مەجبۇرىي ھالدا ئەسكەرلىككە (سىپاھلىققا) تۇتۇۋېلىنىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى:

كېلىپدۇر بىر بەلا نازىر خۇدادىن،

دېگەندەك ئىش بولىدۇ. شائىر ئەسكەرلىكتە تۇرغان مەزگىلدىكى ھال - ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

بۇ يەردە ئىكى يىل قىلدىم سىپەھلىك،
ھەمە قىلغان ئىشىم ئېردى تەبەھلىك.
تولا چەكتىم جەفاۋۇ جەبرى بىھەد،
ئوقۇشنىڭ يولىغا باغلاندى بىر سەد.
.................................
قۇتۇلدۇمەن ئانىڭدىن ئەسىرۇ ئاسان،
ۋە لېكىن قالغان ئېردى ئەندەكى جان.

سابىر ئەسكەرلىكتىن قۇتۇلۇپ، ئۈزۈلۈپ قالغان ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، يېڭىساردىن قەشقەرگە كېتىدۇ ۋە ئۇ يەردە، ئاپاق خوجام مازىرى يېنىدىكى خانىقاھتا، بۇخارالىق «ئالىي كارامەت ئىگىسى» موللا ئىنايەتتىن تەلىم ئالىدۇ. خانىقاھتا سابىر ئىسلام ئەقىدىلىرىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىدۇ، بەلكى، تەسەۋۋۇپقا دائىر بىلىملەرنى ئاساسلىقراق تەھسىل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. مانا شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ شائىر تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، تەرىقەت يولىغا كىرگەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن. شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ ئۇنىڭ روھى دۇنياسىدا مەلۇم دەرىجىدە چۈشكۈنلۈك پەيدا بولۇپ، ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى بارلىققا

كېلىشكە باشلايدۇ. بۇنى ئۇنىڭ «ھايات ھەقىقەتلىرىنى ئىزلەش» يولىدا چىقىش يولى تاپالماي، تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ۋە ئىسپاتى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئالامەتلەر ئۇنىڭ دىنىي مەزمۇندىكى كۆپلىگەن غەزەللىرىدە روشەن ئەكس ئەتكەن. خانىقاھنىڭ ئىجتىمائىي مەنىۋى مۇھىتىنىڭ مەدرىسىنىڭكىدىن خاراب ئىكەنلىكى، شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى چۈشكۈنلۈكنىڭ ۋە تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقىنىڭ يەنە بىر ئوبيېكتىپ سەۋەبىدۇر. لېكىن شائىر ئۆزى ۋە ئۆزگە ئوخشاشلار تەرىپىدىن سادىر بولىۋاتقان بەزى نامۇۋاپىق ھادىسىلەرنى ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشەنمەيتتى ۋە چۈشەندۈرەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ بۇنى پەقەت «ھاماقەتلىكنىڭ نەتىجىسى» دەپ يازىتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. مەسىلەن:

يەنە پەيدا بولۇپدۇر بەش – ئون ھاماقەت،
دېدىلەر: «كىمدەدۇر بۇ ئىشقا تاقەت.
يۈرۈيلى بەئزى – بەئزى مەشرەپ ئويناپ،
قىلىلى كۆڭلۈمىزنى خۇش بەھرىباپ»
يەنە قويدۇم ھەۋەس بازارىغا يۈز،

ئاران تۇرغان كىشىگە ياقتى بۇ سۆز.
بۇ بازار ئىچرە يۈردۈم بىر يېرىم يىل،
كى بولماپدۇر ماڭا ھېچنەرسە ھاسىل.
مەگەر چەكمەك تاماكۇ، ناسىبۇ ھەم،
داغى مەئجۇن ئارا ئەفيۇن قىلىپ زەم......

خانىقاھتا يۈرگەن مەزگىللىرىدىمۇ سابىر باشقىلارنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن خانىقاھنىڭ سىرتىدىكى «ھەۋەس بازىرى» قايىنىمىغا خېلى چوڭقۇرلاپ كىرىپ كېتىدۇ. ئىچىملىك، چېكىملىك، ئىشقىۋازلىق ۋە قىمار قاتارلىق ئىللەتلەر بىلەن يۇقۇملىنىدۇ. لېكىن قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ «ھەۋەس بازىرى» شائىر ئۈچۈن يەنە بىر قېتىملىق ئەمەلىيەت جەھەتتىكى سەلبىي دەرىسخانا بولىدۇ. چوڭقۇر تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە سابىر ئۈچۈن خانىقاھتىكى ئەمەلىي ئېھتىياجنى ھۆددە قىلالمايدىغان تەلىم – تەربىيە ۋە پائالىيەت سورۇنى ئەلۋەتتە كۆپايە قىلالمايتتى. ئۇ ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈشى، سېلىشتۇرۇشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر خىل كىشىلەر ۋە ھەر خىل ئىشلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ، بىۋاسىتە ئەمەلىي تەسىراتقا ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلىپ، شائىر نەزەرىيىۋى تەتقىقات ۋە ئەمەلىي تەسىراتىنىڭ بىۋاسىتە مەھسۇلى سۈپىتىدە «گۈلزارى بىنىش» ۋە «دىۋانى ناقىس» قا ئوخشاش نادىر ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلىگۈدەك كۆپ تەرەپلىمىلىك بىلىم ۋە يۈكسەك تالانت — ماھارەت يېتىلدۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ.

1877 – يىلى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، قەشقەرنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىشغال قىلىدۇ. قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى بىر مەزگىل قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. شۇ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، شائىر خانىقاھتىكى تۇرمۇشى بىلەن خوشلىشىپ قەشقەرنى تاشلاپ، يۇرتى يېڭىسارغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يېڭىسارنىمۇ ئىگىلەپ، بۇ يەردە ئۆز ھاكىمىيىتىنى قايتا تىكلەيدۇ.

مۇشۇ يەرگىچە شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىنى يىل تەرتىپى بويىچە كونكرېت بايان قىلغان. شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا ئۇ تەخمىنەن 25 ياشلىرىدا خانىقاھغا كىرگەن بولىدۇ. ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندا بولسا، شائىر 34 ياشتا ئىدى (شائىرنىڭ 1843 – يىلى تۇغۇلغانلىقى ئىشەنچلىك بولسا). بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇنىڭ خانىقاھتا تۇرغان ۋاقتىنى بىر قەدەر ئۇزاق، يەنى توققۇز يىل ئەتراپىدا، دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ (شۇنداقلا، شائىر داستاندا ئۆزىنىڭ بۇ مەزگىل ئىچىدە باشقا جايدا، باشقا پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىنى تىلغا ئالمىغان). شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شائىردا سوفىزىمنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان.

سابىر يېڭىسارغا قايتىپ كېلىپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن (بىرەر يىلغا يەتمىگەن بولسا

كېرەك) چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى تەرىپىدىن ھاكىم مەھكىمىسىگە كاتىپلىققا (مىرزىلىققا) تەيىنلىنىدۇ. بۇ مەزمۇن داستاندا مۇنداق مىسرالار بىلەن بېرىلگەن:

پەقىرنى ئىستەتىپ تاپتۇردى بىركۈن،
دېدى: «مىرزا بولۇپ ئالدىمدا تۇرسۇن».
بولۇپ مىرزا ئانىڭغە ئىككى - ئۈچ يىل،
ھەرامغە قول، يەمان سۆزگە ئۇزاپ تىل،
ئەدەددىن تاشقارى بىپاك بولدۇم......

كېيىنكى ئىككى مىسرادا شائىر، يېڭىدىن تىكلەنگەن چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەبىتلىكتە ئىلگىرىكىدىن ئېشىپ چۈشكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش داۋامىدا بىۋاسىتە ھېس قىلغانلىرى ئاساسىدا يەكۈنلەپ، ئۆزىنىڭمۇ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ قول - چومىقى ۋە شېرىكىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ. ئۇ، كىچىككىنە ھاكىم مەھكىمىسىنىڭ مىرزىسى بولغان ئىككى - ئۈچ يىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بىپاك بولغانلىقىنى، يەنى، ئىپلاسلىقتا چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى مەقسەتلىك قەيت قىلىش ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، پۈتكۈل ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ ماھىيىتىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇنداق ناھەقچىلىقلارغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان سابىر كاتىپلىق خىزمىتىدىن ۋاز كېچىپ، بارلىق ئىشلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، رەسمىي ئىلمىي - ئىجادىي ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، ئىلىم ۋە ئىجادىيەتنى كەسىپ قىلىپ تاللايدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا شائىر تەخمىنەن 38 ياشلار ئەتراپىدا بولسا كېرەك، ئۇ ھەر جەھەتتىن خېلى ۋايىغا يېتىپ قالغان ئىدى.

يۇقىرىدىكىلەر ناقىسىنىڭ يېرىم ئۆمۈرلۈك ھاياتىنىڭ مۇھىم بىر قىسىم كۆرۈنۈشلىرى. شۇنىڭدىن كېيىن شائىر سۆزىنىڭ تېمىسىنى ھاياتىنىڭ يەنە بىر قىسمىغا ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئائىلىۋى تۇرمۇشى ۋە ئىلمىي مەشغۇلاتلىرى ئۈستىگە يۆتكەپ، بۇ مەزمۇنلارغا ئائىت ئىشلا توغرىسىدىمۇ خېلى مۇپەسسەل بايانلارنى يېزىپ قالدۇرغان:

بەيان ئەتكۈم يەنە بىر مۇنچە ھالىم،    ئىدىم گەرچە ئەل ئىچرە تۇرفە ئەششاق،
ئەگەرچە بولسىمۇ نۇقسى كەمالىم.    ۋەلى خەتكە ئېردىم بىر تەرزى مەششاق.
چۇ يوق ئېردى، ھۈنەر يا يەر، زېمىن باغ،    قىلىپ خەت ئۆتكەن ئېردىم روزگارىم،
قەشاقەتدىن ئېردى كۆڭلۈم ئارا داغ.    بېرىپ رىزقىمنى ئول پەرۋەردىگارىم.

يۇقىرىدىكىلەردىن قارىغاندا شائىرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولمىغان، ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغىچە ئىلكىدە ھېچقانداق مال - مۈلۈك بولمىغاچقا، كەمبەغەلچىلىكتىن قاتتىق سىقىلغان. ئۇنىڭ بىردىن - بىر بايلىقى قولىدىكى قەلىمى ۋە خەت پۈتۈشتىكى ئۈستۈن ماھارىتى بولۇپ، خەتتاتلىق (پۈتۈكچىلىك، كۆچۈرمىچىلىك) بىلەن تۇرمۇش تەۋرىتىپ ئۆتكەن.

ئائىلىۋى تۇرمۇشى ھەققىدە شائىر مۇنۇلارنى يازغان:

داغى ئالغان ئېردىم بىر مۇنچە خاتۇن،    قىلىپ كۆزۈمنى قان، ئەيلەپ جىگەر خۇن.

قىلۇر ئېردىم بۇلەرگە گەھى ئىتتىپاق، بولۇپ گەھى بۇ جاندىن تاقەتىم تاق.

ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. ئائىلىۋى تۇرمۇشتىمۇ بىر قانچە قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، ئاياللىرى ۋە باللىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئىككى ئوغلى ئۆلۈپ كەتكەن. زامانداشلىرى ئىچىدە خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە تۇرمۇشقا باشقىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان شائىر بۇ ئىشلارغا تازا ماسلىشالمىغان. بولۇپمۇ ئوغۇللىرىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېغىر قايغۇ ئېلىپ كەلگەن. ئۇ قايغۇلىرىنى مۇنداق مىسرالار ئارقىلىق ئىزھار قىلغان:

تاپىپ ئىكى ئوغۇل ئىكى ئانادىن،
ئاناسىن قويدۇمۇ، كەچتىم بالادىن.
ئاناسى ئەرگە تەگدى، ئوغلى ئۆلدى،
ئۆلۈپ ھەر ئىكىسى يەرگە كۆمۈلدى.
فىراقىدىن تولا دىۋانە ئېردىم،
ئۆزۈم ھۇشيار ئەمەس مەستانە ئېردىم.
گەھى خاتىرغە كەلسە بۇ ئوغۇللەر،
كۆزۈم دەريا، يۈزۈمنى ئەيلە بان بەر.
كۆڭۈل دەردىن كاغەز ئۈزە قىلىپ نەزم،
قىلۇر ئېردىم جۇدالىغ ئاچچىغىن كەزم.
گەھى قىلىپ فەلەكدىن ھەم شىكايەت،
غەزەللەر ئەيتۇر ئېردىم بىنىھايەت.

جەمئىيەتتە ۋە تۇرمۇشتا تارتقان ئەزىيەتلىرى شائىرغا قاتتىق كۆڭۈل ئازابى ئېلىپ كەلگەن. ئۇ زاماندىن قاتتىق نارازى بولغان، قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئىجادىي مېھنەتتىن كۆڭۈلگە تەسكىن بەرمەكچى بولغان، ھەمدە زاماندىن شىكايەت قىلغان. شائىرنىڭ ئىجادىيەت يولى مۇشۇ ئاساستا شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان.

شائىر داستاندا يەنە، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى توغرىسىدا ئىخچام ۋە كونكرېت توختىلىدۇ:

دەر ئېردىم گەھى ـ گەھى بىر رۇبائى،
سالۇر ئېردىم تەخەللۇسغە بۇ «داغى».
كۆرەر ئېردىم تولا شائىر كىتابىن،
ئوقۇر ئېردىم ۋەرەقلاب بابۇ بابىن.
نەۋائى خەمسەۋۇ، بىدىل گۈلىستان،
ئىراقى سەئدىيۇ، جامى، نەيستان.
گەھى سايىب، گەھى نازىم، گەھى خاك،
گەھى ھافىز، گەھى تەنزىمى ئەفلاك.
ئالىپ مەزمۇنلارنى گاھى ـ گاھى،
قىلۇر ئېردىم ئانى فىكرەتگە راھى.

دەسلەپ شائىر «داغى» تەخەللۇسى بىلەن بىر مۇنچە غەزەل ۋە رۇبائىيلارنى يازغان، لېكىن يازغانلىرىدىن ئۆزى قانائەت ھاسىل قىلمىغان. شۇڭا كۆپ ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ، كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلغان ھەم بۇ ئىش بىلەن بىر قانچە يىلنى ئۆتكەزگەن. «گۈلزارى بىنىش» نى ئىجاد قىلغىنىچە شائىر 40 ياشتىن ئېشىپ، 50 ياشقا يېقىنلاپ قالغان ئىدى.

داستاندا «گۈلزارى بىنىش» نىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىمۇ خېلى تەپسىلىي يېزىلغان. بۇ ھەقتىكى مەزمۇنىنىڭ بىر قىسمى 1 ـ بۆلۈم 8 ـ ماۋزۇنىڭ ئاخىرىدا، يەنە بىر قىسمى بولسا 2 ـ بۆلۈم 4 ـ ماۋزۇنىڭ بېشىدا بېرىلگەن. بۇ تەپسىلاتلاردىكى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شائىر، «گۈلزارى بىنىش» نىڭ 2 ـ بۆلۈم 4 ـ ماۋزۇسىغىچە نەسرىي شەكىلدە ئىشلەنگەنلىكىنى، شۇنىڭدىن كېيىنكى قىسمى بولسا نەزمىيلەشتۈرۈلگەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتكەن. لېكىن بۇ مەسىلە ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش باشقا تېمىغا مەنسۇپ.

* *

يۇقىرىدىكىلەر «گۇلزارى بىنىش» تىكى ناقىس ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردۇر. دېمەك، داستاندا شائىر ھاياتىنىڭ ئۆچتىن ئىككى قىسمىغا يېقىن بىر بۆلىكى توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن. ئۇنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى يېڭىسار مەدرىسىسىدە بىر قېلىپتا ئۆتكەن بولسا كېرەك. «ناقىس» تەخەللۇسىنى «گۇلزارى بىنىش» تىن ئېتىبارەن قوللانغان ۋە «دىۋانى ناقىس» مۇ شۇندىن كېيىن ئىجاد قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسەرلىرى پۈتۈنلەي «ناقىس» تەخەللۇسى بىلەن تونۇلغان. بۇ نۇقتىنى «گۇلزارى بىنىش» تىكى شائىرنىڭ «ناقىس» تەخەللۇسى توغرىسىدىكى بايانلىرى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. «گۇلزارى بىنىش» تا شائىر داستاننى ئىجاد قىلىش ئالدىدىكى مۇشكۇلاتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەمتەرلىك بىلەن مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

دېدىم «ناقىس» قىلىپ بىر كۈن تەفەھھۇس.    كى مۇنداغ ئىش مىنىڭ كەلگەي قولۇمدىن،
دېگەچ «ناقىس» دىلىم بولدى كۇشادە،    ئازىپ تۇرسام ھەمىشە ئۆز يولۇمدىن.
ماڭا كىم ئېردى «داغى» دەپ تەخەللۇس،    يېتىشكەندەك ئېشەك، قالغاچ پىيادە.

بۇ مىسرالاردا شائىر ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى شېئىرلىرىغا «داغى» تەخەللۇسىنى قوللانغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تىلغا ئېلىش بىلەن، كېيىنكىلەرگە مۇھىم بىر يىپ ئۇچىنى قالدۇرغان. بۇ يىپ ئۇچى ئارقىلىق، ئاۋۋال «دىۋانى ناقىس» ۋە «ناقىس» تەخەللۇسلۇق شېئىرلارنىڭ «گۇلزارى بىنىش» تىن كېيىن يېزىلغانلىقىنى، ئاندىن، شائىرنىڭ «گۇلزارى بىنىش» تىن بۇرۇن يېزىلغان «داغى» تەخەللۇسلۇق شېئىرلىرىنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئەگەر شائىرنىڭ «داغى» تەخەللۇسى بىلەن يېزىلغان شېئىرلىرى ھەقىقەتەن بايقىلىپ قالسا، بۇ ناقىسنى تەتقىق قىلىشتا شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا زور ئۇتۇق ھېسابلانغان بولاتتى.

ئىلاۋە: «گۇلزارى بىنىش» تىن كېيىن ناقىس ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يېڭىسار مەدرىسىسىدە ئىشلىگەنلىكى توغرىلىق ئىناۋەتلىك تەپسىلىي ماتېرىيال مەلۇم ئەمەس. شۇنىسى ئېنىقكى ناقىس يېڭىسار مەدرىسىسىدە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيىلىگەن. ناقىسنىڭ كۈيئوغلى ۋە ۋارىسى مەسۇم ئاخۇن داموللام ئەنە شۇلارنىڭ بىرى بولۇپ «گۇلزارى بىنىش» تاماملانغاندا بۇ زات 4، 5 ياشلاردا ئىدى. (1885 ـ يىلى تۇغۇلغان) مەسۇم ئاخۇن داموللامنىڭ سابىر ئاخۇن مەخسۇم ئىسىملىك ئوغلى (ناقىسنىڭ قىز تەرەپ نەۋرىسى 1925 ـ يىلى تۇغۇلغان) ۋە مىجىت سابىر ئىسىملىك نەۋرىسى بولغان (مىجىت سابىر ھازىر قەشقەر گىئولوگىيە 2 ـ چوڭ ئەترىتىدە ئىشلەيدۇ).

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. «بۇلاق»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل 4 ـ سان، 1990 ـ يىل 1 ـ سان.
2. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامەيەندىلەر»، ئىمىن ئەخمىدى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىل.
3. «قەشقەرىيە»، ئا • ن • كوروپاتكىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.
4. «تارىم غۇنچىلىرى»، 1997 ـ يىل 5 ـ سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سائەتنامە ھەققىدە

## پەردە ئىمىن

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن يىللىق پارلاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە خەلق. تارىخنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە ئۇيغۇرلار شۇ دەۋرگە مۇناسىپ مول مەدەنىيەت غەزىنىلىرىنى ياراتقان. بۇ مەدەنىيەت غەزىنىلىرى بىر ياكى بىر نەچچە تۈر ۋە خىل بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ بەلكى ئۇلار ناھايىتى مول خىلمۇ - خىللىقتا ۋە رەڭگا - رەڭلىكتە ئىگە.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق مەدەنىيەت غەزىنىلىرى شېئىرىيەت، داستانچىلىق، ھېكايە - رومانچىلىق، ناخشا - مۇزىكا، ئۇسسۇل قاتارلىق ساھەلەردە غايەت يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈش بىلەن بىللە تارىخچىلىق، تىبابەت، بىناكارلىق ... ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قانچە ساھەلەردىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە كامالەتكە يەتكەن.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، دېگەندە يۇقىرىدا ئاتاپ ئۆتكەنلەر يەنە كەملىك قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆز دەۋر - شارائىتلىرىغا مۇناسىپ ھالدا پەلسەپىۋى كۆز قاراشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر شائىر ۋە يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە مەلۇم ۋاستىلەر ئارقىلىق بولسىمۇ، ئۆز خەلقىگە ۋاكالىتەن بەلگىلىك دۇنيا قاراشلىرىنى بايان قىلغان. بۇ خىل قاراشلار ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان شارائىت ۋە ئورۇن توغرىسىدىكى تونۇشلىرىنى (تەبىئەت، جەمئىيەت قارىشىنى) خېلى مۇكەممەل دەرىجىدە، خېلى ئىلمىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇيغۇرلار دۇنيانىڭ ھالىتى توغرىسىدا خېلى ئىجابىي پىكىرلەرنىمۇ بايان قىلالىغان ئىدى. ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئۇلار يەر يۈزىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشىنىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئاسمان جىسىملىرىنى بىلىشكىمۇ قىزىققان. شۇنداق قىلىپ مەخسۇس ئاسمان ھادىسىلىرىنى كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر — مۇنەججىملەر ئوتتۇرىغا چىققان. دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئاسترونومىيە ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغان. ئاسترونومىيىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا بىر جەھەتتىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجى تۈرتكە بولغان. ئەينى چاغدا ئاسترونومىيە ئىشلەپچىقىرىشنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن ۋە شۇ ئاساستا ئۆزىمۇ توغرا يۆنىلىش بويىلاپ راۋاجلانغان: خۇددى ئەدەبىيات، تارىخ، تېبابەتچىلىك ...... لەرگە ئوخشاش ئاسترونومىيىمۇ كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ قالغان. ھەتتا كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئاسمان جىسىملىرى بىلەن تەقدىرداش دەپ قارىغان. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھەر بىر ئىشتا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن ھەربىي ئىشلار، مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى ۋە توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىغىچە بەلكى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى بارلىق ئىشلاردا ئاسمان جىسىملىرىنىڭ رايىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان بولۇشقان. بۇ ئىشلار، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرىدا تەبىئەتنىڭ (ئاسمان جىسىملىرىنىڭ) قانۇنىيەتلىرىگە قاراپ ئىش قىلىش بىر خىل ئىلمىيلىك ۋە ئىلغارلىق. لېكىن گەپ قانۇنىيەتلەرنى توغرا ئىگەللەش ياكى توغرا ئىگەللىيەلمەسلىكتە ئىدى.

ئۇيغۇرلار ئەينى ۋاقىتلاردىلا ئادەمنىڭ تەبىئەت بىلەن چەمبەرچەس باغلانغانلىقىنى، ئادەم، تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، بۇنى ئېتىراپ قىلماي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى،

ھەر قانداق ئىشتا تەبىئەت قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەنگەن. پەلسەپە نۇقتىسىدىن ئېيتقانداق بۇ خېلى مۇكەممەل بولغان ماتېرىيالىستىك ئۇقۇم. پەلسەپە ھەر خىل كونكرېت ئىلىملارنىڭ يىغىنچاقلىنىشى ۋە خۇلاسىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاسترونومىيىنىڭ تەرەققىي قىلىشى پەلسەپەدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئاسمان جىسىملىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر ئازدۇر - كۆپتۇر، ئەينەن ياكى بۇرمىلانغان ھالدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرىدا ئەكس ئەتكەن.

ئاسترونومىيە دېگەندە، ھازىرقى ئاسترونومىيە ئىلمى بىلەن قەدىمكى زامان ئاسترونومىيىسى — ئىلمي نۇجۇم، تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. قەدىمكى زامان ئاسترونومىيىسى، ئىلمي ئىسپات يېتەرسىز بولغان بىۋاسىتە كۆزىتىش خاراكتېرلىك ساددا بىر ئىلىم. تارىخنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئۇ كۆپىنچە ۋە ئومۇمەن دىنىي ئەقىدىلەر بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ. ئۇ گەرچە ئاسمان جىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئورۇنلىنىش تەرتىپلىرى، ھەرىكىتى ۋە ئۆزگىرىش ھالەتلىرى توغرىسىدا خېلى قايىل قىلارلىق مەلۇماتلارنى بەرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى توغرا چۈشىنەلمىگەن ۋە چۈشەندۈرەلمىگەن. ئاقىۋەتتە دىندىن چىقىش يولى ئىزدەشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ئەھۋال ھەممە يەردە، ھەممە ساھەدە دېگۈدەك شۇنداق بولغان. بولۇپمۇ دىن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان فېئودالىزم جەمئىيىتىدە ئۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەلسەپەمۇ كۆپىنچە دىن بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولاتتى. ئاسترونومىيە ئىلمى بولسا ئۆز رولىنى دىنغا خىزمەت قىلىش تەرەپكە توغرىلىغان بولۇپ، فېئودال ھۆكۈمرانلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇنغان ۋە كۈچەيتكەن. نەتىجىدە ئاسترونومىيە ئىلمى - ئىلمي نۇجۇم، ئۆزگە نۇرغۇنلىغان بىمەنە تەبىرلەرنى چېتىشتۇرۇپ، كۆپ ھاللاردا ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورال بولماي، بەلكى كىشىلەرنىڭ پۈت - قولىنى چۈشەپ قويىدىغان چۈشەككە ئايلىنىپ قالغان. ھەتتا بەزى كىشىلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئادەملەرنىڭ تەقدىرى، بەخت - تەلەي، بالا - قازا توغرىسىدا خىلمۇ خىل ئەپسانىلەرنى توقۇپ چىقىپ، باشقىلارنى كولدۇرلاتقان ۋە قاقتى - سوقتى قىلغان. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش مۇھىمكى، ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ ئەنە شۇنداق خۇنۈكلىشىپ كېتىشىگە قارىماي بەزى ئىرادىلىك كىشىلەر بۇ ئىلىمنى ھەقىقىي ئۆز مەنىسى بويىچە راۋاجلاندۇرۇشقا تىرىشقان ئىدى. بۇنداق كىشىلەر بولسا ئەينى ۋاقىتتا خىلمۇ خىل بەتناملار بىلەن چەتكە قېقىلاتتى.

قەدىمكى ئاسترونومىيىنىڭ ئەھمىيەتلىك تەرەپلىرى بولسا، كېچە - كۈندۈزنىڭ ۋاقىتلىرى، يىلنىڭ پەسىللىرى، قىشلىق ۋە يازلىق كۈن - تۈننىڭ مىقدارى، يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ ناملىرى، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ (مەسىلەن، ئاينىڭ) ھەرىكىتىنىڭ يەرگە، ئىنسانلارغا بولغان تەسىرى قاتارلىق تەرەپلەر بولۇپ، بۇلار بىر قەدەر ئىلمىيلىققا ئىگە.

تۆۋەندە بىز كۆپچىلىككە سۇنماقچى بولغان «سائەتنامە» ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسترونومىيىگە ئائىت بولغان بىر يازما يادىكارلىقى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن تەرەپلەر گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

«سائەتنامە» (ۋاقىت كىتابى) ئەسلىدە بىر پارچە پالنامە خاراكتېرلىق رىسالە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى يازما ئەسىرى «ئېرىق پۈتۈك» كە شەكىل جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن «ئېرىق پۈتۈك» تە ئادەملەرنىڭ چۈشىگە ھېچبىر ئاساسسىز ھالدا تەبىر بەرسە، «سائەتنامە» دە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كىشىلەرنىڭ ئىش

www.uyghurkitap.com



ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى تەرتىپكە سالغۇچى ئاساس قىلىپ كۆرسەتكەن. ئەنە شۇ مەقسەتنى چىقىش قىلىپ، بۇ رىسالىدە ئەينى ۋاقىتنىڭ سەۋىيىسى بويىچە مەلۇمات بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا كۈن تۇتۇلۇش، ئاي تۇتۇلۇش، يەر تەۋرەش ۋە بۇلارنىڭ ئادەملەرگە بولغان تەسىرى ۋە باشقا تەبىئەت ھادىسىلىرىگە بولغان تەسىرى توغرىسىدا كىشىلەرگە خەۋەر بەرگەن. رىسالىدە ئومۇمەن ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى بارلىق چوڭ ۋە كىچىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى دىگۇدەك تىلغا ئېلىپ، بۇنداق ئىشلاردا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش، نېمىلەردىن ساقلىنىش توغرىسىدا ئەسكەرتكەن.

«سائەتنامە» دە بىر يىلدىكى ئون ئىككى ئاينى، ھەر بىر ئاينىڭ ھەر بىر كۈننى، ھەر بىر كۈننىڭ كېچە - كۈندۈزلۈك ھەر بىر ۋاقىتلىرىنى، يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتى بويىچە يىلنىڭ تۆت پەسىلگە قاراپ ئايرىغان. رىسالىدە يۇلتۇزلارنىڭ ناملىرى، ئاي ۋە پەسىللەرنىڭ ناملىرى ساپ تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىدا قوللىنىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئەسىرلىرىدە قوللىنىپ كەلگەن ۋە بىرلىككە كەلگەن ناملىرى بىلەن يېزىلغان. رىسالىدە، يۇلتۇزلار ھەرىكىتىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپلىرى ۋە كېچە - كۈندۈزدىكى ھەرىكەت دائىرىسى خېلى كەسكىن ھالدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇنى شۇ ساھەنىڭ ئەھلى بولغان كىشىلەرنىڭ تەتقىق قىلىپ، يەكۈن چىقىرىشىغا سۇنماقچى ۋە شۇنداق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

رىسالىدە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەت دائىرىلىرى خېلى كەڭ كۆلەمدە ئېچىپ بېرىلگەن. بولۇپمۇ دېھقانچىلىق (زىرائەت قىلماق)، بىناكارلىق (ئىمارەت قىلماق)، سودا - سېتىق (تىجارەت، ئېلىپ - سېتىش)، ساياھەت ئىشلىرى (سەپەر قىلماق) قاتارلىق ئىشلار كۆپرەك تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا سىياسىي ئىشلار (پادىشاھلارغا مۇلاقات بولماق)، ئىلىم - پەن، مائارىپ ئىشلىرى (كىتابەت قىلماق، ئىلىم ئېپتىدا قىلماق) ۋە ھەربىي ئىشلار (غازات قىلماق) قاتارلىقلارمۇ كۆپرەك سۆزلىنىدۇ. مۇنداق ئىشلاردا «مۇلاھىزە قىلىپ، ئېھتىيات قىلماق بىسيار لازىم» دەپ تەكىتلىنىدۇ. بۇلاردىن بىز بۇ ئىشلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئىشلار ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بۇ تەرەپلەر بىزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ھاياتىنى ئۆگىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

ئۇندىن باشقا رىسالىدە بىر ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە تۇغۇلغاندىن كېيىن پۈتۈن ھاياتىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك تىلغا ئېلىنغان. يەنى، بىرەر ئىشنى باشلاش (ئىش ئېپتىدا قىلماق)، نىكاھ قىلىش، ئوۋ ئوۋلاش (شىكار قىلماق)، دەرەخ تىكىش، كۆل، ئېرىق، قۇدۇق قېزىش، دورا ئېچىش، قان ئالدۇرۇش، كۆڭۈل ئېچىش شۇنىڭدەك تەھلىل ۋە تەتقىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش (فەراسەت قىلماق ۋە تەدبىر مەسلىھەت قىلماق) قاتارلىقلار. بۇلار بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش مەشغۇلاتلىرىنى گەۋدىلەندۇرۇپ، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىدىن بىزنى خەۋەرلەندۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىم زامانلاردىن تارتىپلا روھلۇق، جۇشقۇن ۋە خۇشخۇي بىر خەلق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىپ، پاراۋان تۇرمۇش يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەم روھىي تېتىكلىكنى سۆيىدىغان (ئىشرەت، مۇھەببەت، شادىمانلىق)، تەبىئەت مەنزىرىلىرىگە زوقمەن ۋە ئۇنىڭدىن ھوزۇر ئېلىشنى بىلىدىغان

(شكار ۋە سەيرى - سەھرا) كىشىلەر ئىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئومۇمەن يۇقىرىقى تەرەپلەر بىزنىڭ ئۆتكەن زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھاياتىنى بىلىشى ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ.

رىسالىدە ھەر بىر مەزمۇن دىنىي چۈشەنچىلەر بىلەن تەمىنلەنگەن. شۇنداق قىلىپ رىسالە قىسمەن دىنىي دەستۇر (مەسىلەن، پەنجشەنبە كۈنى دۇئا ۋە مۇناجات، تەلەپ ۋە ھاجات ۋە زىكرى تائەت ۋە تەھسىل مىرادات ۋە ھەل مۇشكىلات كۈنىدۇر ...... ۋە باشقىلار) ۋە قىسمەن تۇرمۇش دەستۇرى بولۇپ چىققان، بۇ جايلىرىدىن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى يەنى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دىنىي ئەقىدىلەر بىلەن ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىنىڭ پەرقى ياكى بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلاشمىلىرىنى چېلىقتۇرۇشىمىز مۇمكىن. لېكىن رىسالە ساپ ئىسلام دىنى مۇھىتىدا يېزىلغان.

رىسالىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئورۇن، ئاياللار توغرىسىدىكى سۆزلەر بولۇپ، بۇ بىر نەچچە ئورۇندا تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇنى بىر نەچچە تۈرلۈك مۇلاھىزە قىلىش مۇمكىن. ئۆز زامانىسىدا ئۇيغۇر ئايالىرىنىڭ جەمئىيەتتە خېلى دىققەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك ئورنى بار ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىش مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئايالارنىڭ ئەرلەر بىلەن تەڭ ئورۇندا بولماي، جەمئىيەتتە بەلگىلىك دائىرىدە چەكلەنگەنلىكىنى (مەسىلەن، «جۈمئە كۈنى خاتۇنلەر سۆھبىتى كۈنىدۇر» دېگەندەك) ، باشقا كۈنلەردە ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىش ياخشى ئەمەس، دەپ قارىلىدىغانلىقىنى ياكى بولمىسا ئۆز زامانىسىدا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قەدر - قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇلارغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىنى (مەسىلەن، «ئازىنە كۈنى يەر تەبرەسە پادىشاھلارغە، ئاياللارغە ئاغرىق بولغاي» بۇ يەردە پادىشاھلار بىلەن ئاياللار بىر ئورۇندا قويۇپ سۆزلەنگەن) چۈشىنىش مۇمكىن. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، رىسالىدە ئاياللار ئۈچۈن ئورۇن بېرىلگەنلىكى، شۇ دەۋر ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ جەمئىيەتتە دىققەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەندىن باشقا تەرەپلەرمۇ، مەسىلەن، يەر تەۋرەش، ئاي تۇتۇلۇش، كۈن تۇتۇلۇش قاتارلىقلار ......... رىسالىدە خېلى سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. لېكىن بىز بۇ يەردە رىسالىنى تەتقىق قىلىشنى ئەمەس، بەلكى ئۇنى كۆپچىلىككە تاپشۇرۇشنى مەقسەت قىلغاچقا، بۇ توغرىدا ئارتۇق توختالمىدۇق.

«سائەتنامە» بىر كونا قولىيازما بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە «ئاشپەزلىك رىسالىسى»، «مىلتىق رىسالىسى» دېگەن قولىيازمىلار بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر كىچىك كىتابچە قىلىپ تۆپلەنگەن. كىتابنىڭ قەغەزلىرى ناھايىتى كونىراپ كەتكەن ۋە بەزى جايلىرى سۇنۇپ كەتكەچكە تېكىستتىكى بەزى ئورۇنلار كېمىيىپ قالغان. «سائەتنامە» رىسالىسىنىڭ ئاخىرقى قىسمى بولسا يوقالغان.

رىسالىدە بەزى ئاتالغۇلار ئەرەب تىلىدا يېزىلغاندىن باشقا، قالغان سۆزلەر پۈتۈنلەي يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. شۇنداقلا رىسالىنىڭ تىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا خېلىلا يېقىن. خېتى رەتلىك ۋە چىرايلىق، ھەر بىر ماۋزۇ ۋە ئابزاسىنىڭ باش جۈملىسى قىزىل سىيا بىلەن يېزىلغان. ھەر بىر يېڭى مەزمۇن يېڭى قۇردىن باشلانغان.

رىسالىدە ئاپتورنىڭ ئىسمى ۋە نەدە يېزىلغانلىقى توغرىلىق ھېچنەرسە يوق. يېزىلغان ۋاقتى توغرىلىق ھەم قانائەتلەنگۈدەك مەلۇمات يوق. مۇقاۋىنىڭ ئىچىدە: «تارىخقا بىر مىڭ ئۈچيۈز يىگىرمە بەشدە بارس يىلى قىلىنغان خەت» دېگەن يېزىق بار. يەنە بىر ئايرىم ۋاراقتا:

«ۋاڭشۈي خانىنىڭ (گۇاڭشۈي خان بولسا كېرەك) ئوتتۇزى ...... يىگىرمە سەككىزى» دېگەن خەتلەر ۋە شۇ ۋاراقنىڭ كېيىنكى بېتىدە: «يۇردۇم ئالەمنى كەزدىم، سورادىم بارچە دە غەم بار، غەمسىز ھىش ئادەم يوق، ياراتقان خۇدايىم بار» دېگەن خەتلەر يېزىلغان. بۇ خەتلەر باشقا بىرەر كىشىنىڭ كىتابنى كۆرۈش جەريانىدا يېزىپ قويغان خەتلىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ خەتلەر بىلەن رىسالىدىكى خەتلەرنىڭ پۇچۇركىسى ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭغا قاراپ بۇ خەتلەرنى باشقا كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ تەخمىن قىلدۇق. شۇنداق قىلىپ بۇ رىسالىنى بۇندىن 80 ـ 90 يىللار ئىلگىرى يېزىلغان ئەسەر بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن خېلى يىللار بۇرۇنقى ئەسەر بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايمىز. كىتابنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىمۇ بۇ پىكرىمىزنى تەستىقلايدۇ. چۈنكى كىتابنىڭ مەزمۇنى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى پائالىيەتلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. ھالبۇكى بۇندىن 80 ـ 100 يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرلار خېلى يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئىدى. يەنە بىر تەخمىنىمىز، بۇ رىسالە بۇندىن خېلىلا يىللار بۇرۇن ۋۇجۇدقا كېلىپ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا قەغەزگە چۈشۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن ياكى قەدىمكى نۇسخىلارنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن رىسالىنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر يازما يادىكارلىقى، بىر ئىلمىي ئەسەر، دەپ ھېسابلاشقا ئەرزىيدۇ.

مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 31 ـ بېتىدە «سائەتنامە» نىڭ تولۇق تېكستى بېرىلدى.

## 2 ـ سانغا تۈزىتىش

| بەت | يۇقىرىدىن (– قۇر) | تۆۋەندىن (– قۇر) | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| 5 | 3 | — | ئەلدۇلغەفۇر | ئەبدۇلغەفۇر |
| 5 | — | 6 | ئۆز | ئۆز |
| 5 | — | 8 | سەلتمت | سەلتەنەت |
| 9 | 20 | — | خۇداۋەندان | خۇداۋەندى جەھان |
| 9 | — | 1 | يېزىپ چىقىش لايىق كۆرۈلدى ۋە تۈغلۇق تېمۇر كۆرۈلدى ۋە تۈغلۇق تېمۇرخاندىن ئىلگىرى | يېزىپ چىقىش لايىق كۆرۈلدى ۋە تۈغلۇق تېمۇرخاندىن ئىلگىرى |
| 11 | 2 | — | سېنىڭدۇر | سېنىڭ دەردۇ |
| 13 | — | 9 | ئىشتىسەڭ | ئىشەنسەڭ |
| 17 | — | 5 | كۆرىكى | كۆردىكى |
| 20 | — | 10 | بايەزىت | بايەزىد |
| 20 | — | 15 | چاقبۇلاق | خانبۇلاق |

يەنە 14 ـ ۋە 15 ـ بەتلەردە كۆرۈلگەن «پولاچى» دېگەن سۆزنى «بولاچى» دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشقىڭىزلارنى سورايمىز.

# قەدىمكى كۇسەننىڭ ئاھالىسى توغرىسىدا

رەيھانگۈل قۇربان

ئاتاقلىق ئالىمىمىز — ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن: «كۇسەن - تەكلىماكان قۇم دېڭىزىدا خۇددى ئېگەي دېڭىزى قىرغىقىدىكى ئافىنا شەھىرىدەك قەدىم - قەدىم زامانلاردىلا (شەھەر قەلئە دۆلەتلىرى) سۈپىتىدە قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، كۇسەننىڭ شەھەر نامى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردىن ئىلگىرىكى خەن سۇلالىسى تارىخىدا، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردىن ئىلگىرىكى ھىندىستاننىڭ ئاسوكا خانلىقى مەنبەلىرىدە مەۋجۇد ئىدى. بۇ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 356～323 - يىللاردىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان ۋاقتىدا كۇسەن دۆلىتىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كۆرسىتىدۇ ۋە مەلۇم مەنىدە كۇسەن شەھىرىنىڭ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمىي شەھەر قەلئەلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ.

200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئۇيغۇرشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ نۇرغۇنلىغان ئالىملىرى قەدىمكى غەربىي يۇرتنىڭ جۈملىدىن كۇسەننىڭ ئاھالىسى ئۈستىدە يەنى ئۇلارنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى، تىل - يېزىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

شى شۇاڭفاڭ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1999 - يىل، 17 - ئاۋغۇستتىكى سانىدا ئېلان قىلغان، «قەدىمكى جۇڭگودىكى ئاق تەنلىكلەر ۋە نېگىرلار» ناملىق ماقالىسىدە: «قەدىمكى جۇڭگودا ئاق تەنلىكلەر بارمۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلىنى ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ۋە ئانتروپولوگىيە ساھەسىدىكىلەر تىنىماي مۇنازىرە قىلىپ كەلدى. ئىلگىرى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىلىرى قەدىمكى جۇڭگودا ئاق تەنلىكلەرنىڭ ياشىغانلىقىغا گۇمانىي ۋە ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ كەلگەنىدى. بىراق، ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرگۈچىلەرمۇ بولدى. مەسىلەن، تاڭ شيېنچۈن ئەپەندى ‹قەدىمكى ياۋچىلار (ئۇلۇغ ياۋچىلار يەنى تۇخارلار) بىلەن كۇسەنلىكلەر ئوخشاشلا ساكلاردۇر، چۈنكى ساك تىلىدا كۇسەن (kutsi) ئاق رەڭنى بىلدۈرىدۇ. ياۋچى بىلەن كۇسەن دېگەن سۆزلەر يىلتىزداش بولۇپ، بۇ خىل مىللەت ناملىرى تېرە رەڭگىدىن كەلگەن، دەپ قارىدى. مەشھۇر ئانتروپولوگ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىن خەن كاڭشىن ئەپەندى نەچچە ئون يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئاخىر بۇ مەسىلىنى تولۇق ھەل قىلىپ، ‹قەدىمكى جۇڭگودا ھەقىقەتەن ئاق تەنلىكلەر ياشىغان، دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى» دەپ كۆرسىتىدۇ.

سۇ بىخەي كۇسەن خان جەمەتىدىكى بەي فامىلىلىكلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈستىدە توختىلىپ: «شەرقىي خەن دەۋرىدىكى پۇسپاكېت (pudnakte 白霸) تىن تارتىپ، تاڭ دەۋرىدىكى پۇسپاخۇەن (白环) گىچە بولغان 800 يىل جەريانىدا كۇسەن خانلىقىغا بەي فامىلىلىكلەر ۋارىسلىق قىلغان. ئەمما، بەي فامىلىلىكلەر يالغۇز خان جەمەتىدىكىلەر بىلەنلا چەكلەنمىگەن. يېزىدىكى دېھقانلار، زىيالىيلار، ئىشچىلار، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان

يەرلىكلەر، سودىگەرلەر ئارىسىدىمۇ كۆپ بولغان»: «مىنىڭچە، كۆسەندىكى بەي فامىلىلىكلەرنىڭ نامى بۆكۈ (仆骨) لەرنىڭ نامىدىن كەلگەن. بۆكۈلەر قەدىمدە قىسقارتىلىپ بەي (白) دەپ تەلەپپۇز قىلىنىاتتى، بەي، (仆) بۇ ئىككى خەتنىڭ تەلەپپۇزى ئوخشىمايدىغان ئاھاڭداش سۆزلەر ئىدى. ھازىرقى كۇچا ئەتراپىدىكى بۆگۈر ناھىيىسىنىڭ نامىمۇ بۆكۈلەرنىڭ نامىدىن كەلگەن. كۆسەندە بەي فامىلىلىكلەرنىڭ نامىنىڭ كۆپ بولۇشى، ئاشۇ ۋاقىتلاردا كۆسەندە ئولتۇراقلاشقان بۆكۈلەرنىڭ ئادەم سانىنىڭ كۆپلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ» دەپ بايان قىلىدۇ. ئۇ شۇ ئەسىرىدە يەنە: «بىر قاتار تارىخي پاكىتتىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، مىلادى 840 ـ يىلى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى كۆپ ئەجدادلىرى ياشىغان. بەزىلەر ئېيتقاندەك ئۇلار تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىلا ياشىمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ غەربىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ چېگرىسى غەربتە ئالتۇن تاغ، (بۇغدا تېغى 金山) ياكى جۇڭغارىيە ئويمانلىقى بىلەن چەكلەنمىگەن، بەلكى سىر دەرياسىنىڭ شەرقى، ئىسسىق كۆل ھەمدە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىن تارتىپ، موڭغۇل دالاسىدىكى كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماي، ئالتاي تېغى ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقى، ھەمدە تارىم ئويمانلىقىغىچە يەتكەن» دەپ بايان قىلىدۇ. سۇ بىخەينىڭ يۇقىرىدىكى بايانىدىن تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار مىلادى 840 ـ يىلى موڭغۇل دالاسىدىن پانتېكىن باشچىلىقىدا غەربكە كۆچۈپ، تارىم ئويمانلىقى، جۈملىدىن كۆسەنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولماستىن، بەلكى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى كۆسەن خانلىقى قۇرۇلغان مەزگىلدىلا بۇ دىياردا ياشىغانلىقىنى، ھەتتا ئەنە شۇ ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقى ئەزەلدىن بىرى بولغان بۆكۈلەرنىڭ ئادەم سانىنىڭ خېلىلا كۆپ بولۇپ، ئۇلار 800 يىلدەك ئۇزۇن تارىخي جەرياندا ئۈزلۈكسىز كۆسەن خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

فرانسىيىلىك پېير دىليانوئا: «كروران گۈزىلى» ناملىق ماقالىسىدە: «بەزىلەر ئۇيغۇرلارنى يىلقىنى تۇنجى بولۇپ كۆندۈرگەن سىكىفلار (ساكلار) نىڭ ئەۋلادلىرى، دەپ ھېسابلايدۇ. سىكىفلار قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان بولۇپ، ئۇلار تارىخچى ھىرودوتقىمۇ مەلۇم ئىدى. II ئەسىردىكى ماكېدونىيىلىك داڭلىق جۇغراپىيىچى پتولومىي ئۆزىنىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدا تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا، قارا ـ قۇرۇم تاغ قايراقلىرىنىڭ جىلغىلىرىدا خائوران سىكىفلىرىنىڭ ياشايدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. پتولومىي باشقا سىكىفلەرنى تەكلىماكاننىڭ شىمالىغا ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقانلىقىنى يازغان» دەپ بايان قىلىدۇ. ئۇ يەنە توخارلار ئۈستىدە توختىلىپ: «XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربنىڭ ئارخېئولوگلىرى توخارلارنىڭ ھىندى ـ ياۋروپا تىلىدا يېزىلغان. قەدىمكى غەربىي ياۋروپادا ياشىغان كېلتىسلارنىڭ تىلىغا يېقىن كېلىدىغان توخارچە بۇددا دىنىي ۋەسىقىلىرىنى يېشىپ، تىل ـ يېزىقىنىڭ مەنبەسىنى بېكىتىپ، ھېچبولمىغاندا، مىلادىيەدىن كېيىنكى VII ئەسىردىكى توخار — ئۇيغۇرلار تىل ـ يېزىقىنىڭ، توخار — ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن دەۋرنىڭ مەھسۇلى، دەپ قارىدى» دەپ بايان قىلىدۇ.

ئابلەت نۇردۇن «جۇڭگو ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخي تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلغان «غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش ـ يۆتكىلىشلىرىدىن ئەينى چاغدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە نەزەر» ناملىق ماقالىسىدە: «مەملىكىتىمىزنىڭ شىيا، شاڭ ۋە غەربىي جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، ھازىرقى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدا زادى قانداق ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ ياشىغانلىقى ھەققىدىكى تارىخي مەلۇماتلار ئىنتايىن كەم. لېكىن، مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى بىر مۇنچە تەتقىقاتچىلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاھالىسى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، يەنى قەدىمكى

سەكيان رايونىدىن كۆچۈپ كەلگەن ۋە شەرقىي ئىران تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان ئايرىم ساك ئۇرۇقلىرى بىلەن قان - قېرىنداش بولغان ئارىئانلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ۋاڭ شياۋ پۇ ئەپەندى بۇ توغرىلىق: «ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا، ئاساسلىقى، ھىندى ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ئۈچ مىللەت، يەنى ساكلار، ئۈيسۇنلار، تۇخارلار دەۋرنىڭ ئۆتۈشىگە ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ساكلاردا شەرقتىن غەربكە كۆچۈش يۈزلىنىشى كۆرۈلگەن»، دەپ ئېيتىدۇ. يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، كۆپلىگەن ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلار ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ رايونىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ساكلار قوۋمىغا تەئەللۇق، دەپ مۇئەييەنلەشتۇردى» دەپ بايان قىلىدۇ.
يۇقىرىدىكى باياندىكى تۇخارلار غەربىي يۇرتنىڭ 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت جەريانىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سودا، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان كۇسەن خانلىقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى خەلقى، شۇنداقلا تۇخار - كۇسەن تىل - يېزىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى، شۇ ئاساستا خىلمۇ خىل مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان خەلق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ساك، ئۈيسۇنلار بولسا ئوخشاشلا تۈركىي خەلق بولۇپ، ئۈيسۇنلار كۇسەندە ساكلارغا قارىغاندا ئانچە كۆپ ئولتۇراقلاشمىغان ۋە كۇسەندە ياشىغان ۋاقتىمۇ ساك تۇخارلاردىن كېيىن، ئەمما كۇسەن خانلىقى بىلەن ئۈيسۇنلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەرگىچە قويۇق ئىقتىسادىي ۋە سودا مۇناسىۋەتتە بولۇپ تۇرغان.
«قەدىمكى كۇسەن تارىخى» ناملىق ئەسەردە: «شىنجاڭ زېمىنىدىكى برونزار قوراللار مەزگىلىدىكى ھەر قايسى مەدەنىيەت خارابىلىرىنىڭ ھەممىسىدە شەرق تىپى مەدەنىيىتى بىلەن غەرب تىپى مەدەنىيىتى مۇجەسسەملەشكەن ئالامەتلەر بولۇپ، بۇ خىل ئالامەتلەر قەدىمكى كۇسەن رايونىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، بىز تۆۋەندىكىدەك ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشقا ھەقلىقمىز: ‹شەرق تىپى مەدەنىيىتى غەربكە كېڭەيگەن›، ‹غەرب تىپى مەدەنىيىتى شەرققە كېڭەيگەن› بىر پەيتتە، قەدىمكى كۇسەن رايونىدا ئىككى خىل مەدەنىيەت سىڭىشىشكە باشلاپ، شۇ ئارقىلىق قەدىمكى كۇسەن رايونىنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن. مەدەنىيەتنى ئىنسانلار بەرپا قىلىدۇ. ئىككى خىل مەدەنىيەت ئىككى خىل قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، يەنى شەرق ئاھالىلىرى بىلەن غەرب ئاھالىلىرى ئوخشاشلا برونزا قوراللار مەزگىلىدە قەدىمكى كۇسەن رايونىغا كىرگەن بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئارا ئارىلىشىپ، بىللە مېھنەت قىلىپ، قەدىمكى كۇسەن خانلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىسىنى شەكىللەندۈرگەن» دەپ بايان قىلىنىدۇ.
دۇنيا خەرىتىسىگە قارىغىنىمىزدا كۆزىمىزگە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ياۋرو - ئاسىيا قۇرۇقلۇقى چېلىقىدۇ. بۇ قۇرۇقلۇقنىڭ مەركىزىنىڭ شەرقىي شىمال بۆلۈكىگە دۇنيادىكى قەدىمكى مەدەنىيەت مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولغان غەربىي يۇرت جايلاشقان. غەربىي يۇرتنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا، تارىم ئويمانلىقىدىكى خۇددى كۆكتىكى يۇلتۇزلاردەك كۆز چاقنىتىدىغان بوستانلىقلار ئىچىدە كىشىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىدىغان كۇسەن بوستانلىقى جايلاشقان.
مورگان «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق ئەسىرىدە: «نەۋائى ئىنسانلارنى بىر مەنبەدىن ئايرىدە بولغان دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ ھالدا ئاسىيا قىتئەسى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپتە ئايرىدە بولغان ماكانى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قىتئەدىكى ئىرىق، ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ تۈرى ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن كۆپ ۋە مۇرەككەپ» دەپ بايان قىلىدۇ. ئىنسانلار مەدەنىيەت مەنبەلىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ھەممە ئامىللارغا ئېرىشكەندىلا ئاندىن مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. قەدىمكى كۇسەن خانلىقى غەربىي يۇرتنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلىشىشتىن سىرت، ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن ماكانلىششىغا باب كېلىدىغان ئەۋزەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

شارائىتى، خىلمۇ خىل ئىقتىدارلارنى يارىتىشىغا يار بېرىدىغان تەبىئىي بايلىقى، بۇ دىيارنى مۇشۇ دىياردا ئەڭ دەسلەپ تىرىكچىلىك قىلغان ئاھالىلەرنىڭ باشقا رايونلارغا تونۇتۇشقا تۈرتكە بولغان. بۇ دىياردا غەرب، شەرق مەدەنىيەت تىپىغا تەئەللۇق مەدەنىيەت مەنبەلىرىنىڭ برونزا قورااللار دەۋرىدە پەيدا بولۇشىدا ۋە شۇ ئاساستا ئىككى خىل ئىرقتا تەۋە ئاھالىنىڭ تەڭلا ياشىغانلىقى، دەل برونزا قورااللار دەۋرىگە تەۋە دەۋرلەردىن ئىلگىرى بۇ دىياردا ئادىمىزات ياشىمىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. چۈنكى، ساپالچىلىق ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى تۇنجى مەدەنىيەتنىڭ باشلىنىشى ئەمەسمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۆمۈر قورااللارنىڭ ئاپرىدە بولۇشىدۇر. قەدىمكى كۈسەن تەۋەسىدە ياسالغان، كونا ـ يېڭى تاش قورال دەۋرىگە شەرق ۋە غەرب تىپىغا مەنسۇپ ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنىڭ كۆپلەپ تېپىلىشى، بۇ دىياردا ئىككى خىل تىپقا تەۋە مەدەنىيەت، ئىككى خىل ئىرقتا تەۋە ئاھالىنىڭ ئۇلتۇراقلىشىشىدىن ئىلگىرىلا ئادىمىزات ياشىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈسەن خانلىقى ئىككى خەن دەۋرىدىلا تۆمۈر تاۋلاش ۋە تۆمۈر قورااللارنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئەتراپتىكى رايونلارغا ئىمپورت قىلىشتا نام چىقارغان ئەمەسمۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئىككى خىل مەدەنىيەت تىپىنىڭ برونزا قورااللار دەۋرىدە روشەن ئىپادىلىنىشى، كۈسەن دىيارىنىڭ ئەنە شۇ برونزا قورال دەۋرىدىلا شەرق ـ غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئاۋات شەھەرنىڭ بىرىگە ئايلانغانلىقىنى، بۇ خىل ھالەت كۈسەن خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

كۈسەندىكى ئەڭ قەدىمىي ئاھالە بولغان ساك، تۇخارلار — ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە هون، ئۇيسۇن قاتارلىقلار ئوخشاشلا تۈركىي خەلقلەر بولۇپ، ساك ۋە ئۇيغۇرلار — تۇخارلار بىلەن ئوخشاش ئىدى. پەقەت ئۇلار تارىختا بىرى كۆچەيگەندە يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىش ۋە بىرى بىرىنى قارام قىلىش بىلەنلا يىراقلىشىپ كەتكەن خالاس.

قەدىمكى كۈسەننىڭ يۇقىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئاھالىسىدىن باشقا چياڭ، تۇبۇت، قارا قىتان قاتارلىقلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار كۈسەن ئاھالىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدا ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان مىللەتلەردەك زور رول ئوينىيالمىغان. خەنزۇلارغا كەلسەك، ئۇلار شيا، شاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى بولغان دىڭلىڭ، دى، گۈيفاڭ قاتارلىق غەربىي شىمالدىكى ئۆزلىرىگە يېقىن قوشنىلىرى بىلەن تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، قەدىمكى كۈسەنلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 135 ـ يىلى جاڭ چيەننىڭ غەربكە ئەلچىلىككە بېرىشىدىن كېيىن باشلانغان. موڭغۇللارغا كەلسەك، ئۇلار پۈتكۈل ئاسىيا، ياۋروپاغا قەدەر كېڭەيمىچىلىك قىلغان، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلانغاندىن كېيىن كۈسەندە ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان ۋە كۈسەن ئۇلارغا بېقىنغان.

ئومۇمەن، شەرقتىن هون ئىمپېرىيىسى، چىن، خەن سۇلالىلىرىنىڭ غەربكە كېڭىيىشى ۋە غەربتىكى رىم (يۇنان) ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرققە كېڭىيىشى غەربىي يۇرت جۈملىدىن كۈسەندىكى ئاھالىلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبىدە ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ ۋە بۇ دىياردا شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتى مۇجەسسەملەشكەن تۈرلۈك مەدەنىيەت مەنبەلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كۈسەننىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاھالىسى بولغان ساك، تۇخارلار — ئۇيغۇرلار بۇ مەدەنىيەت مەنبەلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ھەمدە كېيىنكى كۈسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

«كۈسەن مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي قىممىتى»، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (ئۇيغۇرچە).
«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1999 ـ يىللىق 17 ـ ئاۋغۇستتىكى «قەدىمكى جۇڭگودىكى ئاق تەنلىكلەر (ئاخىرى 90 ـ بەتتە)










بۇلاق

源泉 (布拉克) (维吾尔文) 总 72 期 ( قوش ئايلىق ژۇرنال ) ئومۇمى 72 - سان

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE

新疆人出版社编辑出版 شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشرقىلدى
(乌鲁木齐市解放南路 348 号) (ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر )
乌鲁木齐市邮局发行 ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
中国国际图书贸易总公司国外发行 جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
全国各地邮局订阅 جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号: CN 65 - 1063 / I مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
本刊代号: 58 - 108 定价: 4.50 元 ۋەكالەت نومۇرى 108 - 58، باھاسى 4.50 يۈەن
ISSN 1005 - 0876 / 国外代号 Q1118 چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى Q 1118

ISSN 1005-0876

06>

9 771005 087006